# TANGRITAG

ئېرشكەن ژۇرنال



جۇتاۋ مۇختار، ھەسەن [illegible] ئالىم، قادىر جالالىدىنلارنىڭ ماقالىلىرى

ئۆمەر [illegible] كۆلى

ئىبراھىم مۇتىئى: مەن كۆرگەن [illegible]

ئادىل مىجىت: [illegible]

ھېلىمنىڭ ھامىسى

2000.2

天尔塔格

# تەڭرىتاغ

ISSN 1004-174

9 771004 174004



تالانتلىق نەسىرچى ۋە ئەدەبىي تەرجىمان ئەخمەت ئىمىن

2000.2

باش مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋىزۇللا

قانۇن مەسلىھەتچىسى: ئابلىمىت رەھىم

# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت ،
ياشلار ئالاھىدىلىكى ، مىللى ئۇسلۇب

تەھرىر ھەيئەتلەر:

ئازات سۇلتان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئەخمەت ئىمىن ، ئەكبەر ئىلى ، ئىمىن ئەھمىدى، بوغدا ئابدۇللا، مۇرات مەتنىياز ، مۇختار مەخسۇت ، مۇھەممەت پولات ، غوپۇر نۇر ، ھاجى قۇتلۇق قادىرى، ئوسمانجان ساۋۇت

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

E – mail:tangrtag@mail.wl.xj.cn

# مۇندەرىجە

## ماقالىلەر


زامانىۋى مەدەنىيەت قەسىرىدىكى كولدۇرما ئاۋازى.............. مۇختار مەخسۇت، ئابدۇقادىر جالالىدىن 43
ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ شېئىر توپلىمىغا كىرىش سۆز ........................ جۇ تاۋ 91
شېئىر ۋە شائىر ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز ........................ بوغدا ئابدۇللا 68
تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي قاراشلىرى ........................ ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت 83


## ھېكايىلەر


قۇيرۇق ھەققىدە ھېكايە ........................ نۇرمۇھەممەت توختى 4
دادا، توختاپ تۇرۇڭ ( مىكرو ھېكايە ) ........................ پەرھات ياسىن 82
قارلىغاچ ( مىكرو ھېكايە ) ........................ زۇلخۇمار ئۆمەر 69


## شېئىرلار


غەزەللەر ........................ ئىمىن ئەھمىدى 10
چۈشلەرگە ئوخشايدۇ، بىراق چۈش ئەمەس ........................ ئابلەت ئەسمەت 13


## پوۋېست


ھېلىمنىڭ ھامىمىسى ........................ ھۇسەيىن تاش 14


## چولپان


ئادىل مىجىت: كۆلكە سىرتىدا ........................ ۋەلى كېرىم 32


## ئەدىبلەر كۇلۇبى


نەسىرلەر ........................ ئەخمەت ئىمىن 46
نەسىرچىلىكىمىزنىڭ يېقىنقى تەرەققىياتى ۋە ئەخمەت ئىمىن ئىجادىيىتى ھەققىدە
قىسقىچە مۇلاھىزە ........................ باتۇر روزى 53



ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 ـ نومۇر
تېلېفون: 2818897 ، 2819490     پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدۇ
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە
تارقىتىدۇ (782 ـ خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 ـ 1012 /1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 ـ 52
پارچە سېتىلىشى: 4.40 يۈەن

# (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال )     ئومۇمىي 79 - سان


**ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق**

سائادەت جامال ، مۇتەللىپ ماڭسۇر( ئۇۋچى ) ، غەيرەت غوپۇر، ئۆمەرجان سىدىق ( مىسكىن )، ۋارىسجان قاسىم ، ئابلىكىم شىرزات ، غەيرەت ئابىت ........................................... 60

**كەچمىشلەر ۋە كەچۈرمىشلەر**

ئىبراھىم مۇتئى: مەن كەچكەن كېچىكلەر .......... ( خاتىرە ئەدەبىياتى )............ غەيرەتجان ئابىت 70

**سودا ھېكايىسى**

40 مىڭ يۈمىلىك بىر جۈملە سۆز ........................................ غوپۇر قادىر تەرجىمىسى106

**ستۇدېنتلار**

مەخپىي خاتىرىلەر ........................................ لەيلى 93

**نەسرلەر**

ھېكمەتلەر ........................................ يۇنۇس ئېلياس ئىدىقۇتلۇق 102

تاغدىن -باغدىن ........................................ ئەسقەر يۈسۈپ 100

نەسرلەر ........................................ ئابدۇرېشىت بارات ( ئويغاقى) 101

**مەشھۇر ئەسەرلەردىن بەھىرلەر**

سوكوت........................................ ئېدگار ئاللان پوئى ( ئامېرىكا ) ئەزىزى تەرجىمىسى 107

**ئەدەبىي ئۇچۇرلار**

ئەدەبىي ئۇچۇرلار........................................ 110



**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر**

**مۇھەررىرلەر: ئەكبەر سالىھ**

**سەنەۋەر ئۆمەر**

**ئالىم خالىدىن**

**مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت**

**گۈزەل -سەنئەت مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ**

**تارقىتىش خادىمى: ئىمىر ھەسەن**

# قۇيرۇق ھەققىدە ھېكايە

## ( ھېكايە)



### نۇرمۇھەممەت توختى

بۇ ھېكايىنى ئۆيىمىزگە قوي قىرقىغىلى كەلگەن بوۋاي سۆزلەپ بەردى. شۇ كۈندىن باشلاپ كۆڭلۈمگە جىن كىرىۋالغاندەك ۋەھىمە ئىچىدە قالدىم. جىن كۆڭلۈمگىلا ئەمەس ھويلىمىزغا، ئۆيىمىزگە، تاماق قاچىمىغا، يوتقىنىمىغا ھەتتا ئوقۇيدىغان كىتابىمغىمۇ كىرىۋالغاندەك قىلاتتى. پات ـ پات ئارقامنى ــ پەلـ لىكىمنى سىلاپ قوياتتىم. سىلاپ بولۇپ ئۇھ دەيتتىم. لېكىن كۆپ ئۆتمەي جىن يەنە پەيدا بولاتتى. ئاشۇ بېزىلىق بوۋاينىڭ قاتمال سىماسى بولسا كۆز ئالدىمدا جىلمىيىپ تۇراتتى. جىنىنىمۇ، بوۋاينىڭ سىماسىنىمۇ ھەيدىۋېتىشكە ئاجىز ئىدىم.

قىش كېتىپ باھار جاھاننى ئىللىتىشقا باشلىـ

غان، ھۆپۆپ كۇشۇلداپ ئەسكى تام ئۈستىگە قونغان، تام تۈۋىدە، كۆنگەيدە بولسا قىياقلار بىخ چىقارغان مەزگىل ئىدى. مەھەللىمىزدىن «قوي قىرقىيمەن، قوي، يۇڭ قىرقىيمەن، يۇڭ...» دەپ ۋارقىراپ بىر بوۋاي ئۆتۈپ قالدى. بىز بوۋاينى ئىككى تۇياق قويىمىزنى قىرقىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. ئورۇق، ياداڭغۇ، ئېگىز بويلۇق بوۋاي ئۆزىنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىنى قىرقىتماپتۇ. ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ چاڭگىللىشىپ كېتىپتۇ. كىيىملىرى تولىمۇ كونىراپ كېتىپتۇ. تىرىكچىلىك غەملىرى كۆلەڭگە تاشلىغان چىرايى قارىداپ، سولۇپ، كۆكچى قوغۇننىڭ تورىدەك قويۇق قورۇقلار بىلەن قاپلىنىپتۇ. لېكىن مەزمۇن ۋە تېمەن كۆرۈنەتتى.

ئۇ پاراڭچى ئادەمكەن، ھويلىمىزغا كىرە - كىرمەيلا جورىسىنىڭ ئالدىنقى يىلى قازا قىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇزاق ئۆتمەي ئىككى ئوغلىنىڭ يېزىدىن قېچىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەشكە ئۈلگۈردى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قوشنىسىنىڭ ئوغلىغا ئەگىشىپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ قانداق چاغدا ئۇچرىشىپ، قېچىپ كېتىشكە ۋەدىلەشكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ئىشتىن كېيىن «ئاشۇ باشلاپ كەتتى» دېگەن گەپلەر تارقىلىپتۇ. سېكرېتار ۋە ئەترەت باشلىقى ھوشيار بولمىغانلىقىغا، ئۇنىڭ قانداق چاغدا يېزىغا كېلىپ، قانداق چاغدا باشقىلارنى ئەگەشتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالغانلىقىغا كۆپ ئىزتىراپ چېكىشىپتۇ. بوۋايدىنمۇ سورۇشتۇرۇپتۇ. بوۋاي ئوغۇللىرىنىڭ كىمگە ئەگىشىپ كەتكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا بىلىپتۇ...

يوغان قايچىغا ئوخشايدىغان شوشاڭ «شارت - شۇرت» ئاۋاز چىقىراتتى. لېكىن ئۇزۇن - ئۇزۇندا بىر قېتىم ئاڭلىناتتى. قوينىڭ سارغايغان، پاختىلىشىپ جۇۋىدەك قېلىنىشىپ كەتكەن يۇڭلىرى پېشى قايرىپ قويۇلغان چاپاندەك قوي تېنىدىن ئاجرايتتى. شوشاڭنىڭ بىر تېغى قايتىدىن يۇڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرەتتى. شارتىلدىغان ئاۋاز يەنە ئاڭلىناتتى.

- سىلى «ئۇچات»قا بارغانمۇ؟ «كوھمارىم»نىڭ ئۇدۇلىدىكى قارىقاش دەرياسىنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى «ئۇچات»قا؟

بوۋاينىڭ سوئالىغا ھەيران ئىدىم. ئەمدى بۇ يەردە «ئۇچات» نېمىگە كېرەك؟

- بېرىپ باقمىغان، ئۆزلىرى «ئۇچات»لىقمۇ؟

- ياق، مەن «ئۇچات»لىق ئەمەس، ئۆزلىرىنى «ئۇچات»لىقلار توغرىسىدىكى ھېلىقى گەپنى بىلەمدىكىن دەپ سورىشىم...

- ياق، بىلمەيدىكەنمەن، - مەن بوۋاينىڭ ھېكايە سۆزلىمەكچى ئىكەنلىكىنى پەملىدىم، - ئۆزلىرى سۆزلەپ بەرسىلە، نېمە گەپتى ئۇ؟

- نېمە گەپ بولاتتى؟ قۇيرۇق توغرىسىدىكى گەپ. قوينىڭ قۇيرۇقىنى كۆرۈپ ئېسىمگە كېلىپ قالدى. بەك بەلەن بېقىپلا، قۇيرۇقى پۈتۈنلەي دۈمبىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ...

مەن يېڭى سوئال تاشلىماي بوۋاينىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى كۈتتۈم.

- يېقىندىن بېرى بازاردىن تۇخۇم سېتىۋالمىغانلا؟ راست، ھەرقايسىلىرىنىڭ بازارنىڭ تۇخۇمىغا ئېھتىياجى يوق، ھويلىدا قويمۇ، 8 - 10 توخۇمۇ بېقىشىدىلا، ئۆز توخۇلىرى تۇخۇملاپ تۇرىدۇ. بازاردىن تۇخۇم سېتىۋېلىشمايلا، مېنىڭ مەسلىھەتىممۇ شۇ، بازاردىن ھەرگىز تۇخۇم ئېلىپ سالمىسىلا...

«ئۇچات» بىلەن «تۇخۇم» ئارىلىشىپ كەتتى. بوۋاي «ئۇچات»نىڭ تۇخۇمى توغرىسىدا سۆزلىمەكچى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. لېكىن تۇخۇم دېگەن «ئۇچات»تىنلا ئەمەس، ھەممە يەردىن چىقىدىغۇ. «ئۇچات»تىن ئېسىل ئاق جىگدە چىقىدىغانلىقى، ئاق جىگدىسىنىڭ ناھايىتى داڭلىقلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئەمما تۇخۇمى توغرىسىدا ئاڭلاپ باقماپتىمەن. بوۋاي نېمىنى ھېكايە قىلماقچى؟ ئەقلى - ھوشى جايىدىمۇ ئۆزى؟ «ئۇچات»، «تۇخۇم»، «يېزىدىن قاچقان ئوغۇل»، شوشاڭنىڭ شارتىلدىغان ئاۋازى، قوينىڭ ئېچىلىپ بېرىۋاتقان يۇڭسىز تېنى... بوۋاينىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدىم.

- كىچىكىمدە بوۋاملاردىن ئاڭلايتتىم، دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى بوۋاي، - «ئۇچات» دېگەن يەردە قۇيرۇقلۇق يەتتە ئادەم بارمىش، قۇيرۇقلۇقلار سەككىزگە كۆپەيمەسمىش، ئالتىگە ئازايماسمىش. بىر قۇيرۇقلۇق قېرىپ ئۆلسە يېڭىدىن بىرى تۇغۇلارمىش. ئۇلارنىڭ قۇيرۇقى مايمۇننىڭكىدەك ئۇزۇن، ئىتنىڭكىدەك يۇڭلۇق ئەمەسمىش، توڭگۇزنىڭكىدەك قىسقا ۋە ئىنچىكە ئىمىش. ئۇلار ئەينى چاغدا ئۇلۇغلىرىمىزنى پاش قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن «دۇئايى بەنت»كە كەتكەنمىش. قىشمۇ - ياز تېرە ئىشتان كىيىشىپ، قۇيرۇقلىرىنى يوشۇرۇپ يۈرەرمىش... بوۋاملار بۇ ھېكايىنى سۆزلىگەندە شۇنداق ئەيىنەن، خۇددى راستەكلا سۆزلەيتتى. بىزمۇ راستلىقىغا بەر-

ھەق ئىشىنەتتۇق. بەلكىم راست بولۇشى مۇمكىن، نېمىشقا راست بولمىغۇدەك؟ ئۇلۇغلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلار توڭگۇزدىن پەرقلىنەتتىمۇ؟ ئۇلار توڭگۇزغا، قىسقا ۋە ئىنچىكە قۇيرۇقى بار توڭگۇزغا ئايلىنىپ كېتىشى كېرەك... ياش، كىچىك چاغلاردا مانا مۇشۇنداق ئويلايتتۇق. چوڭ بولدۇم، ھەر خىل ئىشلار سەۋەبىدىن «ئۇچات» تەرەپكە كۆپ ئۆتتۇم. لېكىن قۇيرۇقلۇق ئادەملەرنى ئۇچراتمىدىم. قۇيرۇقلۇق ئادەملەر توڭگۇزدەك قۇيرۇقنى ئاشكارا پىلتىڭلىتىپ يۈرەتتىمۇ؟ «دۇئايى بەنت»كە كەتكەنلەر ئۆزىنى ھەر دائىم يوشۇرىدۇ. خۇدادىنغۇ يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. ئەمما ئەل-جامائەتتىن يوشۇرىدۇ. كۆڭلۈمدە زادى قۇيرۇقلۇق ئادەملەرنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا نىسبەتەن ئوتتەك بىلىش ئىستىكى يالقۇنجايتتى. «دۇئايى بەنت»كە كەتكەن مەخلۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ باققۇم بار ئىدى. سۈرۈشتۈردۈم، قانداق سورىدىم دېمەمسىز؟ ھەزىلكەشلىكىم ئۇستۇن كەلدى. «ھەي ئۇچاتلىقلار، قايسىڭلارنىڭ قۇيرۇقى بار؟» دەپ توغرىدىن توغرىلا ۋارقىراپ سورىدىم. شۇ كۈنى يېگەن تاياق ـ تېپىك ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. «مانا ساڭا قۇيرۇق!...» دەپ كۆتۈمگە راسا تېپىشتى. قوۋۇرغىلىرىم ئېگىلىپ كەتكۈچە ئۇرۇشتى. خۇداغا شۈكرى، «ئۇچات» تەرەپتىمۇ دىلى يۇمشاق ئادەملەر بار ئىكەن. بىر ئاقساقاللىق مويسىپىت تاياق ـ تېپىكتىن ئاجرىتىۋالدى. «ھەي نادان، شۇنداقمۇ سورىغان بارمۇ؟ ئۇ بىر ئەپسانە، نەدىمۇ قۇيرۇقلۇق ئادەم بولسۇن! قۇيرۇقى بولغانىكەن، ئۇ ئادەم ئەمەس، ھايۋان بولىدۇ...» دېدى مويسىپىت، ئادەملەرنىڭ ئىستىكى شۇنداق. ئۇلار «دۇئايى بەنت»لەرنىڭ كەينىگە قۇيرۇق ئۈنۈپ چىقىشىنى، ئاشۇ قۇيرۇقىدىن ئۇلارنى ئوڭايلا تونۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما بۇ مۇمكىن ئەمەس. سەن كۆزۈڭنى ئاچ، نادانلىق پەردىسى كۆز ئالدىڭنى توسۇۋالمىسۇن، شۇ چاغدا قۇيرۇقى بولمىسىمۇ «دۇئايى بەنت»لەرنى ھەر يەردە كۆرۈۋالالايسەن، ئۇلارنىڭ كەينىدە ئەقىل بىلەنلا كۆرگىلى بولىدىغان قۇيرۇقى پىلتىڭلاپ ـ شىپاڭشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايسەن...

ئاشۇ قېتىمقى تاياق يېگىنىمگە، مويسىپىتنىڭ سۆزلىرىدىن قۇيرۇقلۇق ئادەملەر توغرىسىدىكى گەپنىڭ ئەپسانە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىنىمغا ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ياشلىق باغلىرىغا كۆلەڭگۇ چۈشتى. ساماۋى خىياللارنى ئۈگىدەك باستى. ئەللىك ياشتا، ئاتمىش ياشتا كەلمىگەن ئەقىل قاچان كېلىدۇ؟ مەن ئادەملەرنىڭ قۇيرۇقلۇق بولمايدىغانلىقىغا، ئۇلارغا قۇيرۇق ئۈنۈپ چىقمايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتىم. بۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغان كىم بار دەيلا؟ ئەمما تېخى ئاللانىڭ ماڭا كۆرسىتىدىغان كارامەتلىرى تۈگىمىگەنىكەن، ئادەمگە قۇيرۇق چىققانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۆز قولۇم بىلەن تۇتۇپ سىلاپ باقتىم. تېخى مۇشۇ شوشاڭ بىلەن ئاشۇ قۇيرۇقنى يۈلۈك قىرقىغاندەك قىرقىپ ـ كېسىپ قويۇشقىمۇ توغرا كەلدى...

شوشاڭنىڭ شارتىلدىغان ئاۋازى توختىدى. بوۋاي چوڭ قوينى قىرقىپ بولغانىدى. ئۇ كېيىنى توختىتىپ، ئورنىدىن ئالدىرىماي تۇرۇپ كىچىك قوينى تۇتۇپ يەرگە باستى. تۆت پۇتىنى بىر يەرگە ئەكىلىپ چەمبەرچاس باغلىدى. بۇ چوڭ قوينىڭ ئۆتكەن ئەتىيازدىكى قوزىسى ئىدى. پۇتلىرى چەمبەرچاس باغلىنىۋاتقاندا خۇددى ئەجەلنىڭ پۇرىقىنى سەزگەندەك 2-3 قېتىم جەھلى بىلەن تىركاڭشىپ مەرىدى ۋە كېيىن توختاپ قالدى. شوشاڭ يەنە شارتىلداشقا باشلىدى. بوۋاينىڭ ھەرىكىتى ئاستا، لېكىن تەمكىن ئىدى. مەن ئۇنىڭ سۆز باشلىشىنى كۈتەتتىم. «ئۇچات» بىلەن «قۇيرۇق» مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. ئۇلارنى بوۋاينىڭ بوۋىسىدىن ئاڭلىغان ئەپسانە باغلاپ تۇرىدىكەن. ئەمما تېخى «تۇخۇم»نىڭ سىرى يېشىلمىگەنىدى. قۇيرۇقنى تۇخۇمغا باغلاشقا ئامالسىز ئىدىم. ئاشۇنى بىلگۈم كېلەتتى. شوشاڭنى ئالدىرىماي شارتىلدىتىۋاتقان بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشقىمۇ ئالدىرىمىدى. ئۇ خېلىدىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

ـ قارىسىلا، يالغۇز ئادەمنىڭ كۈنى تەسكەن، موماي رازىلىقىنى بەرگەن، ئوغۇللار قوشنامنىڭ ئوغلىغا ئەگىشىپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن بەك قىينالدىم. ئەللىك يىل سايىۋەن بولغان ئۆي گۆردەكلا تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزۈمنى بىر كېچىسى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالىدىغاندەك، ھېچكىم سەزمەي قالىدىغاندەك، كىشىلەر سەزگۈچە ئاشۇ ئۆي گۆرۈم بولۇپ قالىدىغاندەك سېزىلەتتى. ئۆيمۇ بەكلا كونىراپ كەتكەن، ھېلىلا يىقىلىپ ـ ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇنداق قىلىپ ئاخىر ئۆينى، يېزىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتىم. خۇرجۇننى ئۆشنەمگە سېلىپ، «قوي قىرقىيمەن، قوي!...» دەپ ۋارقىراپ جاھان كەزدىم. مەقسىتىم جان بېقىشلا ئەمەس ئىدى. جاھان كېزىشلىرىم ھېلىقى ئىككى قۇلاق كەستىنى تېپىۋېلىش، قۇلاق-

لىرىنى راسا بىر يۇلۇش ئىدى. ئەگەر تېپىۋالسىلا شۇنداق قىلاتتىم. ئۇلارنى نېمىدەپ تاپتىم؟ قېرىغاندا ئەسقىتار دېمىسەم بېقىپ قاتارغا قوشاتتىممۇ؟ ئۇلارنىڭ يىراقتا كەتمىگەنلىكىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى. قارىسىلا، مانا شۇنداق قىلىپ ئىككى يىلدىن بېرى يۇرت ئارىلاپ يۈرىمەن. بەزى – بەزى سېغىنغان چاغلىرىمدا كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن، ئەللىك يىل ياشىغان يېزامغىمۇ قايتىپ بارىمەن. ئۆي يەنىلا ئۆرە، تېخىچە ئۆرۈلمىگەن، لېكىن جۇلقى چىققان، شامال بوران ئۆتۈشۈپ تۇرغان هالدا قارشى ئالىدۇ. قەلبىمدە نېمىشقىدۇر «مۇشۇ كونا ئۆي ئۆرۈلۈپ كەتسىكەن، ئۇنىڭ ئورنىدا غايىبتىن پەيدا بولغاندەك يېپيېڭى بىر ساراي پەيدا بولسىكەن» دېگەن بىر غەلىتە ئوي هۆكۈم سۈرىدۇ. لېكىن كونا ئۆينىڭ ئۆرە تۇرغىنى تۇرغان. ئۇنىڭدا بىرقانچە كۈن ياشايمەن. قولۇم – قوشنىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، مەهەللە باشلىقىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىمەن. كونا ئۆي كۆزۈمگە يەنە گۆردەك كۆرۈنۈشكە باشلايدىيۇ، يەنە خۇرجۇننى دولامغا تاشلايمەن –دە، «قوي قىرقىيمەن، قوي!...» دەپ ۋارقىراپ جاهان كېزىشكە باشلايمەن. يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ، نېمىلەرنى كۆرمىدىم، نېمىلەرنى ئاڭلىمىدىم دەيلا. خۇدانىڭ ئالىمىدە يېڭىلىقلار، ئاجايىپ – غارايىپ ئىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن. بىر – بىرىدىن غەلىتە گەپلەر ئېقىپ يۈرىدىكەن. نەدىدۇر بىر قىز چوشقىغا ئايلىنىپ قالغانمىش، بىر كېچىدىلا كۆزلىرى كىچىكلەپ، قۇلاق ۋە تۇمشۇقى ئۇزىراپ چوشقىغىلا ئوخشاپ قالغانمىش. كىمدۇر بىرى ئۆلۈپ يەرلىككە قويۇلغاندىن كېيىن تىرىلىپ قايتىپ كەلگەنمىش، ئۇ دۇنيادا كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ يۈرەرمىش. نەدىدۇر بىر يەردە بىر ئايال تۆت پۇتلۇق، ئالۋاستى كۈچۈككە ئوخشاش ئۇزۇن تۈكلۈك ئىت تۇغقانمىش. قايسىبىر جىن موللىسى بىر كېچىدىلا كاتتا تېۋىپقا ئايلانغانمىش، ساقايماس كېسەللەرنى ساقايتىۋەتكەنمىش. ئۇنىڭ دولىسىدا ئولتۇرۇپ كېسەلگە دىئاگنوز قويۇشۇپ بېرىدىغان پەرىشتىلىرى بارمىش، پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭدىن باشقىلار كۆرەلمەسمىش... مانا شۇنداق گەپلەر، بۇ گەپلەر راستمۇ يالغانمۇ؟ بۇنى خۇدا بىلىدۇ. ئەمما...

شوشاڭنىڭ شارتىلدىغان ئاۋازى توختاپ قالدى. بوۋاينىڭ ئاۋازىمۇ توختاپ قالدى. ئۇ قوينىڭ ئۇڭ تەرىپىنى قىرقىپ بولغانىدى. يېڭىلا قىرقىلغان يۇڭنى بىر يانغا سۈرۈپ، قوينىڭ چېتىلغان پۇتىدىن تۇتتى دە، بىرلا ئۆرۈپ قىرقىلمىغان تەرىپىنى ئۈستىگە چىقاردى ۋە شوشاڭنىڭ بىر تىغىنى ئالدىرىماي يۇڭ ئىچىگە كىرگۈزدى. مەن ئۇنىڭ هەرىكەتلىرىگە قاراپ ئولتۇراتتىم. بوۋاينىڭ هېكايىسى باغلاشمايۋاتقاندەك قىلاتتى. «ئۇچات» بىلەن «قۇيرۇق» نەلەردىدۇر قالغان، ئوغۇللار بىلەن تۇخۇممۇ ئۇنتۇلغاندەك ئىدى. بوۋاي ئەمدى ئېقىپ يۈرگەن غەلىتە گەپلەر ئۈستىدە ئەزۋەلەيدىغاندەك قىلاتتى. كىم بىلسۇن، ئۇ قايتا «ئۇچات» بىلەن «قۇيرۇق»قا، ئوغۇللار بىلەن تۇخۇمغا يېقىنلاپ كېلەلەمدۇ –يوق؟ قېرىلىق دېگەن يامان، ئەسنى جايىدا قويمايدۇ، بەلكىم...

–ئەمما، دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى بوۋاي. بۇ چاغدا شوشاڭنىڭ شارتىلدىغان ئاۋازىمۇ قايتا ئاڭلىنىشقا باشلىغانىدى، ئەمما ئاشۇ بىر غەلىتە مىش – مىش گەپنىڭ راستلىقىغا ئىشەندىم. ئىشىنىپلا قالماي ئۇنىڭ كەچۈرمىشىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. تېخى مۇشۇ شوشاڭ بىلەن قىرقىپ قويۇشقىمۇ توغرا كەلدى...

بوۋاي سەل توختىدى، مەن ئۆزۈمنى يىراق بىر يەردىن چۆرگىلەپ، خېلى ئايلىنىپ يەنە قانداقتۇر بىر ئەسلى نىشانغا يېقىنلاپ كەلگەندەك هېس قىلدىم. بوۋاينىڭ توختىشىمۇ مېنى ئاشۇ تەسىراتقا كەلتۈرۈشتەك قىلاتتى.

–قايسى مىش – مىش گەپ دېمەملا، بۇ ئاشۇ بازارلاردا يالغان تۇخۇم پەيدا بوپتىمىش دېگەن گەپ تارقالغان چاغدىكى ئىش. كىشىلەرنىڭ ئېغىزى بازاردىكى تۇخۇمدىلا قالغانىدى. مەن يۇرت ئارىلاپ نەگىلا بارماي كىشىلەردىن يالغان تۇخۇم هەققىدىلا ئاڭلايتتىم. يالغان تۇخۇم ياسايدىغان ماشىنا پەيدا بولغانلىقى، يالغان تۇخۇمنىڭ سېرىقىنىڭ راسا سېرىق ئەمەسلىكى، يالغان تۇخۇم بىلەن راست تۇخۇمنىڭ قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغانلىقى، تېخى هېلىقى كىمدۇر بىرى قۇرغان فېرمىدىكى مېكىيانلارنىڭمۇ يالغان تۇخۇم تۇغىدىغانلىقى هەققىدىكى گەپلەر هەممە يەردە ئېقىپ يۈرەتتى. بىر كۈنى قوي قىرقىغىلى كىرگەن بىر ئۆيدە بەزى تۇخۇم يۆتكەپ ساتىدىغان نائەهلىلەرنىڭ راست – يالغان تۇخۇملارغا تىمساق تۇخۇمنىمۇ ئارىلاشتۇرۇپ سېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلىدىم. ئۇلار بۇ ئىشنى ئاجايىپ گۇناهلىق ئىشتەك، كەچۈرگىلى بولمايدىغان نومۇسلۇق ئىشتەك يىرگىنىپ تۇرۇپ سۆزلەشتى. مەن قاراتۇرك قېرى ئادەممەن، تىمساق دېگەننى نەدىن بىلەي؟ تىمساق تۇخۇمى بىلەن راست – يالغان تۇ-

خۇملارنىڭ ئۇخشايدىغان – ئۇخشىمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟ ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم. ماڭا ئېزىپ-چايناپ چۈشەندۇرۇشتى. تىمساق دېگەن ئىسسىق بەلۋاغنى ماكان قىلغان، سۇدىمۇ قۇرۇقلۇقتىمۇ ياشايدىغان قوش ماكانلىق ھايۋانمىش. قاتتىق قاسراقلىق، ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق ئۆمىلىگۈچى ئىمىش. بىزنىڭ قۇملۇقتىكى كېلەدەك بەتبەشىرە يىرتقۇچمىش، كۆيلەكتىن كېيىن تۇخۇملاپ، تۇخۇملىرىنى قۇمغا كۆمۈپ، قۇمنىڭ ئىسسىقى ئارقىلىق بالا چىقىرارمىش. تۇخۇمى توخۇ تۇخۇمىغا ئوخشارمىش، قوش ماكانلىقلار ھارامىمىش، ھارام مەخلۇقنىڭ تۇخۇمىمۇ ھارامىمىش، ھارام نەرسىنى سېتىش گۇناھمىش...

گەپ دېگەننىڭ سۆڭىكى يوق، دەۋرىسە بولىدىغان نېمە. بولۇپمۇ مىش – مىش گەپ شۇنداق، مىش – مىش گەپ قىلغانغا سوراق كەلگەنلىكىنى كىم ئاڭلاپتۇ؟ مەن تىمساق تۇخۇمى توغرىسىدىكى گەپنى بارلىق مىش – مىشلار قاتارىدا مۇنداقلا ئاڭلاپ قويدۇم. ئېنىقراقى ئۇڭ قۇلىقىمدىن كىرىپ سول قۇلىقىمدىن چىقىپ كەتتى. ئەمما كۆپ ئۆتمەي ئاشۇ تىمساق تۇخۇمى توغرىسىدىكى گەپنى قايتا ئاڭلىشىمنى، ئۇنى يېگەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشۈمنى، ھەتتا ئۇنداقلارغا ياردەم بېرىشىمنى نەدىن بىلەي؟ تۇغۇلغان يېرىمگە قايتقان كۈنلىرىم ئىدى. بوران ئۆتۈشۈپ، شامال ھۇۋلاپ تۇرىدىغان، ئەللىك يىل جەريانىدا كونىراپ جۇلقى چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ تېخىچە ئۆرۈلمىگەن كونا ئۆيدە ئۇخلاپ ياتاتتىم. كىمدۇر بىرى تۈن يېرىمىدا ئىشىك قاقتى. قاتتىق ئۇرۇلغان ئىشىكنىڭ جالاقلىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. ئىشىكنى ئاچسام قار ئۈستىدە قوشنام تۇرۇپتۇ. قايسى قوشنام بولاتتى؟ ھېلىقى ئوغۇللىرىمنى ئەگەشتۈرۈپ كەتكەن نائەھلىنىڭ دادىسى. بەك مۇھىم ئىش چىقىپ قالغانلىقىنى، بىللە ئۆيىگە بېرىپ ياردەملىشىش لازىملىقىنى، شوشاڭنىمۇ ئېلىۋېلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتىپ يىلىنىپ كەتتى. تېخى ئۆيىدە مەھەللە باشلىقىنىڭمۇ بارلىقىنى، ئۇنىڭمۇ مېنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن بىرەر نەرسىنى چۈشەنگەندەك ئەمەس ئىدىم. مەھەللە باشلىقى ھەرقاچان يەنە ئوغۇللىرىمنى سۈرۈشتە قىلار دەپ ئويلىدىم. ھەر قېتىم قايتىپ كەلگىنىمدە ئۇنىڭ سوئال – سوراقلىرىدىن تويۇپ كېتەتتىم. ئىش يەنە شۇنداق بولسا، شوشاڭ نېمىگە كېرەك؟ كېچىدە قوي قىرقىشنى تەلەپ قىلماس، نېمە گەپ زادى ئۆزى؟...

گەپ ئېنىق بولمىسا قەتئىي بارمايدىغانلىقىمنى، ياردەملىشىشكە باشقا ئادەم تېپىشنى ئېيتتىم. قوشنام جىق يالۋۇردى، مەنمۇ جەھلىم قېتىپ تۇرۇۋەردىم. ئاخىر ئۇ ھەممە گەپنى ئېيتتى. ئوغلى قايتىپ كەپتۇ، بىرەر ئاينىڭ ئالدىدا بىر كېچىسى مەھەللە باشلىقى ئۇنى ئۆيىگە ئەكىلىپ بېرىپتۇ. ياخشى خەۋەر ئېلىشنى تاپىلاپتۇ. پات – پات ئۆزىمۇ يوقلاپ تۇرىدىكەن. ئۇزاقتىن – ئۇزاق مۈگدىشىدىكەن، ئەمما ئۈچ كۈندىن بېرى ئوغلى غەلىتە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپتۇ. ئولتۇرالمايدىكەن، ئوڭدا ياتالمايدىكەن، پەقەت دۈملا ياتىدىكەن، كېيىن بايقاپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قۇيرۇق ئۆسۈپ چىققانلىقىنى بىلىشىپتۇ...

مەن نېمىندۇر چۈشەنگەندەك بولدۇم. يىراق بالىلىقىمدا ئاڭلىغان «ئۇچات»لىقلار ھەققىدىكى ئەپسانە ئېسىمگە چۈشتى. تۇۋا قىلماق كېرەك. ئەمدى قېرىغىنىمدا ئاشۇ غەلىتە قۇيرۇقنى راستتىنلا كۆرەلەرمەنمۇ؟ ياشلىقىنىڭ غۇۋا ئەسلىمىسى بولغان ئاشۇ قىزىقىشنىڭ قەلبىمنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدە ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئاشۇ قىزىقىش ماڭا شوشاڭنى ئالدۇردى ۋە مېنى قوشنامغا ئەگەشتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆيىگە – غەلىتە قۇيرۇق ئۆسۈپ چىققان ئوغۇلنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى، مەن دۈم ياتقان ئوغۇلنىڭ يېنىغا تىزلىنىپ ئارقىسىدىن ئۆسۈپ چىققان قۇيرۇقنى تۇتۇپ باقتىم. قۇيرۇق بىر مېتىردىن ئۇزۇنراق، قاتتىق ھەم قاسراقلىق ئىدى. تۆۋى تەرىپى يىلاننىڭ بېلىدەك توم، ئايىغى بارغانسېرى ئىنچىكە ئىدى. سەت، كۆرۈمسىز، قورقۇنچلۇق ئىدى. نېمىشقىدۇر يىرگىنىپ كەتتىم. شۇندىلا قۇيرۇقتىن لاۋا پۇرىقىدەك بەتبۇي تارقىلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم...

–نېمە ئىش بولۇپتۇ؟ – سورىدىم مەن.

–تىمساقنىڭ تۇخۇمىنى يەپ ساپتۇ، – دەپ جاۋاب بەردى قۇيرۇقلۇقنىڭ دادىسى، – ئاشۇ كۈنى مەھەللە باشلىقىنىڭ ئالدىغا كېلىش ئۈچۈن يېنىپ چىققاندا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بەك ئېچىقاپ كەتكەنمۇ، بازاردىن تۇخۇم ئېلىپ يېگەنىكەن. يېگەندىمۇ تېخى راسا تويغۇدەك يەپتۇ. بىز ئەنە شۇ چاغدا تىمساق تۇخۇمى يەپ سالغان بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلدۇق. كۆرۈپ تۇرۇپلا، ئارقىسىدىن تىمساقنىڭ قۇيرۇقىدەك ئۇزۇن قۇيرۇق ئۆسۈپ چىقتى...

قۇيرۇقلۇقنىڭ دادىسى ئېيتقان بۇ گەپ ئېسىمگە بىرقانچە كۈن بۇرۇن قوي قىرقىغىلى كىرگەن ئۆيدە

ئاڭلىغان تىمساق تۇخۇمى توغرىسىدىكى مىش - مىش پاراڭنى قايتا ئېسىمگە سالدى. ئوڭ قۇلىقىمدىن كىرىپ سول قۇلىقىدىن چىقىپ كەتكەن ئاشۇ مىش-مىش گەپلەرنى مانا ئەمدى قوشنام تەكرارلاپ تۇرۇپتۇ. لېكىن مېنىڭ مېڭەمدە «ئۇچات»لىق «دۇئايى بەنت»لەرنىڭ سىماسى گەۋدىلىنىپ تۇراتتى.

- تىمساق تۇخۇمى يېگەن ئادەمگە تىمساق قۇيرۇقى ئۆسۈپ چىقامدىكەن؟ - قايتا سورىدىم مەن قۇيرۇقلۇقنىڭ دادىسىدىن.

- خەقلەر شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ، - دېدى ئۇ، بىزمۇ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي قالدۇق.

ئاشۇ گەپلەردىن كېيىن، مەھەللە باشلىقىنىڭ سۆزىدىن بىلدىمكى، ئۇلار مېنىڭ شوشاڭنى ئىشقا سېلىپ ئۆسۈپ چىققان قۇيرۇقنى كېسىپ - قىرقىپ تاشلىشىمنى ئۈمىد قىلىدىكەن. ئۇلار پىچاق، قايچا ئىشلىتىپ بېقىپتۇ، ئۆتمەپتۇ. كەكە، پالتا ئىشلىتىشتىن ئەنسىرەشىپتۇ. ئەمدى ھەممە ئۈمىد مېنىڭ قولۇمدىكى چۈشاڭدا ئىكەن.

- شوشاڭ دېگەن شوشاڭ، قىرقىۋېتىشكە تېگىشلىك نەرسىنى قىرقىۋېتىشكە يارىتىلغان نەرسە، ئۇ بەلكىم ئۆتۈپ قالار، - دېيىشتى ئۇلار.

مەن تەۋەككۇل قىلماقچى بولدۇم. ئوغۇللىرىمنى باشلاپ كەتكەن بۇ نائەھلىگە گەرچە ئۆچمەنلىكىم بولسىمۇ، قوشنام دادىسى ئىلتىماس قىلىپ تۇرسا، ياق دېيىشكە تىلىم باراتتىمۇ؟ ئەگەر ياق دېسەم، مەھەللە باشلىقىمۇ قايتا ئوغۇللىرىمنى سۈرۈشتە قىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. تا ھازىرغىچە ئۇ ئوغۇللىرىمنى سۈرۈشتە قىلمىدى. ئەمما مەن سۈرۈشتە قىلمىسام بولمايتتى. ئۆز ئۇرۇقىمدىن بولغان ئوغۇللىرىم ئەمەسمۇ، ھەر نېمە بولسىمۇ يەنىلا ئۆز جىگەر پارەم، تومۇرلىرىدا ئۆز قېنىم ئاقىدۇ. نېمىشقا سۈرۈشتە قىلمىغۇدەكمەن؟ شوشاڭنى ئىشقا سېلىشتىن بۇرۇن نائەھلىگە مۇراجىئەت قىلدىم:

- باشلاپ كېتىشىڭغۇ سەن باشلاپ كەتكەن، ئەجەبا ئەمدى باشلاپ ئېلىپ كەلمەسەڭغۇ؟

- ئۇلار ئۇنىمىدى.

- ئۇلارغىمۇ قۇيرۇق ئۆسۈپ چىقتىمۇ؟

- ئۇلار بىلەن بىللە چاغدا مېنىڭمۇ قۇيرۇقۇم يوق ئىدى.

مەن بىلمەكچى بولغانلىرىمنى بىلگەندىم. ئارتۇقچە گەپ سوراشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بەلكىم مەن بىلمەكچى بولغان، لېكىن سوراشقا پېتىنالمىغان گەپلەرنى باشقىلار بىلىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. يەنە نېمىلەرنى سوراي؟ قولۇمغا شوشاڭنى ئالدىم...

شوشاڭنىڭ شارتىلدىغان ئاۋازى توختىدى. بوۋاينىڭ ئاۋازىمۇ ئۆچتى. قوي قىرقىلىپ بولغانىدى. بوۋاي ئۇنى باغلاقتىن بوشاتتى. يېنىكلىشىپ قالغان قوزا ئانىسىدەكلا سىلكىنىپ - گۈشۈلۈپ ئۈستىدىن يۇڭ توزۇندىلىرىنى توزۇتتى. بوۋاي ئەمدى يۇڭلارنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىغانىدى. مەن بوۋاينىڭ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا تەقەززا ئىدىم. راست، گەپ ئاياغلاشقاندەك ئىدى. «ئۇچات»، «قۇيرۇق»، «تۇخۇم»، «مىش - مىش» ۋە «تىمساقلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت» يېشىلىپ كەتكەندى. ئەمما يەنە نېمىندۇر كەم قالغاندەك سېزەتتىم. ئاخىر ئېغىز ئاچتىم.

- شۇنداق قىلىپ ئاخىر نېمە بولدى؟ قۇيرۇقنى كېسىپ تاشلىيالىدىلىمۇ؟

- كېسىشنى كەستۇق، ھەيران قالارلىق ئىش. پىچاق، قايچا ئۆتمىگەن قۇيرۇققا شوشاڭ ئۆتتى. خۇددى خېمىرنى كەسكەندەك شارتلا كېسىپ تاشلىدى. ئەمما ئۈچ كۈندىن كېيىن نائەھلىنىڭ دادىسى يەنە ئىزلەپ كەپتۇ. قۇيرۇق يەنە ئۆسۈپ چىقىپتۇ. يەنە كەستۇق، ئەمما... يېقىندا يەنە بىر قېتىم كەستىم. مەن يۇرت ئارىلاپ يۈرگەندە ئۇلار قۇيرۇقنى كەستۈرۈشكە شەھەرگىمۇ ئېلىپ بېرىشىپتۇ. كۆرمەملا، شوشاڭ ئۆتكەن قۇيرۇققا دوختۇرلارنىڭ ئوپېراتسىيە پىچىقى ئۆتمەپتۇ. كەكە، پالتىمۇ ئۆتمەپتۇ. شال تىلىدىغان ھەرىمۇ ئۆتمەپتۇ. تېۋىپلارنىڭ سۆگەل چۈشۈرىدىغان مەلھەم دورىسىمۇ كار قىلماپتۇ. مەن كېسىشنى كەستىم. ئەمما قايتا ئۆسۈپ چىقىشىنى توسۇيالمىدىم. بىلەملا، قۇيرۇق دېگەن بولۇشقا تېگىشلىك يەردە بولىدۇ. ئۇ بولۇشقا تېگىشلىك يەردىن ئۇنى ھەرقانچە ئاماللارنى قىلىپمۇ يوقاتقىلى بولمايدۇ...

بوۋاي يۇڭ قىرقىغان ھەقنى ئېلىپ كېتىپ قالدى. ئەمما ئاشۇ كۈندىن كېيىن مەن ئەنسىزلىككە قالدىم. پات - پات ئارقامنى سىلاپ قوياتتىم. قاچاندۇر بىر چاغدا بازاردىن تۇخۇم سېتىۋالغىنىم ۋە بازاردا تۇخۇم يېگىنىم يادىمغا كەلسىلا، قولۇم پەللىكىم تەرەپكە كېتىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. خېلى كۈنلەر ئۆتكەن بولسىمۇ قۇيرۇق ئۆسۈپ چىققانلىقىنى سەزمىدىم. بەلكىم قۇيرۇق دېگەن ئۆسۈپ چىقىشقا تېگىشلىكلەرگىلا ئۆسۈپ چىقسا كېرەك، ئەمما يەنىلا ئەنسىرەيتتىم...

# غەزەللەر

ئىمىن ئەھمىدى

1

كۆزۈڭدىن ئاقتۇرۇپ سۆيگۈ ۋاقتىنى بىلمىدىم زىنھار،
سەۋەب رەنجىشلىرىڭمۇ بىر قېتىم جەننەت ئىدى دىلدار.

كەبى ئەدنان لەزىز كۆكسۈڭ ئۈنىڭ ئەگىزلىرى خىلۋەت،
بېشىم قويسام گۈرۈلدەيتتى مۇھەببەت تەپتىدىن ئىنھار.

ئېسىمدە تۈنجى رەت كۆردۈم سېنى ئوت كەتتى جىسمىمگە،
ۋە قىلدىم مەن ساڭا ئوتتىن چىقىپ كەلگەنلىكىم ئىقرار.

نېچۈككى ياغدۇرۇپ تەنە مېنى ھىجرانغا غەرق ئەتتىڭ،
ۋە لېكىن بولمىدى يالقۇنلىرىمغا مۇزلىرىڭ دەركار.

دۇرۇس، ئازغان چېغىم باردۇر ساڭا، بوتناپ يىراقلارغا،
بولۇپ مەست، بىرى كۆرسەتسە ھەسەت ياپرىقىدىن گۈلزار.

دەرىخا دام ئارا سەرسانلىقىمنى ئەيلىدىم پىنھان،
بىھوش ياتتىم پۇشايماندىن گويا چەككەن كەبى كۆكنار.

يەنە سەن قۇتقۇزۇپ چىقتىڭ پاراغەتلەردە سۇمرۇقتەك،
لېۋىڭدىن ھەر تىنىق بىلسەم ئىكەن قەلبىم ئۈچۈن سەردار.

مەگەر بوينۇم بۇ ئۆمرۈمدە قېرىنداش بولسا سىرتماققا،
قارا چاچىڭ رىبان ئۈنى تۇرارمەن شادلىنىپ تەكرار.

تېخىچە تەلۋە سەن تاپتىم دېمە ئاخىرقى مەنزىلنى،
ھېلى ھەم روھ ـ ماجالىڭ ھەر كۈنى ھەسرەت بىلەن ئەسرار.

2

ئاران تاپقان ۋىسال بۇ دەم يېنىپ پۇشمانغا ئايلاندى،
لېۋىڭدىن تىنجىغان تەشنالىقىم كەنئانغا ئايلاندى.

كۆزۈڭنى سەن يېقىپ ياشىم ئارا كىرپىك بىلەن سۈرتكەن،
ئىدىڭ بۇ ياش ۋاپاسىزلىق توپەيلى قانغا ئايلاندى.

قەلەندەر چاغلىرىم ئىشقىڭ پۈتۈن بولغان ئىدى دىلبەر.
ھالا بۇ كۈن ئۈنىڭ ھەر زەررىسى ئىھسانغا ئايلاندى.

سېلىپ يۈردۈڭ زىناقىڭغا تالاي ئاچچىق بىلەن نەپرەت،
بۆرۈنقى بىر كۆرۈش ئۈنى بۈگۈن ئارمانغا ئايلاندى.

قېنى بۇلبۇل بىلەن گۈلنىڭ قىلىشقان ۋەدىسى تاڭدا،
ئىسست غۇنچە بۈگۈن بۇلبۇل ئۈچۈن قاپقانغا ئايلاندى.

پېقىر ئاستانىسى شۇ توي چېغى ئەردى سېنىڭ تەختىڭ،
مانا ئەمدى پېقىر چولدىن كېلەر مېھمانغا ئايلاندى.

سېنى كىم ئازدۇرۇپ تۈنجى ئەقىدەڭگە ئۇزاتتى قول،
ئوچۇق كۆڭلۈڭ مۇھەببەت باغىدا زىندانغا ئايلاندى.

سەمىمىي ئېتقادىمدىن ياسار بولدۇڭمىكىن ھەسرەت،
سىياقىڭ ئىزدىسەم مەنزىل يولى خۇمدانغا ئايلاندى.

نە ئەپسۇس ئەھمىدى زەربە ئۆزى ئالەمشۇمۇل بىر بەخت،
شۇ ۋەجىدىن ھەرنە ئاشىق دەرد چېكىپ ئىنسانغا ئايلاندى.

3

يىراقتىن تەلمۈرۈپ غايىب يۈزۈڭگە ئىختىدا قىلدىم،
ئەمەس بەش، يەتتە ـ سەككىز ۋاق پۈكۈپ تىز ئىپتىدا قىلدىم.

توغۇلدۇم بارچە ئەقلىمنى تېپىپ تۇرمەن سېنىڭ بىرلە،
مۇقەددەس سۆيگۈنى ئىزھار ئېتەلمەي كۆپ نىدا قىلدىم.

قاچان زەينەپ ۋە يا كاككۇك يوقاتتى سەيلىگاھىنى،
كەبى زەينەپ بىلەن كاككۇك ئاۋازىدا سادا قىلدىم.

چىرايلىق ۋەدىلەردىن ئالدىنىپ كەتتىم، ئانا يۇرتقا،
كۈلۈپ تۇرغاندىمۇ جىسمىم، غۇرۇرنى بەك گادا قىلدىم.

مېنى سۆي دەپ گۈزەللەر ئانچىنان سۇندى لېۋىدىن سۇ،
ئانامنىڭ ئامىنى ئۇيلاپ ساڭا جانىنى پىدا قىلدىم.

كېلىپ قايتا بوسۇغاڭ خاكىنى سۈرتتىم پېشانەمگە،
كۆلايۇ ـ جەندە ئىچرە ھەم ئۆزۈمنى پادىشاھ قىلدىم.

ئىشەن ئوتلۇق قۇچاقىڭ ھەر دەقىق مەندىن ئەمەس خالى،
يىگىتلىك لەۋزى بىرلە سەن ئۈچۈن جانىنى ئادا قىلدىم.

جاھاننىڭ ھۆرمىتى كۆڭلۈمدىكى ئەنجانىنى تەرك ئەتكەي،
بىلەرسەن بىلمىسەڭ مەيلى پەقەت بىر رەت خاتا قىلدىم.

مۇھەببەتنىڭ يۈزىنى چاڭ توزانلار باسمىغاي ھەرگىز،
سەۋەب، دەر ئەھمىدى يۇرت ئەھلىنى دىلدىن خۇدا قىلدىم.

4

جىمى جاننىڭ ئانا يۇرتقا ئەزەلدىن ئىنتىزارى بار،
بۆشۈك شۇ جايدا ئەجداد بار تىكەندەك غەمگۇزارى بار.

ئاتا بىرلە ئانا قەددىن پۈكۈپ تۆككەن قىزىل قاننىڭ،
ۋە ياكى بىر نازاكەتنىڭ ئەلەملىك سۆيگۈ زارى بار.

نېچان تۇلپار كېزىپ ئالەم ئۇفۇقلىرغا قايتمىش ئاخىر،
ئۇنىڭ گەرچە ئېغىلدا قامچىدىن ئاچچىق ئازارى بار.

قېرىنداش تەنسى جاندىن ئۆتەر بولغاندا ھەم تاتلىق،
ۋىسال ئەجرى ئۈچۈن كىندىك قېنىدىن گۈلئۈزارى بار.

ئەزەل بۇلبۇل بىلەن گۈل ۋەدىسىگە ھېچ گۇۋاھچى يوق،
پەقەتلا قىز ـ ئوغۇلنىڭ چۆل باياۋاندا بازارى بار.

چېچىنى تارتىبان ھېچكىم چىقالمايدۇ ساما ئۆزرە،
كەبى ئالما ئانار ئۇنىڭ ئانا يەردە مازارى بار.

قاچانكى ئاڭلىغان ئەردىم ھاياتلىق ئەۋجىدىن داستان،
دەرىخا ھەممىسىنىڭ ئەركىگە تىلخەت يازارى بار.

جاھاندا يوق ئۆلۈمنىڭ شەربىتىنى ئىچمىگەن ئىنسان،
ۋە لېكىن شۇ ئۆلۈمنىڭ خىلمۇ خىل يەرلىك قازارى بار.

ئۇنتۇما ئەھمىدى، تارىخ كېپەنلەيدۇ سېنى ئاخىر،
تىلى يوق يەر زېمىننىڭ سەن ئۈچۈن بىر كۈن ئاۋازى بار.

5

ۋاپا قىلدىم بىرىگە ئۇ قىلمىدى بىۋاپا كەتتى،
نېچۈككى ھەر ئىشەنگەن تاغ ـ ئېدىرلاردىن ۋاپا كەتتى.

سەبىي ياپراق يۈزۈمگە تاش كەبى ياماشتى شەبنەملەر،
ئېچىشقان يەرگە تۇز يۈكلەپ ئەقىدەمگە جاپا كەتتى.

قېنى ئۇ باغدىكى ئەترە تۆۋىدىن بالقىغان پەرى،
ھاياتلىق ئۆتكىدىن قانچىلاپ جىك بىرلە جا كەتتى.

خۇدا بىلدى قاچانكى ئۆز ـ ئۆزىنى ھەر كىشى، شۇل ۋەج
يېرىم يولدىن كېلەي دەپ يولغا چىققان ئەۋلىيا كەتتى.

دەرىخا، باشتىكى تاجنى تېگىشكەندە پېقىرلىققا،
خۇشامەت بۆكىنى كىيگەن پېتى ئول ئاشنا كەتتى.

كېرەك يوق ئۇشبۇ ئالەمدە ئەبەدلىك قالمىدى ھەر جان،
نە پۇقرا، نە گاداي تەلۋە، ساراڭ ھەم پادىشاھ كەتتى.

مەگەر قالسا دادام بىرلە ئانام قالسا بولار ئەردى،
نېتەي كۆرمەس ئۈچۈن ھەسرەتلىرىمنى ئالدىدا كەتتى.

ياماللارغا ئۆلۈم يوق دەيدىكەن ھەم ياخشىلارغا كۈن،
ئەجەب ئىش يان ـ يېنىمدىن نى ئوغۇل ـ قىزلار ئۇدا كەتتى.

سەمىمىي سەن خۇدۇڭ بىلمەي ساداقەت تەڭلىمە ھەريان،
بىتەھقىق ناجىنسلارغا شۇ ئىش سەندىن خاتا كەتتى.

6

بۇ قانداق ئىشق، بۇ نە ئاتەش يېنىپلا جانىنى كۆيدۈرگەن؟
كۆرە كۆرمەي قۇچاق ئاچىپ جىمى ئەفغانىنى كۆيدۈرگەن؟

جۇدالىق يولىغا ئۈنگەن تىكەننى ياش بىلەن چەيلەپ
لېۋىدىن سۇ بېرىپ، شېرىن تىلى ھىجرانىنى كۆيدۈرگەن؟

خۇدا ئىلكىدىكى تەننىڭ ئەجەب قىسمەتلىرى باردۇر،
بىرى نانىنى، بىرى خائىن بولۇپ ۋىجدانىنى كۆيدۈرگەن.

خۇدىنى بىلمەي قەدەمدە بىر ئۇلۇغلۇق ئۈستىگە دەسسەپ،
گۈزەللەر نازىغا تەزىم قىلىبان قانىنى كۆيدۈرگەن.

قۇرۇپ ئۆلسىز ساما پەشتاقىغا قۇم ئۆيىنى مەيلىچە،
ھاياتلىق ئىمتىھانىدىن تۇگەل ئارمانىنى كۆيدۈرگەن.

ئانا قايدا، دادا قايدا، مۇھەببەت سودىسى قايدا،
گۇمانىم بولمىسۇن بۇ ئوت ئاۋۋال ئىمانىنى كۆيدۈرگەن.

ۋە لېكىن كۆكتىكى چاقماق چېغىدا جورىسىز مەجنۇن،
ھاۋا بىرلە ئادەم ئۆز ۋاقتىدا ئەدنانىنى كۆيدۈرگەن.

جاھان ئاشىقلىقى مۇزنىڭ قېتىدىن ئۆرلىتەر يالقۇن،
سوقۇپ مۇز سۇغا چۆككەن چاغدا ھەم ئوكيانىنى كۆيدۈرگەن.

بۇ ئالەم نېمىتى بىزدىكى سۆيگۈ ئەجەب چەكسىز،
بىتەھقىق كۆكسىدىن قارنى ۋە يا زىندانىنى كۆيدۈرگەن.

لېكىن شائىر سېنىڭ ئاشىقلىقىڭغا چىقمىسۇن پىتنە،
ئەمەسمۇ سەن يېزىپ نەزمە تالاي جانانىنى كۆيدۈرگەن.

7

مېنى سۆيدۈڭ، لېكىن سۆيگەنىمدۇر يات دەپ گۇمان قىلدىڭ،
سېلىپ داغ ئېتىقادىڭغا يۈرەك باغرىمنى قان قىلدىڭ.

قاچاندىن بىرگە چوڭ بولدۇق تېخى خۇي-پەيلىمىز مەلۇم،
قويۇپ مەھرۇم ئىشەنچتىن ئۆز ئۆزۈڭنى بى ئىمان قىلدىڭ.

ئەبەدلىك بۇ كۆڭۈل تاكى ئەزەلدىن ساڭىلا تۇرسا،
ئەجەب ئىشقىڭ كۆزىنى تەۋرىنىش بىرلە تۇمان قىلدىڭ؟

ئىدى ئاشكارا ساڭا قەلبىم قاقاس چۆللەردىكى تاشتەك،
مىجىپ شۇ تاشنىمۇ چۆللەر ئۇچۇن نا مېھرىبان قىلدىڭ.

يېيىشكەن نان، ئىچىشكەن سۇ، قىلىشقان ۋەدىلەر نەدە،
يوقاتتىڭ ئۇنى بىر-بىرلەپ چىرايىمنى سامان قىلدىڭ.

ئەقىدە گەپ ئەمەس قان سۇ ئەمەس، بۇ قان ئېغىر سۇدىن،
قارارىڭنى لېكىن سەن نەپ ئۇچۇن ئويان بۇيان قىلدىڭ.

ۋىسالغا پىتنىلەر چىقسا ئازابىنىڭ قىممىتى ئۆلكەي،
تۆكۈلگەن ياشنى مىش-مىشلەر قولىغا ئەرمىغان قىلدىڭ.

ماڭا قايتا سۆيۈش ئىزدەپ سېنى ئۇنتۇش نومۇس ھەرئان،
دەرىخا ئادىمىلىكنى باھار پەسلى غازاڭ قىلدىڭ.

شۇنى بىل دەرگۇمان شەيتان ئىشىدۇر، سەن مېنى قىيناپ،
ئۆزۈڭ ھەم مەندىكى پاكىز مۇھەببەتنى يامان قىلدىڭ.

8

ۋىسالغا يەتمىگەن سۆيگۈ ئاخىر ھىجرانىنى يىغلاتتى،
ئەقىدە سۇ كەبى كەتتى، بىخوتلۇق قانىنى يىغلاتتى.

گويا بۇلبۇل بىلەن گۈلدەك ئىدى جەننەت بۇ ئىشق باشتا،
مۇھەببەتنىڭ گۇناھسىز مەھبۇسى زىندانىنى يىغلاتتى.

نېچۈككى بەندىلەر شۆھرەت بىلەن ئاۋارىدۇر بۇ دەم،
كۆمۈلگەن ئىزدىكى ئۆچكەن قوقاس گۈلخانىنى يىغلاتتى.

ئېتىپ شەيتانغا تاش قايتتى نېچان ئادەم بولۇپ شەيتان،
زەئىپ تەن ئالجىغان ئىمانسىز شەيتانىنى يىغلاتتى.

قاچانكى نەپىس ئۇچۇن كۆزگە چېلىقماي قالدى قاپقانلار،
بىھۇدە قەتلى بولغان قۇش قىساسى دانىنى يىغلاتتى.

تۆكەپ ئۇۋۇ ئۇۋۇچىلار تايغان گۆشىنى قىلدى يەم ھەتتا،
يوقالغان قەھرىمانلىقنىڭ غېمى توشقاننى يىغلاتتى.

ئەزىم دەريا بولاقلار ئۆز يولىدا ئەردى شاۋقۇنلۇق،
ئۇنىڭ سەرسانلىقى ساھىل ئارا ئوكيانىنى يىغلاتتى.

تويۇقسىز خالى قالدى ئەھدۇ پەيماندىن گۈزەل باغلار،
ۋاپاسىز ئاشنالىقنىڭ شورى ۋىجدانىنى يىغلاتتى.

قېنى بىز ئىككىمىز بىر ئۆي ئۇچۇن ئىچكەن سويى تۇزنىڭ،
دېگىنچۇ كىمدىكى نائەھلىلىك شۇ نانىنى يىغلاتتى؟

9

نىگاھىڭغا گۆرۈ قالدى مېنىڭدىن مەھلىيا كۆزلەر،
سېنىڭدىن ئەگىشىپ كەتتى ماڭا ئۇ ئاشنا كۆزلەر.

ئىلاھىم بەختىنى تاپقاي ۋىسالنىڭ جەڭلىرى ئىچرە،
ساداقەت يېشىنى تۆككەن ۋاپالىق بىگۇناھ كۆزلەر.

مېنىڭ كۆڭلۈم پەقەت بىر كۈندىلا بولماس ئىدى ئاشكارا،
ئۇنى ئاشكارا قىلىپ قويدى قەدىم تاپا تانە كۆزلەر.

قەلەندەر بولمىغاي ئەمدى بىھۇدە تەلمۈرۈپ كۆككە،
مۇقەددەس يول ئۈچۈن ئىشقنى ماكان قىلغان گادا كۆزلەر.

ئىشەنچىم شۇ ئۆزۈڭدىن ئىگرىغان قەلبىم ساڭا تالىق،
يارىسىغا ئىرۇر مەلھەم كەبى مېھرىگىياھ كۆزلەر.

ئەقىل مېھراپىغا بۇ دەم پۈكۈلدۈم باش ئېگىپ بىردىن،
ئەسىر ئالدى مېنى جانىنىڭ ئارامى پادىشاھ كۆزلەر.

نىگارىم شۆبھى شەيتانى يىراقلاشسۇن خىيالىڭدىن،
سېنىڭدىن ئۆزگىگە باقماس خۇدالىق تۇتىيا كۆزلەر.

مۇھەببەت ھەممىدىن ئاۋۋال ھەۋەسنى ئازدۇرۇپ كەلگەن،
ئۇنىڭ ياسى بىلەن ھەر چاغ بولۇر كور ئەۋلىيا كۆزلەر.

قاراڭغۇدىن ياساپ كۆز قاپقارا كۆزلەرنى ئىزلەيمەن،
ئىدىم رازى قەسەمگە قىلسا گەر قانىم سىياھ كۆزلەر.

10

نە سەۋەبكى بۇ مۇھەببەتتىن دىلىم ئەركىن ئەمەس،
ئەمما كەچمەكلىك ئۇنىڭدىن خاتىشىم ئەركىم ئەمەس.

يا ئانام سەكراتتا بىزگە ئىچۇرۇپ قويغانمۇ چاي،
يا دادامنىڭ ۋەدىسىمۇ ئويلىسام مۇمكىن ئەمەس.

خۇددى مەن تەشنا ئۇڭا، ئۇمۇ ماڭا تەشنا كەبى،
تووۋا دەيمەن بۇ سۆيۈشتە قايسىمىز تەمكىن ئەمەس.

كىم تېگىپ قويدى تاياقتا مەن كەبى تاشنى بۇدەم،
تا ئەزەلدىن سۆيگۈ بابىدا بۇ ئىش تەلقىن ئەمەس.

ھەممە سۆزلەيدۇ دېگىزنىڭ ھەسرىتى دولقۇندا دەپ،
ۋە لېكىن دولقۇننى پەيدا قىلغىنى سەلكىن ئەمەس.

تەگتېگىدە ياكى ئەفغان ياكى پۇشمان بار ئۇنىڭ،
ئىز دېرەك قىلساڭ خىيالى بىر مىنۇتمۇ جىم ئەمەس.

سۆيمىگەننى سۆيگىنىم دەپ يار قىلىش مۇشكۇل ئەجەب،
باش ئەگەر ياستۇقتا ئەمما چۈشلىرىم قەلبىم ئەمەس.

ئۆز ئۆزىنى مۇنچە قىيناپ تاپمىقى مەندىن نىمە؟
مەن جاھاندىن ئاقتۇرار يار بەلكى ئۇ بەلكىم ئەمەس.

ئەھمىدى ئاشىقلىقىڭنى ماختىما ئەشئار توقۇپ،
ئېھتىمال ئۇ قىز ئەزەلدىن سەن ئۇچۇن ھېچكىم ئەمەس.

ئابلەت ئەسمەت

ناتونۇش بوپ كەتتۇق شۇنداقمۇ دىلبەر؟
سۆيگۈمىز توزان بوپ كەتتى شامالدا.
رېئاللىق ئالدىدا ئامالسىز قېلىپ،
يېگانە ياش تۆكتۇق ھەر بىر باھاردا.

چۈشلەرگە ئوخشايدۇ، بىراق چۈش ئەمەس،
باغرىمغا باسقىنىم ھېلىمۇ ئەستە.
ئاتەشتەك لېۋىڭگە سۆيگەنتىم چوك ـ چوك،
سەن مېنى ساقلىتىپ چىققان شۇ كەچتە.

سىڭىشىپ كەتكەنتى تىنىقلىرىم،
ئىللىتىپ كەچ كۈزنىڭ گۈگۈملىرىنى.
ناۋادا بىرەر رەت چىقالماي قالساڭ،
ھىدلايتتىم ئۆيۈڭنىڭ تۈتۈنلىرىنى.

ئەمدىچۇ پەرىشتەم، ھەممىسى ئۆتمۈش،
يوق بۇندا بىمالال بېرىش ۋە كېلىش.
ئادىتىم بوپ قالدى ھەر كەچ، ھەر سەھەر،
يېگانە ياش تۆكۈپ سېنى سېغىنىش.

كىچىك قۇش بولسام دەپ تىلىدىم كۆپ رەت،
شەپەقلەر كۆيدۈرگەن قىياغا بېقىپ.
روھىمدىن يارالغان بىر ئەزىم دەريا،
تۇراتتى ھەمىشەم سەن تامان ئېقىپ.

تۈنلىرى مۈگدىنىپ ئۇزاقتىن ئۇزاق،
باغرىمغا باساتتىم ئېرەن غولىنى.
چۇلغايتتى جىسمىمنى كونا ھاياجان،
چاچقاندەك سۆيگۈمىز قايتا نۇرىنى.

كۆپ يىللار بوپ كەتتى، يەنە مەن غېرىب،
سۆيگۈمۇ كەلمىدى ئۆزگە بىر گۈلنى.
سەن ئۈچۈن ناخشا قىپ بەردىم بورانغا،
ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى گۈگۈملىرىنى.

شۇنداقمۇ گۈزىلىم، پىچىرلاپ قويغىن،
راستتىنلا ناتونۇش بوپ كەتتۇقمۇ بىز؟!
يىراقتىن مۈگدىنىپ قارايسەنغۇ جىم،
ئېيتماسەن ۋىسالغا قاچان يېتىمىز؟!

# هېلىمنىڭ هاممىسى

( پوۋېست)

هۆسەيىن تاش



1

-ۋەي، سىز هېلىممۇ؟

-شۇنداق.

-قانداق ئەھۋالىڭىز، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟

-خۇداغا شۈكرى، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

-مەن ئەمەتنىڭ دوستى، ئىسمىم يۇلتۇز.

-سىز يۇلتۇزمۇ، قانداق ئەھۋالىڭىز، ئەمەت ماڭا سىزنىڭ گېپىڭىزنى كۆپ قىلىپ بەرگەن. يېقىندىلا تونۇشۇپسىلەرغۇ؟

-شۇنداق، ئۇ سىزگە مېنىڭ يامان گېپىمنى قىلىپ بەرگەندۇ ھەقاچان.

-ئەمەت ئۇنداق ناچار يىگىتلەردىن ئەمەس. ئەلۋەتتە ياخشى گېپىڭىزنى قىلىپ بېرىدۇ. گەرچە ماڭا جامالىڭىزنى كۆرۈش نېسىپ بولمىغان بولسىمۇ خۇدايىم يېقىملىق ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاشقا نېسىپ قىپتۇ.

-مەن ئەمەت بىلەن ھېلىلا تېلېفوندا كۆرۈشكەن. سىزنى ياتىقىدا بار دېۋىدى، ئەھۋال سوراپ تېلېفون بېرىشىم.

-ۋاي رەھمەت... خۇداغا شۈكرى. بىزدەك بۇ شەھەرگە مۇساپىر بولۇپ كېلىپ قالغان كىشىنى ئىزدەيدىغانمۇ

قىزلار چىقىدىكەن.

— سودىگەر دېگەنغۇ گەپكە ئۇستا كېلىدۇ. سىزدەك ئوقەتچىلەرنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ كېتەلمەيدىغان قىزلار كۆپتۇر بەلكىم.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، ھەممە ئوقەتچى ئوخشاش بولامدۇ. مەن سىز ئويلىغاندەك ئۇنچىلىك تەلەيلىكلەردىن ئەمەس. تېرە سېتىپ جان باقىمەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئەمەت مېنى سىزگە تولۇق تونۇشتۇرمىغان ئوخشايدۇ.

— ۋىيەي، ئۆزىڭىزنى كەمسىتىپ تېرىچى دەپ يۈرىسىزغۇ، ئەمەت سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ماڭا تولۇق دەپ بەرگەن. كىيىم سودىگىرىكەنسىزغۇ؟

— ئانچە — مۇنچە ئوقەت قىلىپ قويىمەن شۇ. ئەمەت ماڭا سىزنىڭ بىر دوستىڭىزنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىۋىدى، ئۇ دوستىڭىزمۇ ئۆزىڭىزدەك چىرايلىقتۇ؟

— قېرىغاندا ئادەمنى چىرايلىق دېسە، ئەجەب غەلىتە تۇيۇلىدىكەن.

— ئەمىسە، ئادەم قېرىغاندا سەتلىشىپ كېتەمدۇ؟

— شۇنداق بولماي ئەمىسە...

— ئەمەت ماڭا سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى قىلىپ بەرگەن. ئۇ سىزنى خېلى قاملاشقان چوكان دېگەنىدى.

— ئەمەت مېنى ماختاپ بەك ئاشۇرۇۋېتىپتۇ. دوستۇمنىڭ ئىسمى تۇرسۇنگۈل. بۈگۈن ئۆيىدە دەم ئالدى. ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئېيتىپ بېرەي. تېلېفون بېرىپ كۆرۈشۈپ باقامسىز يا؟

— بىرەر قېتىممۇ يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان ئادەمگە يۈرىكىمنى قاپتەك قىلىپ تېلېفون بەرسەم، ئۇ مېنى ئۆتتۇپ كەتكەن شاللاق بىرنېمىكەن دەپ تىللاپ كەتسە قانداق قىلىمەن؟

— دوستۇم ئۇنچىلىك غەرەز ئۇقمايدىغانلاردىن ئەمەس. مېنىڭ ئىسمىمنى چىقارسىڭىزلا بولۇۋېرىدۇ. ئۇ ماڭا ئوخشاشلا تۇل ئايال. يېمەك — ئىچمەك شىركىتىنىڭ بوغالتىرى.

— ئايال خەق كادىر بولۇپ قالسا دىمىغى ئۈستۈن بولۇپ قالىدۇ. مەندەك بىر تېرىچىنى يارىتارمۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە تېلېفوننى ئېرى...

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسىز. ئۇ ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكىلى خېلى يىللار بولۇپ قالدى. ئۆيىدە ئۆزى يالغۇز ئولتۇرىدۇ.

— ئەمىسە، تېلېفون نومۇرىنى ئېيتىپ بېرىڭ. 774484 دېدىڭىزما؟' قېنى، مەن تېلېفون بېرىپ باقاي. ئۇنىڭ سەندەك يىگىتنى تونۇمايمەن دەپ قېلىشىدىن خۇدا ساقلىغاي! خوش ئەمىسە. پۇرسەت چىقىپ قالسا ئەمەت ئۆتىمىز بىر يەرگە جەم بولۇپ بىردەم — يېرىمدەم ھال — مۇڭ بولۇپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرارمىز. خوش، سالامەت بولۇڭ.

— رەھمەت، خوش ئەمىسە.

شەھەرنىڭ ئادەملىرى نېمىدېگەن تېز ھەم سەممىي ھە! كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايلا ئوچۇق — ئاشكارا ھالدا ئىزھار قىلىۋېرىدۇ. نۇرغۇن ئىشلارنى توغرا چۈشىنىدۇ. ھېلىم ھەر قېتىم شەھەرگە كەلسە ئەمەت ئۇنى زېرىكىپ قالمىسۇن دېگەندەك قىلىپ ئەل — ئاغىنە، تونۇش — بىلىشلىرىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بارىدۇ. بەزىدە تەسىرلىنىپ كېتىپ قالسا قىزلارنى چاقىرىپ ئولتۇرۇش قىلىدۇ. قىزلار بىلەن ئەركىن — ئازادە پاراڭلىشىدۇ. ئۇلار قىزىل ھاراق ئىچىشىدۇ، يۇمۇر ئېيتىشىدۇ، تانسا ئوينايدۇ. ھەر قېتىم كەلگىنىدە بىرەر سورۇنغا داخىل بولۇپ تۇرغاچقا ئۇنىڭ كالامپاي پۇتلىرىمۇ تانسىغا خېلى كېلىپ قالدى. ئەمەت ھەر قېتىملىق سورۇنغا باشقا — باشقا قىزلارنى باشلاپ كېلىدۇ. بەزى قىزلار بەيدىغاننى يەپ، ئىچىدىغاننى ئىچىپ سائەت بالدۇرلا: «ئاپام تىللايدۇ»، «ئېرىم ئۆيگە كىرگۈزمەيدۇ»، «بالام ئۆيدە يالغۇز قالغان»، «كېچىلىك ئىسمىنا ئىشلەيمەن» دېگەندەك باھانە — سەۋەبلەر بىلەن سورۇندىن چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ. ئەمەت ئالدى بىلەن ئۇلارغا يالۋۇرىدۇ، ئارقىدىن تىللايدۇ.

— ئاداش، خەق كېتىمەن دەۋاتسا، ئۇلارنى قېلىشقا زورلاپ نېمە قىلىسەن؟

— سەن بىلمەيسەن ھېلىم، بىز ئۇلارغا بىكارغا پۇل خەجلىمەيمىز... ئاخىرىغىچە ئولتۇرالمايدىغان ئادەم باشتىلا كەلمىسە بولمىدىمۇ. ئۇلار ئۆزىنىمۇ ئالدايدۇ، ئېرىنى، ئاتا — ئانىسى ھەم بىللە ئولتۇرغانلارنىمۇ ئالدايدۇ. بۇنداق قىلىپ نېمە كەپتىكەن. ئۇلار سورۇندىن بالدۇر چىقىپ كەتكىنى بىلەن باشقىلار ئۇلارنى بەربىر بۇزۇق قاتارىغا چىقىرىۋېتىدۇ.

— ئۇنداق ئادەملىكنى بىلگەندىكىن ئۇلارنى باشتىلا چاقىرماسلىقىڭ كېرەك ئىدى. ئىككىمىز مۇڭدىشىپ ئولتۇرساقمۇ كۇپايە. مەن قىزلار يوق ئىكەن دەپ خاپا بولۇپمۇ كەتمەيتتىم. مەستلىك، ساختا ھېسسىيات، تاماشا ۋە پۇل بىلەن قولغا كەلگەن لەززەتنىڭ ئاقىۋىتى قانچىلىك بولماقچىدى دەيسەن.

— ئەمدى ئاداش، سەن يىراق سەھرادىن ئالايتەن بۇ شەھەرگە كەلگەندە ئوينىتىپ قويغۇم كېلىدىكەن.

–بولدىلا ئاداش. ھېسياتنى، ۋاقىتنى، پۇلنى ئىسراپ قىلىپ نېمە كەپتىكەن.

ئۇلار ئەمەت بىلەن شۇنداق دېيىشىدۇيۇ، يەنە قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن لالما ئىتتەك سوكۇلداپ يۈرىشىدۇ. ھازىرغۇ كىمنىڭ ئېغىزىغا قارىسا ئۇلتۇرۇشنىڭ گېپى. ياشنىڭ ئېغىزىدىمۇ شۇ گەپ، قېرىنىڭ ئېغىزىدىمۇ شۇ گەپ. جۈمە، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى تېلېفون بوتكىلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كەچلىك ئۇلتۇرۇشنىڭ تەييارلىقىدا. تووا، مانا ئەمدى بۇ سەپكە ئۇمۇ قوشۇلۇپ يېڭى ئەزا بولۇپ كىردى. بۇنى كىمدىن كۆرسۇن؟ سەھرادا تانسىخانا، قاۋاقخانا، رېستۇران يوق. ھەممە خەق ئۆز غېمى بىلەن. كىچىككىنە كەپىسى ساپانىڭ داۋرىڭى يېزىغا پۇر كېتىدۇ، يېزىنىڭ قىزلىرى شۇڭلاشقا شەھەرگە قېچىپ كېلىدۇ. ئۆز سەھراسىنى ياراتمايدۇ. بەزىدە ئۇمۇ بىر – ئىككى ئاي سەھرادا تۇرۇپ قېلىپ شەھەر كۆرەلمەي قالسا بىر يېرى كەمدەك تۇيۇلىدۇ. قارىغاندا ئۇمۇ ئۇلتۇرۇشقا خۇمار بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇ بۇنداق قىلسا بولمايتتى. ئەمەت بۇ شەھەرگە كېلىۋالغىلى ئون نەچچە يىل بولدى. ئۇنىڭ قوشخانىدىن قويلارنىڭ قېرىنىنى توپ باھادا ئېلىپ ئاشخانىغا ئۆتكۈزىدىغان بۇ تىجارىتىمۇ خېلى يامان ئەمەس ئىكەن. بىراق توي قىلىش خىيالىغا كىرىپمۇ چىقماي ئويناپ يۈرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا دادىسى ئۇنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ ئۆيلەپ قوياي دېسە شەھەرگە قېچىپ كېلىۋالدى. ئۇمۇ ئوقۇپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىدى. يېزىدا خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولغان بولسا قانداق بولاتتىكىنتاڭ. راست، تۇرسۇنگۈل دېگىنى خېلى كېلىشكەن چوكانمىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئەمەتمۇ يۈز كۆرۈشۈپ باقماپتۇ. يۇلتۇزنى قىرىق ياشلارغا كىرىپ قالغان ئايال دەيدۇ. قارىغاندا قېرى ئاياللار ئوخشىمامدۇ. شەھەرلىك ئاياللارغۇ ئىتتىك قېرىمايدىكەن. ئوتتۇز ياشلىق ئاياللارمۇ يىگىرمە ياشلىق قىزلاردەك كۆرۈنىدىكەن. يېزىنىڭ ئاياللىرى بىر – ئىككىنى يەڭگەندىن كېيىن يىلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بولۇپ قالىدۇ. تووا، تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقى – دە، بۇ! ئۇ ئەمەتكە نەسىھەت قىلىپ:

–بولدى ئاداش، ساڭىمۇ تۇرمۇش لازىم بولىدۇ. بۇنداق بويتاق يۈرۈۋەرمەي ئۆيلىنىۋال. ئويۇن دېگەنىڭمۇ چېكى بولىدۇ، – دېدى.

–تېخى بىز ياش تۇرساق ئوينىماي نېمە قىلىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېپىدىرەك لايىق يوق.

–ئۆزۈڭنى بىر مەزگىل تۇتۇۋالساڭلا ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشەتتى.

–بولدىلا، ھاياتتا تولدۇرۇپ بولالمايدىغان ئىشلار كۆپ. بۇ توغرىدا سۆزلەشمەيلى. بۇ دو ئولتۇرىدىغىنىمىز ياشقا چوڭراق ئاياللار، يەپ قاچارلاردىن ئەمەس. مېنىڭ ئىشىم ھەققىدە كېيىنچە پاراڭلىشايلى. ساڭا تونۇشتۇرماقچى بولغان ئايال ئۈچ ئېغىزلىق بىنا ئۆيدە تۇل ئولتۇرىدۇ. تونۇشۇپ قالساڭ مېھمانخانىلاردىمۇ يېتىپ يۈرمەيسەن. ئاش – تامىقىڭمۇ ئاشۇ ئايالنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ. گەپ ئۇنى ئۆزۈڭنىڭ قانداق تەسىرلەندۈرەلىشىڭدە.

–قۇرۇق گەپ قىلمىغىنا ئاداش. مەن ئاياللارغا بېقىنىمىسام ياشىيالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالمىدىم تېخى!

–چاقچاق قىلىپ قويدۇم. ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا دەپتىكەن، ئەجەب ئاق كۆڭۈل بولۇپ كېتىپسەن.

ئەمەت ئاتايىن ياتىقىغا كېلىپ ھېلىمىغا خىزمەت ئىشلەپ كېتىپ قالدى. ئەمەت... ئەمەتقۇ مەيلى. ئۇنىڭ خوتۇن – بالىلىرى يوق... بىراق مەنچۇ؟ ماڭا ئويۇن ئويناپ نېمە كەپتىكەن. خوتۇن – بالام بار. ئۇلارنى بېقىش ماڭا قاراشلىق. قولۇمدىكى ئازغىنە پۇلدىن ئايرىلسام ئۇلارنى باقالمايمەن. بوپتىلا، بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىقى بولۇپ قالسۇن. تووا، مەن ھەر بىر نۆۋەت ئۆزۈمگە ئاشۇنداق ۋەدە بېرىمەن. لېكىن قاچان ئەمەل قىلىپ باقتىم؟! بۇ مۇساپىر شەھەردە غېرىپلىق باسقان ھامانلا ئەمەت نەگە باشلىسا شۇ يەرگە بارىمەن ... تۇترۇقسىزلىق. مەيلى ئالدى بىلەن تۇرسۇنگۈل بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي، قوپاللىق قىلسا تېلېفوننى گەپ قىلماي قويۇۋەتسەم بولدىغۇ...

–ۋەي، ياخشىمۇسىز، سىز تۇرسۇنگۈلمۇ؟

–شۇنداق مەن تۇرسۇنگۈل، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

ئاۋازىدىن قارىغاندا ياش ئايالدەك قىلىدۇ. ئېھتىمال ئەمەت ئۇنى كولدۇرلىتىش ئۈچۈن ياشقا چوڭراق ئايال دېگەن بولۇشى مۇمكىن.

–مەن كىم، قېنى ئۆزىڭىز تېپىپ بېقىڭە.

–مەمەتمۇ؟

–ياق، تاپالمىدىڭىز.

–ساۋۇتمۇ؟

–مېنىڭ ئالدىمدا نەدىكى بىر ناتونۇش ئەرلەرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ يۈرسىڭىز ئاچچىقىم كېلىدۇ جۇمۇ.

–ئەمىسە سىز كىم؟

-بىلمىدىڭىزمۇ؟ تاپالمىسىڭىز دەپ بەرمەيمەن.

-ئاۋازىڭىز تونۇشتەكلا قىلىدۇ. توغرا، سىز قاۋۇل ئىكەنسىز. ھەي جېنىم، بارمۇ سىز؟ ئەجەب يوقاپ كەتتىڭىزغۇ، ئالدىنقى قېتىم ئىشخانىڭىزغا تېلېفون بەرسەم «ئىشىم ئالدىراش» دەپ گەپنىڭ ئاخىرى تۈگمەيلا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويىۋەتتىڭىز. خەقنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قالارمۇ دېمىدىڭىز. مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى رەنجىتكۈدەك نېمە يامانلىق قىلدىم؟ سىزدىن پۇل تەلەپ قىلدىممۇ؟ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ پەرزەنتلىرىدىن بىرەرسىنى مەكتەپكە ئۆتكۈزۈپ قويۇڭ دېدىممۇ؟ مېنىڭ ھەممە نەرسەم تولۇق، مائاشىم ئۆزۈمگە يېتىپ ئاشىدۇ. بالىلىرىمنىڭ خىزمىتى تەل. ئەجەب ئاھانەت قىلدىڭىزغۇ ماڭا. بىز كۆڭۈل دەيمىز، كۆڭۈل!... بىلىمەن، سىزنىڭ ئايالىڭىز، بالىلىرىڭىز بار. لېكىن مەن سىزگە ھەمىشە ئېسىلىۋالاتتىممۇ، بىز باشقىلارنى ئاياشنى بىلىمىز. مەن تېخى سىزنى كادىر بولغاندىكىن خېلى ئىشلارنى توغرا چۈشىنىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەر خەق دېگەنغۇ يۈزسىز كېلىدۇ.

-سىز مېنى خاتا چۈشىنىپ قېلىۋاتىسىز. مەن...

-نېمىشقا خاتا چۈشەنگۈدەكمەن. سىزنى ئۆيدە مېھمان قىلىپ كېچە - كېچىلەپ كۈتكەن ئادەم يامان ئادەممۇ، بۇ قاراپ تۇرۇپ مېنى ئەخمەق قىلغانلىق ئەمەسمۇ. يا بىرەر قېتىم تېلېفون بېرىپ ئەھۋال سوراپ قوياي دېمەيسىز. ئادەم دېگەننىڭ بىر - بىرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىسە بۇ دۇنيادا ياشىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۇنداق قىلىپ كەتمەك قاۋۇل، بىزمۇ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق ئادەم، ئۆزىمىزگە تۇشلۇق غۇرۇر بىلەن ياشايمىز.

-قارىغاندا مەندىن خېلىلا رەنجىپسىز - دە!

توۋا، بۇ ئايال مېنى خاتا چۈشىنىپ كېلىۋاتىدۇ. يەنە قانچىلىك ئەرلەرنىڭ گېپىنى قىلىدىكىن.

-رەنجىگۈدەك ئىش بولغاندىكىن ئەلۋەتتە رەنجىيمەن - دە!

-رەنجىتكەن يېرىم بولسا بوپتۇ ئەمىسە، مەن سىزگە كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالغاندا تېلېفون بېرەي.

-ھەي... سىز...

ھېلىم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋېرىشكە رايى بارماي تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويىۋەتتى. ئۇ ئايال ئۇنى ئۆزى تونۇيدىغان بىرەر كادىرغا ئوخشىتىپ قاپتۇ. قىزىق ئىش بولدى - دە! ئۇ نۇرغۇن ئەرلەرنى تونۇيدىكەن. راست، نۇرغۇن ئەرلەرنى تونۇسا نېمە بوپتۇ. ئۇنىڭمۇ شەھەردىكى تونۇيدىغان قىزلىرى ئاز ئەمەس. چاقىرغۇ نومۇرلىرىمۇ بار. مەيلى، نېمە بولسا بولمامدۇ. تۇرسۇنگۈل مېنىڭ ئېلىپ قويغان خوتۇنۇممىدى. مۇشۇ ۋاقىتقىچە شەھەرلىك قىزلار بىلەن ئولتۇرغان بولسامۇ بىرەرسى بىلەن ئىچ - پەش تارتىشقۇدەك ئارىلىشىپ باقمىدىم. ئەمدى تۇرسۇنگۈلگە تېلېفون بەرسەم مېنىڭ ئاۋازىمنى تونۇپ قالارمۇ، ھەممە بالانى ئۆزۈم تېرىدىم. ئۇ مېنى بىرسىگە ئوخشىتىپ قالدى. مەيلى، نېملا بولمىسۇن ئۇقماسقا سېلىپ تېلېفون بېرەي.

-ۋەي، سىز تۇرسۇنگۈلمۇ؟

-شۇنداق.

-ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ دوستىڭىز يۇلتۇز سىزنى ئۆيدە بار دېۋىدى. شۇڭا تېلېفون بېرىشىم، مەن يۇلتۇزنىڭ دوستى ئەمەتنىڭ ئاغىنىسى بولىمەن. شۇڭلاشقا باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ.

-ياقەي! نېمىشقا باشقىچە چۈشىنىپ قالغۇدەكمەن. يۇلتۇزنىڭ دوستلىرى مېنىڭمۇ دوستۇم بولىدۇ. ئۇ ماڭا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ بەرگەن. ئەمەت بىلەن تېخى يۈز كۆرۈشمىگەن بولساقمۇ تېلېفوندا ئەھۋاللاشقان.

-بۈگۈن ئىشقا بارماپسىزغۇ؟

-زۇكام بولۇپ قالغان، شۇڭلاشقا بىر - ئىككى كۈن ئۆيدە ئارام ئالايمىكىن دەيمەن.

-توۋا، بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى ھەممىسى كېسەل كۆرپىسى بولۇپ قالدىمۇ نېمە، قارىسام ھەممە ئادەم زۇكامدەك.

-بۇنى بىر دېمەڭ، يۇقۇملۇق زۇكام تارقالغان ئوخشايدۇ.

-ئىسسىق سۇيۇقئاشتىن بىر چىنە ئىچىپ يوتقانغا پۈركىنىپ، تازا تەرلىنىپ ئۇخلىسىڭىز ئوڭشىلىپ قالىسىز. ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز كۈتۈشنى بىلمىسىڭىز خەق سىزنى كۈتەمدۇ؟

-توۋا... رەھمەت سىزگە.

-نېمىگە توۋا دەپ، نېمىگە رەھمەت ئېيتىسىز؟

-مەن بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغىلى ئۇزۇن يىللار بوپتىكەن. ئەجەب تاتلىق گەپ قىلىدىكەنسىز. قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

-يىگىرمە ئالتە ياشقا.

-بەكلا ياشكەنسىز.

-قانداق، ياش بولسام بولمامدىكەن ياكى ياشلارنى تەجرىبىسىز، ئىش ئۇقمايدۇ دەپ قالدىڭىزمۇ، ئۆزىڭىز

قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

- ئوتتۇز يەتتە ياشقا، قېرىپ قالدۇق.

- قىرىق ياشنى قېرى دېگىلى بولمايدىغۇ؟ ئۇ دېگەن ئادەمنىڭ ھەممە تەرەپتىن تازا پىشىپ يېتىلگەن مەزگىلى.

- بەك ئورۇنلۇق گەپ قىلىدىكەنسىز، بىرەر ئىدارىنىڭ كادىرى ئوخشىمامسىز؟

- ياق، مەن ئوقەتچى، تىرىچىلىك قىلىمەن. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي سەھرادا قالغان يىگىتمەن. سىزنىڭچىزە، كادىرلارلا ئورۇنلۇق گەپ قىلىدىكەن - دە!

- ياق، ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن. راست، توي قىلدىڭىزمۇ؟

- توي قىلدىم، بىراق ئايالىم ئانىسىنىڭكىدە يامانلاقتا.

توۋا، ئايالى نەدىمۇ يامانلاقتا بولسۇن؟ قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆزى ئالداۋاتقىنى نېمىسى؟! ئايالى شۇنداق سەمىمىي، باشلانغۇچ مەكتەپتە خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولسىمۇ تۇرمۇشتا رەتلىك، ماڭا ئىشىنىدۇ. تۇرسۇنگۈل بۇنىڭغا نېمە دەيدىكىنە؟

- سەھرانىڭ ئاياللىرىمۇ قىزىق. بىر - ئىككى مېتىر رەخت بىلەن ئائىلىنى، نىكاھنى، مۇھەببەتنى، كۆڭۈلنى ئۆلچەيدۇ.

- ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ. سەھرا ئاياللىرىنىڭ شەھەر ئاياللىرىدەك ھەممە نەرسىسى تولۇق ئەمەس - دە!

- بۇ گېپىڭىزغۇ ئورۇنلۇق.

- سىز چىرايلىقمۇ؟

بۇ گەپنى قايسى كىنودا دېگەن بولغىيتتى.

- نېمە دېسەم بولار، ھەرھالدا يامان ئەمەس، ياش چوڭايغانسېرى ئادەم ئاستا - ئاستا ئۆزىنىڭ چىرايىدىن كېتىدىكەن.

- ئاۋازىڭىزنىڭ يېقىملىقلىقىغا قاراپ كۆز ئالدىمغا پەرىشتە سۈپەت بىرى كېلىۋاتىدۇ. سىزنىڭ مۇبارەك جامالىڭىزنى تېزرەك كۆرسەم دەپ ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن.

- مېنىڭمۇ سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ تېزرەك كۆرۈشكۈم كېلىۋاتىدۇ.

- ئىككىمىزنى تونۇشتۇرۇپ قويغان يۇلتۇز بىلەن ئەمەتكە رەھمەت ئېيتايلى.

- سىز بەك گەپچى ئىكەنسىز.

- ئوقەتچى دېگەن گەپ بىلەن پۇلغا تايىنىپ جان باقىدىغان خەق. دېگەنلىرىم خاتا ئەمەستۇ، خاتا بولسا قايتۇرۇۋالىمەن جۇمۇ.

- ھەرگىز خاتا ئەمەس. سىز ئاممىۋى تېلېفوندىن بېرىۋاتقان بولسىڭىز، تېلېفون نومۇرىڭىزنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ. سىزگە مەن تېلېفون بېرەي، بىكارچىلا ئوشۇق پۇل تۆلەپ يۈرمەڭ.

- ھېچقىسى يوق، مەن ياتىقىمدىن تېلېفون بېرىۋاتىمەن. بىز قاچان كۆرۈشەلەرمىز؟

- قاچان بولسا بولىۋېرىدۇ، تېلېفون نومۇرىنى بىلىدىكەنسىز. كۆرۈشىدىغان ۋاقىتتا ماڭا تېلېفون بېرىڭ. ئىسمىڭىزنى ھېلىم دېدىڭىزما؟

- شۇنداق، مودىدىن قالغان ئىسىممىكەن؟

- توۋا، ماڭا ئوخشاش ئىسىملىك ئەرلەرلا ئۇچرامدىغاندۇ؟

- قانداق دەيسىز؟

- مېنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەن ئېرىمنىڭ ئىسمىمۇ ھېلىم ئىدى.

- بۇ كېلىشمەسلىكنى كۆرۈڭ. ئاجرىشىپ كەتكەن ئېرىڭىزنى ئېسىڭىزگە كەلتۈرۈپ قويۇپ قاملاشمىغان ئىش قىلىپ سالدىممۇ نېمە؟

- ھېچقىسى يوق، ئەرزىمەيدىغان ئادەم ئۈچۈن ئازابلىنىپ نېمە كەپتىكەن.

- راستىنى ئېيتسام مېنىڭغۇ ھازىرلا كۆرۈشكۈم بار ئىدى. بىراق بەك كەچ بولۇپ كەتتى. مۇنداق قىلايلى. مەن ئەمەت بىلەن ئالاقىلىشىپ باقاي، سىز شەنبە، يەكشەنبە دەم ئالىسىزغۇ، شەنبە كۈنى تۆتىمىز بىر يەرگە جەم بولۇپ بىردەم - يېرىمدەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرالايلى. ئارىلىقتا مەنمۇ بەزىبىر سودىلىق ئىشلىرىمنى تۈگىتىۋالاي.

- بۇمۇ بولىدىغان گەپ، ئەمىسە شۇنداق پۈتۈشتۇق، خوش.

- خوش، ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ، ياخشى چۈش كۆرۈڭ، كەچتە تېلېفون بېرىپ سىزنى ئاۋارە قىلدىم.

- ئۇنداق بولامدىغان، رەھمەت.

توۋا، تۇرسۇنگۈل راستىنلا تۈز، سەمىمىي ئايال ئىكەن ئەمەسمۇ. تېخى مېنى چىقىمدار بولۇپ قالمىسۇن، دەپ تېلېفوننى مەن بېرەي دەيدۇ. ئاۋازىنىڭ يېقىملىق ئىكەنلىكىدىن قارىغاندىغۇ خېلى قاملاشقان، ياش ھەم چىرايلىق چوكاندەك قىلىدۇ. ئۇ ئېرى بىلەن نېمىشقا ئاجرىشىپ كەتكەندۇ. بىرەرسى كوچىغا قاراپ قالغان بولغىيمىدى. ھازىرقى ئادەملەرگە بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ. مەنمۇ مانا شۇ يولدا يۈرۈۋاتىمەنغۇ... ياق، مەن ئايالىم بىلەن بالامنى ئۇنتۇپ

قالغىنىم يوق... ھەممە نەرسىنىڭ چېكى بار. ئەمەت ئۆيلىنىۋالسا بولاتتى. ئادەم دېگەن ئاغرىپ يېتىپ قالمايمەن دېيەلمەيدۇ. ھازىر شەھەرنىڭ رېستورانلىرى، قاۋاقخانىلىرى، كېچىلىك بەزمىخانىلىرى قىزىپ كەتتى. سەھرالىقلار ئۇيقۇدا. مەنمۇ سەھرالىق. ئەمەت بىر يەرگە ئولتۇرۇشقا بارىمەن دېگەندەك قىلىۋىدى. ھاراقنى ئازراق ئىچسە بولاتتى. جان يەنىلا ئۆزىگە لازىم بولىدۇ. پۇلنىغۇ يامان ئەمەس تاپىدىكەن. بالدۇرراق ئارام ئالاي، ئەتە توپ سېتىش بازارلىرىنىڭ ھەممىسىنى چالا قويماي ئايلىنىدىغان گەپ. باھاسى چۈشۈرۈلگەن كىيىم ـ كېچەك بولسىغۇ بىراقلا يۆتكەپ ئازراق نەپكە ئېرىشكىلى بولاتتى.

2

شەنبە، تەققازالىق بىلەن كۈتكەن شەنبە ئاخىر يېتىپ كەلدى. لېكىن ھېلىم توپ سېتىش بازارلىرىدا ئالدىراش يۈرۈپتۇ. ئەمەت بىلەن ئالاقىلىشىپ شەنبە كەچتە تۇرسۇنگۈلنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرىدىغانغا پۈتۈشكەنىدى. بۈگۈن قېرىشقاندەك يامغۇر توختىمىدى. بۇ شەھەر تاغ ئارىسىغا جايلاشقانلىقىدىنمىكىن ئاسماندا بۇلۇت كۆرۈنگەن ھامان تۇۋى تۆشۈك چېلەكتەك يامغۇر قۇيۇلۇپ كېتىدۇ. بەزىدە ھاۋاسى بىراقلا ئىسسىپ دىمىق بولۇپ، شەھەردە ئادەمنى تۇرغۇسىز قىلىۋېتىدۇ. بىرەر ھەپتىگىچە دەرەخ يوپۇرماقلىرى مىدىراپ قويايمۇ دېمەيدۇ. ئاخشاملىرى ئادەم تۈزۈككىرەكمۇ ئۇخلىيالمايدۇ. شەھەرنىڭ ئادەملىرى بۇنداق ھاۋاغا كۆنۈك. سەھرادا يىل ـ ئايلاپ يامغۇر ياغمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى يەنىلا سالقىن، قىش كۈنلىرى ئېزىپ قالغاندەك، خۇددا دېھقانلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بىرەر قېتىم قار ياغدۇرۇپ قويىدۇ. بۇ قار ئاسمانغا كۈن چىقىش بىلەن تەڭ ئېرىپ تۈگەيدۇ...

ئۇ توپ سېتىش بازارلىرىنى بىر كۈن ئايلىنىپ ھېرىپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالدى. ئادەملەر قۇرتتەك قىم ـ قىم تۇرغان توپ سېتىش بازىرىدا قىستاڭچىلىق دەستىدىن ئەركىن ـ ئازادە ماڭغىلىمۇ بولمايدۇ. تۇۋا، ئىككى يانچۇقچى ئۇنىڭ سەھرادىن كەلگەنلىكىنى قانداق بىلىپ قالغاندۇ. خۇددى ھېلىم ئۇلارنىڭ چوڭ دادىسىدەك ئارقىسىدىن ئىككى سائەت سوكۇلداپ يۈردى. ئۇلارنى ئاران ئېزىقتۇردى. بۇ شەھەرنىڭ يانچۇقچىلىرى ھەممە ئادەم قاراپ تۇرسىمۇ چاتىقى يوق خەقلەرنىڭ يانچۇقىغا ئەيمەنمەي قول سېلىۋېرىدىكەن. نومۇس، خىجىل بولۇش، قورقۇش دېگەنلەرمۇ يوق ئىكەن. سەھرادا بولىدىغان بولسا بۇنداق نومۇسسىزلارنى خەقلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇشتىن يانمايدۇ. لېكىن شەھەرلىكلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن قىلچىمۇ چاتىقى يوق ئىكەن. تۇۋا دەيمەن، يا بىر مېنىڭ پېشانەمدە «مەن سەھرالىق» دېگەن خەت يېزىقلىق بولمىسا، بىلگەندەك مېنىڭ كەينىمگە كىرىۋالغىنى نېمىسى؟ خۇددى ماڭا پۇل تېپىشىپ بەرگەندەك. مەن سېتىۋالغان ئاياغ ۋە باللار كىيىملىرىنى يوغان تۆت تاغارغا قاچىلاپ ھارۋا كىرا قىلىپ ئۆزۈم ياتقان مېھمانخانىنىڭ يۈك ـ تاق ساقلاش ئۆيىگە قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇۋالغان ئىشىممۇ تازا جايىدا بولدى. ئەمەت تۇرسۇنگۈلنىڭ ئۆيىدە ساقلاۋاتىدۇ. ئۇ قىزلار بىلەن كۆرۈشىدىغانغا پۈتۈشۈپ قويسا ۋاقتىدا بەكمۇ رىئايە قىلىدۇ. چاچلىرىنى ياستىپ، گالستۇك تاقاپ، ئالاھىدە ياسىنىپ بارىدۇ. ئۇ «نوپۇسىم ھەل بولسىلا شەخسىي قورۇ ـ جاي سېتىۋېلىپ توي قىلىمەن» دېگەندەك قىلىۋىدى، بۇنداق ئويناپ يۈرسە قانداقمۇ توي قىلار، شۇ تاپتا مېنىڭ ۋاقتىدا بارالمىغانلىقىمدىن ئاغرىنىپ قانچىلىك جىلە بولۇپ ئولتۇرغاندۇ ھە! لېكىن ئۆزىنىڭ قىزلار بىلەن بىر قېتىملا ئارىلىشىپ زېرىكىپ قالىدىغان خۇيىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مەزگىلىمىزدە سىنىپتىكى قىزلارنىڭ ھەممىسىگە بىر قېتىمدىن تەلەپ قويۇپ چىققانىدى. مېڭىشتىن بۇرۇن تۇرسۇنگۈلنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بېرىۋېتەي.

ـ ھېلىممۇ سەن ئاداش، ئەجەب يوقاپ كەتتىڭ، بىز تېخى سېنى باشقا بىرسى ئېلىپ كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپتىمىز.

ـ بۇ شەھەردە تونۇمىغان ئادەمنى ھېچ كىشى ئېلىپ كەتمەيدىكەن.

ـ ئادەمنى شۇنداقمۇ ساقلاتقان بارمۇ.

ـ ئىشلىرىمنى ئەمدى تۈگەتتىم. مېڭىشنىڭ ئالدىدا خەۋەرلەندۈرۈپ قوياي دەپ تېلېفون بېرىشىم.

ـ ئۇنداق بولسا ھازىرلا ماڭ، تاكسىغا ئولتۇرۇپ كەل، بىراقزە...

ـ نېمە بىراقزە... قانداق دەيسەن، ئىشتىن چاتاق چىقتىمۇ؟

ـ چاتاققۇ چىقمىدى، بولدى كېلىۋەر، كەلگەندە بىلىسەن. مەن تۆرلۈك ماللار سودا سارىيىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرىمەن.

تۇۋا، ئەمەت چۈشىنىكسىزلا بىر گەپنى قىلدىغۇ، ئۆزى ئادەمنى ئالدىرىتىپ بىر قىلىۋېتىدۇ. مانا ئەمـ

دى... ياكى بىرەرىنىڭ ئىشى چىقىپ قالغانمىكىنە ياكى ئۇلار مېنى ۋاقتىقا رىئايە قىلمايدىكەن دەپ بىز بىلەن بولىدىغان ئولتۇرۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ باشقا يەرگە ئولتۇرۇشقا كېتىپ قالدىمىكىنە. دېمىسىمۇ بۇ شەھەرنىڭ قىز - چوكانلىرى بىلەن ئولتۇرىدىغان ئىش بولسا بالدۇرراق پوتۇشۇپ قويمىسا، باشقا ئولتۇرۇشقا كېتىپ قالىدىكەن. ئادەملەرنىڭ ئولتۇرۇشقا بولغان ۋاقىت قارىشى ئالاھىدە ئىكەن، بولۇپمۇ خالىي ئولتۇرۇشلارنىڭ ۋاقتىغا بەك رىئايە قىلىدىكەن. سەھرا بولىدىغان بولسا بىرى بىلەن يەكشەنبە كۆرۈشمەكچى بولۇپ پوتۇشۇپ قويغان بولساق، بارالمىساق كېيىن ئۇنىڭغا «مەھەللىمىزگە سۇ نۆۋىتى كېلىپ قالغانتى» دەپ قويساق كەچۈرۈۋېتىدۇ. ئەمەتنىڭ خاپا بولۇشىنى. مەن بۇ شەھەرگە ئاياللار بىلەن كۆڭۈل ئاچقىلى كەلمىدىم، بەلكى مال ئالغىلى كەلدىم. بىراق بۇ گەپنى بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان ئەمەتكە دېگىلى بولمايدۇ - دە! ئۇ مەن ئۈچۈن بەدەل تۆلەۋاتىدىغۇ. ئەمەتمۇ ئولتۇرۇشنىڭ ئەتىسى پۇشايمان قىلىدۇ. كىملەرنىدۇر تىللاپ ئاغرىنىدۇ، ئىككىنچىلەپ بۇنداق يولغا ماڭمايمەن، دەيدۇ. لېكىن ئازراق مەزگىلدىن كېيىن يەنىلا ئەسلىمىزگە قايتىپ قىزلار بىلەن ئولتۇرۇش قىلىمىز.

ئەمەت تۇرلۇك ماللار سودا سارىيىنىڭ ئالدىدا ئۇنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

-قانداق، مېھمانلار كېلىپ بولدىمۇ؟

-كېتەمدۇق ئاداش؟

ئەمەتنىڭ چىرايىدا ئولتۇرۇش خۇشياقمىغاندەك ئالامەتلەر ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

-نېمىشقا ئەمدى؟

-ساڭا تەقسىم بولغان تۇرسۇنگۈل دېگەن ئايال سەل قېرىدەك قىلىدۇ. چىرايىمۇ ئادەتتىكىچە ئىكەن، ئۇنى ياراتماي قالارسەنمىكىن دەيمەن.

- ئالايتەن بۆگۈنكە پوتۇشۇپ بۇ يەرگە كەلگەندە كېتىپ قالساق ئوبدان بولماس، ئۇلارنى ئەمرىمىزگە ئالدىغان بولمىغاندىكىن بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ كۆڭلىمىزگە ياقماي قالسا قايتىپ كەتسەكمۇ بولىدىغۇ...

تووا، ئەمدى ماڭا نېمە بولۇۋاتىدۇ، ئۆزۈمنى تۇتالماي قېلىۋاتىمەنغۇ، مەيلى، بىردەم تاماشا كۆرمەمدۇق.

- يۇلتۇز تېخى كەلمىدى. ئۆيدە ياشقىنە بىر قىز ئولتۇرىدۇ. يۇلتۇز كەلمىسىغۇ تۆتىمىز ئولتۇرۇۋېرەتتۇق. قارىغاندا يۇلتۇز يەنە بىر دوستىنى باشلاپ كېلىدىغان ئوخشايدۇ. قېرى ئاياللارنىڭ ئارىسىدا تالاشتا قالمايلى دەيمەن.

-ئولتۇرىشمىزچە ئولتۇرمامدۇق.

-مەيلى ئەمسە، ئىش ئەپلەشمەي قالسا غىپپىدە تىكىۋېتەرمىز.

يۇلتۇز دېگىنى تېخى يېتىپ كېلىپ بولالماپتۇ. يەنە هاراق ئىچىدىغان گەپ، هاراق ئىچمىسە سورۇن قىزىمايدۇ. ئويۇن - تاماشىنى تاشلاپ قويسا بۇ شەھەردە باشقىلار بىلەن ئارىلاشقىلى بولمايدىغاندەكلا... دۆڭ مەھەللىلىك مېھرىنى مۇشۇ شەھەرگە يېنىپ كەپتۇ دەۋاتقان، بىراق كوچىلاردا ئۇنى ئۇچراپ قالارمىكىن دېسەم قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى ئۇ كاساپەت. چىراي دېسە سىنىپىنىڭ ئالدى ئىدى. ئېرى بىلەن نېمىشقا چىقىشالمىدىكىنە؟ توپىلىق سەھرانى ياراتمىغاندۇ ھەقاچان... ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان مەزگىللىرىدە بېشىغا ياغلىق چەگمەي يۈرەتتى. هازىر قىزلار بېشىغا ياغلىق ئارتىش ئەمەس، چاچلىرىنى ئوغۇللاردەك كالتە قىلىپ كەستۈرىدىغان بولۇۋېلىشتى. شەھەرنىڭ قىزلىرىغۇ چاچلىرىنى خىيالىغا كەلگەن رەڭلەردە بوياپ، بىر يەرلىرى ئېچىلىپ قالغۇدەك دەرىجىدىكى قىسقا يوپكىلارنى كىيىپ كوچىلاردا يۈرسىمۇ خەقنىڭ چاتىقى يوق ئىكەن.

تۇرسۇنگۈلنىڭ ئۆيى 6 - قەۋەتتە ئىكەن. ئۇلار تىك پەشتاقتىن هاسراپ - هۆمىدىگىنىچە 6 - قەۋەتكە ئاران ئۇلاشتى. ئىشىك ئالدىدا بىردەم دېمىنى ئېلىۋېلىپ ئىشىكنى چەكتى.

-كىرىڭ!

-ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

ئالدىمىزغا چاچلىرىنى كەستۈرۈپ قارىدا بوياۋالغان، چېقىر كۆز، مەڭزىلىرى گۆشلۈك، ئېغىزى سەل قىڭغىر كەلگەن، بويى ئېگىز، ئازراق قورسىقى چىقىپ قالغان، ئۇچىسىغا شاپتۇل چېچەكلىك رەڭگىدە نېپىز يۇڭ پوپايكا، يوللۇق سارجىدىن يوپكا كىيىۋالغان 45 - 50 لەردىكى بىر ئايال چىقىپ كەلدى. ئايالنىڭ تېنىدىن قويۇق ئەتىر ھىدى كېلەتتى.

- قانداق، ياخشىمۇسىز، - دېدى ئايال سۇس تەبەسسۇم بىلەن. ئەمەتكە بەك قىزىق تۇيۇلۇۋاتسا كېرەك، كۆلكىدىن ئۆزىنى ئاران - ئارانلا تۇتۇپ ھېلىمنى بېقىنىلىدى.

-خۇداغا شۈكرى، مۇشۇنچىلىك تۇرۇپتۇق.

-قېنى ئىچكىرىسىگە...

ئىككىسى مېھمانخانا ئۆيىگە كىردى. دىۋاندا

چاچلىرىنى كەستۈرۈپ قىزغۇچ بويىۋالغان، ئۈچىسىغا مەيدىسى كۆرۈنۈپ قالغۇدەك دەرىجىدىكى ئەرزان باھالىق قارا مايكا (ھېلىم بۇ مايكىنى توپ سېتىش بازىرىدا كۆرگەن)، ھازىر شەھەردە مودا بولۇۋاتقان يولۋاسنىڭ تېرىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان رەختتە تىكىلگەن تار ئىشتان كىيىۋالغان يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز ئولتۇراتتى. ھېلىم ئۇ قىز بىلەن بۇ شەھەرنىڭ قائىدىسى بويىچە بېشىنى مۇنداقچىلا لىڭشىتىپ قويۇش بىلەن سالام قىلىشقاچ ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى.

ئۈنئالغۇدىن ناخشا ياڭراپ تۇراتتى. ئەمەت ئۆزلىرىنى ئۆزئارا تونۇشتۇردى.

—بۇ ئاغىنىمىزنىڭ ئىسمى ھېلىم، ئۆزۈڭلەرمۇ مەندىن بالدۇرراق تونۇشۇپتىكەنسىلەر، بىز ئۇنى «تەلەيلىك قوچقار» دەپ ئاتايمىز.

ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەمەت ھازىر بەك گەپچى بولۇپ كېتىپتۇ. «تەلەيلىك قوچقار» دېگىنى مەھەللىمىزدىكى مامۇت. ئۇ ھازىر كەنت باشلىقى بولدى. ئەمەت ھېلىمنى قەستەن مازاق قىلىپ، تۇرسۇنگۈلدىن تەلىيىڭ كەلدى دېمەكچى بولسا كېرەك.

— تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ خانىمنىڭ ئىسمى تۇرسۇنگۈل، بۇ قىزنى تۇنجى كۆرۈشۈم، شۇڭلاشقا...

—ئىسمى گۈلنىسا، بىزنىڭ سىڭىل دوستىمىز، — دېدى تۇرسۇنگۈل ئىزاھات بېرىپ. ھېلىم تۇرسۇنگۈلگە قايتىدىن نەزەر تاشلىدى. ئېڭەكلىرىنىڭ ئاستىدىكى گۆشلىرى ساڭگىلاپ قاپتۇ. كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇنلىغان سىزىقچىلار پەيدا بولۇپتۇ. توۋا، تۇرسۇنگۈل كىمگە ئوخشايدۇ. ئەجەب بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ... توغرا، يېزا باشلىقىنىڭ ئايالى. توۋا، ئادەم دېگەنمۇ شۇنداق ئوخشىشىپ كەتكەن بارمۇ. يېزا باشلىقىنىڭ ئايالى بىلەن كىيىم كىيىشىمۇ، رەڭگىرويىمۇ، بوي تۇرقىمۇ، قاپاقلىرىمۇ، چاچلىرىنىڭ شەكلى ھەم رەڭگىمۇ، ئىشقىلىپ ھەممە تەرىپى ئوخشىشىپ كېتىدىكەن ئەمەسمۇ! يېزا باشلىقىنىڭ ئايالى بۇ شەھەرگە بىلىم ئاشۇرغىلى كېلىپ يېرىم يىل بولا — بولمايلا چاچلىرىنى كەستۈرۈپ تۇرسۇنگۈلدەك ياسىنىپ سەھراغا بېرىپتىكەن. ئۇ چاغدا ئۇ كىشىلەرگە:

—بۇ دېگەن مەدەنىيەت، بىز قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى پاقىدەك ياشاپ، ھېچنەرسىنى بىلمەي يۈرۈپتۇق، — دېگەنىدى.

كېيىن يېزا باشلىقىنىڭ ئايالىنىڭ دەۋىتى بىلەن يېزا دوختۇرخانىسىدىكى ئاياللار، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە بازار باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى ئاياللار چاچلىرىنى كەستۈرۈپ يېزىمىزغا «مەدەنىيەت» تارقاتتى. ئايال خەق دېگەن دورامچۇق كېلىدىغان ئوخشايدۇ...

تۇرسۇنگۈل چاي دەملىدى. بىرەر ئوتلامدىن چاي ئىچىشكەندىن كېيىن تۇرسۇنگۈل گۈلنىسانى چاقىرىپ ياندىكى ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

— ئەمەت، سەن مېنى بىر قېرى موماينىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەپسەن، ئۇنى نېمىدەپ ئاتىشىمنىمۇ بىلمەي قېلىۋاتىمەن.

— ھاماچا دەپ ئاتىماسەن، — دېدى ئەمەت خىرىلداپ كۈلۈپ.

—ئىسمىنى چاقىرساملا بولار، راست، يۇلتۇز دېگىنىڭ كەلمەيدىغۇ.

—يولغا چىقىپتىكەن، يېتىپ كېلەي دەپ قالدى.

—تاك... تاك... تاك...

ئۇلار يېتىپ كەلگەندەك قىلاتتى. تۇرسۇنگۈل ئىشىكنى ئاچتى. بىراق ئۇلار ئۆيگە كىرمەيلا ئىشىك ئالدىدا بىرنەرسە دېيىشىپ گۇدۇڭلاشتى. خېلىدىن كېيىن تۇرسۇنگۈل بىلەن گۈلنىسا ئىككىسى مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى. تۇرسۇنگۈلنىڭ كەيپى چاغ ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىچىلا قايناپ كەتتى:

—يۇلتۇز دائىم ئولتۇرۇش قىلايلى دېسەك نەدىكى بىر كوچىدا قالغان نېمىلەرنى باشلاپ كىرىدۇ. تىنچ ئولتۇرسىغۇ مەيلى، ئازراق ئىچىۋالغاندىن كېيىن ئۆينى بېشىغا كىيىدۇ. قوشنىلارنىڭ ئارام ئېلىشىغىمۇ دەخلى قىلىدۇ، بۇنداق قىلىۋەرسە، قولۇم — قوشنىلار ساپلا بىر ئىدارىدىكىلەر تۇرسا، مەن ئىدارىدە يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاستىنقى قەۋەتتە باشلىقىمىز ئولتۇرىدۇ. يۇلتۇز ئۆزى تۇل بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بىرەر قېتىممۇ مېھمان چاقىرمايدۇ. ھەدېسە «بالىلىرىم چوڭ بولۇپ قالدى» دەپ ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. قىلغۇلۇقنى خەقنىڭ ئۆيىدە قىلىشقا ئامراق.

— يۇلتۇزنى قايتۇرۇۋەتكەن ئوخشىمامسىز، — دەپ سورىدى ئەمەت.

— ئارقىسىغا سېلىپ كەلگەن بىرنېمىسىنى يوقاتمىسا مەن ئۇنى ھەرگىزمۇ ئۆيگە باشلىيالمايمەن.

— ھەرقانچە بولسىمۇ دوستىڭىزنى رەنجىتىپ قويمىسىڭىز بولاتتى، — دېدى ھېلىممۇ سۆز قىستۇرۇپ.

تەكرارلىنىپ كەتتى. ئاياۋەرسەم بېشىمغا مىنىۋالىدىغان ئوخشايدۇ، تۆتىمىز ئولتۇرىۋەرمەمدۇق.

ھېلىم ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز قىلمىدى. توۋا، ئاياللار كېلەر ـ كەلمەيلا بازىرىمىز چىقىپ كەتتىغۇ. بىركەمدە تېلېفون جىرىڭلىدى. تۇرسۇنگۈل تېلېفوننى ئېلىپ:

ـ يۇلتۇزكەن، ئەمەت سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، ـ دېدى.

ئەمەت كارىدورغا چىقىپ تېلېفوندا يۇلتۇز بىلەن بىردەم سۆزلەشكەندىن كېيىن:

ـ مەن پەسكە چۈشۈپ چىقاي، ـ دەپ چاپىنىنى كىيىپ چۈشۈپ كەتتى. ھېلىم گۈلنىسا دېگىنى قانداق قىلىدىكىن دەپ تاماكا تۇتۇۋېدى، ئۇ تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايلا ئالدى. ئىككىسى بىر تالدىن تاماكا چېكىشتى... ھېلىمنىڭ تونۇمىغان ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ قالسا ئىچى بەك سىقىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈنئالغۇدا ياڭراۋاتقان «ئازغۇن» ناملىق ناخشا خۇددى ھېلىم ئۈچۈنلا ئوقۇلۇۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. راست، ھازىر ئۇمۇ بىر ئازغۇنغۇ. بۇ يەردىن ئۇنى كىم قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ. ئۆزى، پەقەت ئۆزىلا... لېكىن ھاياتتا بېسىپ بولغان قەدىمىنى ئارقىسغا ياندۇرغىلى بولمايدۇ. ئۈچىسى بىر ـ بىرىگە گەپ قىلماي بىرھازا ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ كېتىشتى. بىركەمدە تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى. تۇرسۇنگۈل كارىدورغا چىقىپ تېلېفوننى ئېلىپ ھېلىمنى چاقىردى.

ـ ئەمەتكەن، سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ.

ھېلىم بېرىپ تېلېفوننى ئالدى.

ـ ھېلىم ئاداش، ئۇ خوتۇننىڭ قېشىدىن يېنىپ چىقمامسەن، باشقا يەرگە بېرىپ ئولتۇرمامدۇق. يۇلتۇزنىڭ دوستى شۇنداق چىرايلىقكەن.

ـ ئۇنداق قىلساق نامەردلىك بولۇپ قالار.

ـ ئۇنداق ئاياللار مەردلىك، ۋاپادارلىق دېگەنلەرنى بىلەتتىمۇ، ئالدىڭغا كەلگەن ئاش ھېساب.

ـ ھەي، بولماسمىكىن.

ـ ئالدى بىلەن پەسكە چۈشە، قالدى گەپنى شۇ چاغدا دېيىشەيلى.

ـ مەيلى ئەمىسە.

ھېلىم تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويدى. قانداق قىلسا بولار. ئۇلار بىلەن كېتىپ قالسا تېخى، نېمە بولسا بولسۇن پەسكە بىر چۈشۈپ چىقىشى كېرەك. ئۇ خېلىغىچە ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن تۇرسۇنگۈلگە:

ـ مەن ئەمەت بىلەن كۆرۈشۈپ چىقاي، ـ دېدى.

ـ بەك خىجىلچىلىقتا قالسىڭىز، ئۇلار بىلەن كەتسىڭىزمۇ رەنجىمەيمەن.

ـ قىزىق گەپ قىلىسىزغۇ، ھازىرلا قايتىپ چىقىمەن.

ئەمەت بىنانىڭ ئالدىدىكى ئاممىۋى تېلېفونخانىدا ھېلىمنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا بويى ئېگىز، ئۈچىسىغا نېپىز خۇرۇم چاپان كىيىۋالغان، ئاق پىشماق كەلگەن، ئوغۇل باللارنىڭكىدەك قىسقا قىلىپ ياستىۋالغان چېچىنى سېرىقتا بويىۋالغان، رەڭگىرويى پاكىز، خېلى قاملاشقان بىر ئايال تۇراتتى. ئەمەتنىڭ يۇلتۇز دېگىنى مۇشۇ ئايال ئىكەن ـ دە! يۇلتۇز تۇرسۇنگۈلگە قارىغاندا ياشتەك قىلاتتى. ھېلىم ئۆزئارا ئەھۋال سوراشتى. يۇلتۇز باشلاپ كەلگەن، تۇرسۇنگۈل تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمىغان مېھمان پوكەيگە يۆلىنىپ تۇراتتى. ئاق پىشماق، سېمىز، پاكار كەلگەن بۇ ئايال مەڭزىگە مەڭ چەكتۈرىۋالغانىدى. ئۇمۇ تۇرسۇنگۈلدىن ياشتەك قىلاتتى. ھېلىم ئۇنىڭ بىلەنمۇ سالاملىشىپ قويدى. ئەمەت چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

ـ تۇرسۇنگۈل بۇ ئاياللار ئۆزىدىن ياش ھەم چىرايلىق بولغاندىكىن سەندىن بۇلارنى كۈنلەپ قالغان گەپ. باشقا يەرگە بېرىپ ئولتۇرمامدۇق.

ـ شۇنداق قىلىڭ ھېلىم، ـ دېدى يۇلتۇز سۆز قىستۇرۇپ.

ـ بۇنداق قىلسام قانداق بولار، ئالايتەن تۇرسۇنگۈلنىڭكىدە ئولتۇرىمىز دەپ كەلگەن تۇرساق.

ـ مېنىڭمۇ بۇ دوستۇم مېنى دەپ ئالايتەن باشقا شەھەردىن كەلگەن، كىچىككىمىزدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، تۇرسۇنگۈل مېنى توغرا چۈشىنىشى كېرەك ئىدىغۇ؟!

ـ ئىككىڭلار دوست بولغاندىكىن ئۇنداق قىلىشىپ كەتمىسەڭلارمۇ بولاتتى.

ـ بولدى، ھېلىم ئاداش، سەنمۇ كىرىپ ئۆز ئىشىڭنى قىلىۋەر، قارىغاندا ئۇ قېرىدىن مېھرىڭنى ئۈزەلمەيۋاتقان ئوخشايسەن.

ـ بۇنداق دېسەڭ مېنى خاتا چۈشەنگەن بولۇپ قالىسەن.

ـ بولدى، چۈشەندۈرمە. بىز باشقا يەرگە بېرىپ ئولتۇرىمىز، ـ دېدى ئەمەت ھېلىمنىڭ ئارىسالدا بولۇپ قالغانلىقىنى پەملەپ. دېمىسىمۇ ئۇ راستتىنلا ئارىسالدا بولۇپ قالغانىدى. ھېلىم ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، تۇرسۇنگۈلنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.

ـ قايتىپ كىرىپسىز، ـ دېدى تۇرسۇنگۈل ھېلىمـ

نىڭ قايتىپ كىرگىنىنى كۆرۈپ.

-سىزنىڭچە قانداق قىلسام بولاتتى؟

-ھايال قالغىنىڭىزغا قاراپ ئۇلار بىلەن كېتىپ قالغانمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن.

-مېنى ئۇچمە كۆڭۈل يىگىت كۆرۈپ قاپسىز - دە!

-ئۇنداق ئەمەس، دوستىڭىز ئەمەتكە قارىسام سىزنى بەك زورلاپ كەتكەندەك قىلىدۇ.

-بۇ دۇنيادا ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ، ئۆزىمىز چىقىشۋالىمىز.

توۋا، ئۇ ناتونۇشلا ئۆيدە قالدىغۇ. ئۇچمە كۆڭۈل، مەن ئۇچمە كۆڭۈل. يىراق سەھرادىكى ئاپالىم مېنى شەھەردە ئوقەت قىلىۋاتىدۇ دەپ ماڭا تاغدەك ئىشىنىپ بالا بېقىپ ئولتۇرىدۇ. مەن تاغلىق شەھەرگە كەلگەندىن بۇيان، ئىشەنگەن بۇ تاغدا كېپىك ياتماي قالدى. بۇ ئۇچمە كۆڭۈللۈك بولماي نېمە؟ توۋا، ئادەم ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى سىنقىلىشىنى باشقىلارغا ئاشكارىلىيالمىغىنى بىلەن بۇ خىل سىقىلىشتىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن بىلىپ - بىلمەي تىركىشىپ ئۆز ھەرىكىتىدە ئىپادىلەپ قويىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇلار خېلىغىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىشتى. تېلېفوندا قەدىناس ئەر - خوتۇنلاردەك پاراڭلىشىپ كەتكەن ئادەم مانا ھازىر ئاغرىپ قالغان ئۆكوزدەك پۇشۇلداپ ئىنكاسسىز ئولتۇرۇپتۇ. ھېلىم تۇرسۇنگۈلگە دىققەت قىلغانسېرى ئەمەت بىلەن كېتىپ قالغان بولسامىمۇ بوپتىكەن دەپ قالدى. چۈنكى ئۇ ھاماچىسىدەك چوڭ ياشلىق ئاپالغا نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئولتۇراتتى. تېلېفون دېگەندە ئادەم بىر - بىرىنىڭ ياش - قىرلىقىنى بىلمىگەندىكىن، ئاۋازغا قاراپ قارىغۇلارچە ھۆكۈم قىلىدىغان ئىش ئىكەن. بولدىلا، نېمە بولسا بولمامدۇ، كەلگەندىكىن چىداش كېرەك. تۇرسۇنگۈلدىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق كۆڭۈل بار، تۇل قالمىغان بولسا بۇ يولغا ماڭماس ئىدى. توۋا، دۇنيانىڭ ئىشلىرى قىزىقتە. ناۋادا پۇل دەپ قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا خوشمۇ دېمەي كېتىپ قالارمىنا. كۆڭۈلنى، روھ بىلەن تەن ئىزدىگەن ھۇزۇرنى پۇل بىلەن ئۆلچىسە بۇ ماڭا قىلىنغان ھاقارەت بولىدۇ. شەھەرنىڭ قىزلىرىغۇ پۇللا دەيدۇ، پۇل بولمىسا پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالىدۇ، پۇل چىقىدىغان باشقا بىرىنى تاپىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ بىز ئەرلەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىتتەك سوكۇلدايمىز. گۈلنىسا بىلەن ھېلىم ئۆزمەي تاماكا چېكىپ ئۆي ئىچىنىمۇ ئىسلاپ بولدى. خېلىدىن كېيىن گۈلنىسا ئورنىدىن تۇردى.

-مەن قايتاي تۇرسۇنگۈل ھەدە.

-نېمە، بىردەم ئولتۇرمامسىز؟

- شۇنداق قىلىڭ، بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرمايسىزمۇ.

-ئۆيدە بالىلار يالغۇز قالغانتى، كەچلىك تامقىنى ئېتىپ بەرمىسەم بولماس.

گۈلنىسا ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

3

گۈلنىسا كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇلار ئىككىسى خېلىغىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىشتى. تېلېفوندا كۆرۈشۈشكە تەقەززا بولۇشتۇق دېگەن ئاپال ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بىراق شۇ تۇرقى ھېلىم نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى.

-گۈلنىسانىڭ ئېرى يوقمۇ؟

ھېلىم گەپلىرى قولاشمىسىمۇ ئاخىر ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى.

-ئېرى ئاق سېتىپ تۈرمىگە كىرىپ كەتكەن.

-سىز ئاشۇنداق ئادەملەر بىلەنلا ئارىلىشامسىز قانداق؟

-ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ. ئېرى بۇرۇن بىزنىڭ شىركىتىمىزنىڭ ئىشچىسى ئىدى. گۈلنىسا ئۆزى ئىشسىز، ئۈچ بالىسى بار. ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغاچقا مەن شىركەت نامىدىن ئانچە - مۇنچە ياردەم قىلىمەن. شۇڭلاشقا مېنى پات - پات ئىزدەپ تۇرىدۇ. كۆڭلى ياخشى، ئىش - پىش بولۇپ قالسا چاقىرساق ياردەملىشىدۇ.

-تاماكا چېكىشىگە قاراپ ھېچ كىشى ئۇنى ئىشسىزكەن، ئۈچ بالىسى باركەن دېمەيدۇ. قىيىنچىلىقى بولغاندىكىن ئويۇن - تاماشانى تاشلاپ باشقا ئىش قىلسا بولمامدۇ. شەھەر دېگەندە قىلاي دېسە ئىش كۆپكەنغۇ.

-بىز بىرنەرسە دېسەك «تاماكىنى مەن چەكمىسەم كىم چېكىدۇ، دەردىمنى بىلمەيسىلەر» دەيدۇ. سىز دېگەندەك شۇنچىلىك ئىشقىمۇ ئەقلى يەتمەيدۇ. ياخشىراق ئەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا بىر مەزگىل ئۇنىڭ پۇلىنى خەجلەپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى ياخشى.

-چۈشەنسىڭىز بۇ دۇنيادا ھېچكىمنىڭ كۆڭلى يامان ئەمەس، گەپ سىزنىڭ چىقىشىپ ئۆتەلىشىڭىزدە. بولدىلا، خەق توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ يۈرمەي بىرەر ئاشپۇزۇلغا چىقىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كىرمەيلىمۇ؟

-بۇ ئۆيدە قىسىلىپ قېلىۋاتامسىز؟

-قىسىلىپمۇ قالمىدىم، ھېچبولمىسا تاماق بولسىمۇ يەپ، ئايلىنىپ كەلسەك...

-ئاشخانىغا چىقىپ بىكارچىلا ئارتۇق پۇل تۆلەپ نېمە قىلىمىز. مەن ئۆيدە قورۇما تەييارلىغاچ تۇراي، سىز چىقىپ تاماق يەپ كىرىڭ.

-سىزچۇ، سىزگە نېمە ئالغاچ كىرەي، پولۇمۇ؟

-سومەن.

- ئازراقتىن ئىچىشمىسەك كەيپىياتنى كۆتۈرگىلى بولمىغۇدەك، قىزىل ھاراق ئالغاچ كىرىمەنمۇ؟

-قىزىل ھاراق ئىچىپ قالسام نەچچە كۈنگىچە بېشىم ئاغرىيدىكەن. سىزگە ماسلىشىپ ئاقتىن ئازراق ئىچىشىپ بېرەي.

تۇرسۇنگۈل قىزىل رەڭلىك لاتا سومكىغا تاماق قاچىسى سېلىپ بەردى ھەمدە ھېلىمغا بىنانىڭ يېنىدىكى 1 - ئاشخانىنىڭ تامىقىنىڭ تەمى بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى. «تووۋا،- دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، سەھرادا ئۆزۈمنىڭ بالىسىنى كۆتۈرۈشتىن نومۇس قىلىدىغان ئەر، مانا ئەمدى يات بىر ئايالنىڭ، يەنە كېلىپ مەندىن يىگىرمە نەچچە ياش چوڭ ئايالنىڭ تاماق قاچىسىنى قىزىل خالتىغا سېلىپ ئۇنىڭغا تاماق ئالغىلى مېڭىۋاتىمەن». ئۇ بىنادىن چۈشۈپ 1 - ئاشخانىغا كىرىپ گۆش بېسىلغان پولۇدىن بىر تەخسە يەۋېتىپ، سومەن قورۇتۇپ، ئۇدۇلدىكى ماگىزىنغا كىرىپ بىر بوتۇلكا ئاق ھاراق، تاماكا، خۇاسىڭ، گازىر دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن ئۆيگە يېنىپ چىقتى. بۇ چاغدا تۇرسۇنگۈل قورۇما تەييارلاش بىلەن ھەلەك ئىدى.

-سىزنى ئاۋارە قىلدىم، ئەسلىدە سىز مېھمان بولغاندىكىن مەن چىقىشىم كېرەك ئىدى.

- ھېچقىسى يوق، كېيىنكى قېتىمدا مەن سىزگە چوقۇم پۇرسەت بېرىمەن، - دېدى ھېلىم چاقچاق قىلىپ.

تۇرسۇنگۈل ئىشتىھا بىلەن تاماق يېيىشكە باشلىدى. ھېلىم ياندىكى ئۆيگە چىقىپ تېلېۋىزور كۆرگەچ تۇردى. ھەممە قاناللاردا ئېلان باشلىنىپ كەتكەنىدى. تۇرسۇنگۈل تامىقىنى يەپ بولۇپ ئۇنىڭ قېشىغا كىردى.

-زېرىكىپ قالمىغانسىز؟

-نېمىگە زېرىكىپ قالىدىكەنمەن.

- بىردەم ساقلايدىغان بولدىڭىز، مەن قورۇمىلارنى ھازىرلا قورۇپ بولىمەن.

-ھېچقىسى يوق.

تۇرسۇنگۈل بىردەمدىلا تۆت - بەش تەخسە قورۇما تەييار قىلدى. ئىككىسى سورۇننى باشلىۋەتتى. تۇرسۇنگۈل ئۆزىگە يېرىم رومكىدىن ھاراق قۇيۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ئۇ ئايال ئاچچىق ھاراقنى چىرايىنى ئۆزگەرتمەيلا يۇتاتتى. ھېلىم بۇ شەھەردە نەچچە سورۇندا ئاياللار بىلەن ئولتۇرۇپ ئىچىشكەن بولسىمۇ، ئاق ھاراقنى بۇنچىلىك بىمالال ئىچكەن ئاياللارنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

-ئۆتكەندە تېلېفوندا خېلى چاقچاقلارنى قىلىۋاتاتتىڭىز، بۈگۈن بەك شۈكلەپ كەتتىڭىزغۇ، كەلگىنىڭىزگە پۇشايمان قىلىۋاتامسىز نېمە؟

-مەن ئەزەلدىن قىلغان ئىشىمغا پۇشايمان قىلىدىغان ئادەم ئەمەس.

-سوتتا ئىشلەيدىغان بىر دوستۇم بار، شۇنى چاقىرايمۇ؟

-ئەرمۇ، ئايالمۇ؟

-ئەلۋەتتە ئايال - دە!

- بولدىلا، ئىككىمىز ئولتۇرۇۋېرەيلى. سوتتا ئىشلەيدىغان ئايال بولسا مېنى سوتلاپ يۈرمىسۇن يەنە.

-ئۇنداقتا يەنە بىر دوستۇم بار، شۇنى چاقىرايمۇ؟

-ئۇ تەپتىشتە ئىشلەيدىغان ئاغىنىڭىزدۇ، ھەقاچان.

-ئۇ دېگەن ئەر كىشى.

نېمىدەپ يۈرىدۇ بۇ خوتۇن، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېلىمنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەلدى.

-مەن ئازلىق قىلامدىكەنمەن؟

- سۆزۈمنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ. ئۇ ئەر كىشى بولغىنى بىلەن ئۆزگىرىپ قالغان ئەر. شۇنداق قىزىق گەپ قىلىدۇ. ئۇسسۇل دېگەننى قويىۋېتىدۇ، بەك چىقىشقاق.

-ئۇ مېنى سىزدىن تارتىۋالسا قانداق قىلىسىز، سورۇنىمىزغا قانداقلا ئادەم كىرسۇن بەربىر ئارتۇقچە.

-مەن سىزنى زېرىكىپ قالدىمىكىن دەۋاتىمەن شۇ.

-مەن تېخى سىزگە زېرىككەنلىك توغرىسىدا بىر نەرسە دېمىدىمغۇ. ئىككىمىز بىر بەلەن ئولتۇرۇۋاتىمىز. يەنە بىر ئادەمنى چاقىرسىڭىز مەن تېخىمۇ شۈكلەپ كېتىپ قالماي يەنە!

-مەيلى ئەمىسە.

ئۇلار ھاراقنىڭ تەڭ يېرىمىنى ئىچىپ بولۇشتى. تۇرسۇنگۈلنىڭ چىرايلىرى ھاراقنىڭ تەسىرىدە قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئەمەت بىلەن يۇلتۇز توغرىسىدا سۆزلەشتى. تۇرسۇنگۈل يۇل-

بىلەن يۇلتۇز توغرىسىدا سۆزلەشتى. تۇرسۇنگۈل يۇلتۇزنىڭ سورۇن، ئادەم تاللىمايدىغانلىقىنى، مەست بولۇپ قالسا قىلمايدىغان قىلىقى قالمايدىغانلىقىنى، بىر قېتىملا كۆرۈپ تونۇشۇپ قالغان كوچىدىكى ئەرلەرنىمۇ بۇ ئۆيگە باشلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئېرى بىلەن نېمىشقا ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرمىدى. ھېلىمۇ سوراپ ئولتۇرمىدى. بۇ ھېلىم بىلەن قىلچىمۇ ئالاقىسى بولمىغان ئىشلار ئىدى. ئۇنىڭ قىزىقىدىغىنى باشقا... لېكىن روھىي ھالىتىدە ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىش ـ ئىنتىلىش دېگەنلەردىن ئەسەر يوقتەكلا.

ـ ھاراق ئىچسەك ئىچۋېرىدىكەنمىز، ئانچە ـ مۇنچە ئوينىغاچ ئولتۇرايلى.

تۇرسۇنگۈل ھېلىمنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى.

ـ مەن تانسا بىلمەيمەن.

ـ بىلمىسىڭىز ئۆگىتىپ قويىمەن. سىز ئەر كىشى بولغاندىكىن ئەسلى ئۆزىڭىز تارتىدىغان يەردە، بۇ يەردە سىزدىن ئىمتىھان ئالمايمىز.

ھېلىم ئۇنىڭ گېپىنىڭ زورى بىلەن ئامالسىز ئورنىدىن تۇرۇپ تانسىغا چۈشتى. بىرىنچى نۆۋەت تانسىنى ئۆزىچە خېلى كۆڭۈلدىكىدەك ئوينىدى، بىراق ئارقىدىنلا ۋالىس مۇزىكىسى چىقىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ پۇتلىرى كالامپايلىشىپ مۇزىكىغا پەقەتلا ماسلاشمىدى. ھېلىم ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى. ھاراق ئىچكەنسېرى كەيپىيات كۆتۈرۈلۈپ سورۇن قىزىماقتا ئىدى. تۈكۈرۈكتەك قۇيۇپ ئىچىلگەن ھاراق بىردەمدىلا ھېلىمنىڭ كاللىسىغا چىقىپ، خېلى قىزىپ قالغاچقا ئۆزىنى ئەركىن ـ ئازادە قويۇۋەتتى. تۇرسۇنگۈلنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ خۇمارلىشىپ تانسا ئوينىغاندا ئۇنىڭغا چاپلىشىپ دېگۈدەك ئوينايتتى. بىر بوتۇلكا ھاراق ئاخىرى ئىچىلىپ تۈگىدى. ھېلىم يەنە بىر بوتۇلكا ئەكىرەي دېۋىدى، ئۇ ئۇنىمىدى.

4

ھاراق تۈگىدى. ئۇخلاش كېرەكمۇ؟ ئەسلىدە تۇرسۇنگۈل ھېلىمنىڭ نىيىتىنى بىلگەندىكىن بالدۇرراق ئارام ئالسا بولاتتى. لېكىن ئالدىراپلا ئۇنداق دېيىشكە ھېلىمنىڭ تىلىمۇ بارمىدى. ئاخىر ئوينىيالمىغان تانسىغا ئۆزىنى ئامالسىز مەجبۇر قىلدى. تانسا ئوينىغانسېرى تېنىدە ئۆزگىرىش بولۇپ قىزىشقا باشلىغاندەك قىلاتتى. ئىككىسى چاپلىشىپ دېگۈدەك تانسا ئوينايتتى. ئايلىنىۋېرىش نەتىجىسىدە تۇرسۇنگۈلنىڭ تىنىقى ئىتتىكلەپ قالدى. ھەتتا ئېغىزىغا كەلگەن سېرىق سۇنى «غۇرتتىدە» يۇتۇۋەتتى.

ـ ئۇخلامدۇق؟

ـ نېمە دەۋاتىسىز، ئادەمنى خىجىل قىلىپ.

ـ ئۇخلامدۇق دېگەن سۆزنىڭ ئادەمنى خىجىل قىلىدۇرىدىغان نەرى بولسۇن.

ـ ئۇخلىساق ئۇخلىدۇق. بىراق سىز تاختايلىق ئۆيدە، مەن ئۆزۈمنىڭ ياتاق ئۆيىدە ئۇخلايمەن.

ـ مەن سىزنىڭ تاختايلىق ئۆيىڭىزدە ئۇخلىغىلى كەلمىدىم، سىزنىڭ تاختايلىق ئۆيىڭىزدە ئۇخلىغاندىن، مېھمانخانىغا قايتىپ ئۆزۈمنىڭ يۇمشاق كارىۋىتىمدا ئۇخلىغان ياخشى.

ـ ئۇنداق قىلساق بولماسمىكىن...

ـ نېمىشقا؟

ـ سىز ئىنىمدەك كىچىك تۇرسىڭىز.

ـ قىزىق گەپ بولدىغۇ بۇ ئەمدى...

تۇرسۇنگۈل قارىغاندا ئۆزىنىڭ يېشىنىڭ چوڭلۇقىنى ئېيتىپ ھېلىمنى سىناماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. «بۇ ئۇنىڭ ناز قىلغىنى، مۇشۇنداق بولغاندا ئۇ مېنىڭ ئالدىمدىكى ئورنىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئەخلاقلىق ئايالغا ئايلىنىدۇ. مەن ئۇنى گۇناھقا زورلىغان بولىمەن. بۇ بىر ئاپئاشكارا يالغانچىلىققۇ. مەن ياش، يەنە كېلىپ ئەر كىشى بولغاندىكىن تەلۋىلىك قىلسامۇ، ئەسەبىيلەشسەممۇ يارىشىدۇ. تۇرسۇنگۈل ھەرگىز ئېغىر ئالمايدۇ. بەلكى شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، كۈتىدۇ»... ھېلىم تۇرسۇنگۈلنى ياتاق ئۆيگە تارتتى...

ئەتىسى ھېلىم مەستلىكتىن يېشىلىپ چۆچۈپ كەتتى. توۋا، مەن قېرى ئايال بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەندىمەن؟ بۇ ئىشنى ماڭا كىم زورلىدى؟ ئەرلەرنىڭ كۆڭلى پەس كېلىدۇ دېگەن سۆز راستمىكىنە... بىراق بۇ ئايالدا نېمە گۇناھ؟ ماڭا ھېچقانداق يامانلىق قىلمىدى. ئۇنىڭدىمۇ كۆڭۈل بار. ئۆزى ئىنتىلىۋاتقان نەرسىدىن كىمنىڭ ۋاز كەچكۈسى كېلىدۇ. ئۇمۇ ئامالسىز... مەنچۇ؟ مەنمۇ ئامالسىزمۇ؟

ـ تاماكىنى ئەجەب ئېغىر شوراپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭىز، كۆڭلىڭىزگە كېلىدىغان بىرەر ئىش قىلىپ قويدۇممۇ نېمە، ـ دېدى ئايال ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ـ سىز كۆڭلۈمگە كېلىدىغان ئىش قىلمىدىڭىز. ـ دېدى ھېلىم ئەتەي.

ـ ياش بولغاندىكىن قىز دوستلىرىڭىز كۆپتۇ ھەقاچان؟ ـ ئويلىمىغان يەردىن تۇيۇقسىز سوراپ قالدى ئۇ.

—مەن بىر سەھرالىق ئوقەتچى، قانداقمۇ مېنىڭ قىز دوستلىرىم كۆپ بولسۇن. ئېرىڭىز بىلەن ئاجرىشىپ كەتكىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟

—ئۇن بەش يىل.

—ئۇن بەش يىلدىن بۇيان تۇل ئۆتتۈۋاتامسىز؟

—ئامال قانچە، كۆڭۈل قاپتىمەن. بىرنەچچە يەردىن لايىق كەلگەنمۇ بولدى. ئۇمۇ يارىشىۋېلىش توغرىسىدا ئادەم قويىدى. بىراق مەن ئۇنىمىدىم. باللارمۇ خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ بولدى. ئۆزۈمنىڭ ماناشى ئۆزۈمگە يېتىپ ئاشىدۇ. قېرىغاندا ئەپلىشىمەن دەپ نېمە قىلاي، ئويلاپ باقسام ئۆزۈمگە بىرمۇنچە يۈك ئارتىۋالىدىكەنمەن.

—باللارنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ ئەپلىشىپ قالساڭلار بولماسمىدى. ھېچبولمىسا تۇل ئۆتكەندىن ياخشى ئەمەسمۇ.

—راست. كىشىلەر ئارىسىدا تۇل قېلىش يامان ئىشتەك تۇيۇلىدۇ. تۇل خوتۇننىڭ ئاتىقى يامان. لېكىن مەن ئۇنداق قارىمايمەن. يالغۇز ياشاشنىڭ نەرى يامان. ئۇنىڭ بىلەن ئەپلىشىپ قالغۇدەك يېرى بولسا ئاللىقاچان ئەپلىشىپ قالاتتىم. مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن قېتىم پۇرسەت بەردىم. ئۆزى كەتكۈزۈپ قويىدى. ئۇ ئۈچ قېتىم ئۆيلەنگەن بولسىمۇ ئەپلىشەلمىدى.

— سىلەر شەھەرلىك بولغاندىكىن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغان بولغىيتتىڭلار؟

—نەدىكىنى. ئۇنىڭ يېشى مەندىن خېلىلا چوڭ، ئۆيدىكىلەر تېپىشتۇرغان.

تۇرسۇنگۈل ھېلىمغا يەنە ئۆزىنىڭ ئېرىدىن ئاجراشقاندىن كېيىن قانچىلىك ئەرلەر بىلەن ئارىلاشقانلىقىنى، تونۇشىدىغانلىقىنى، ئولتۇرۇش قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەر —ھەر چوڭ ئەربابلارمۇ بار ئىكەن. ناۋادا ھېلىم خالىسا بۇ شەھەرگە ئۇنىڭ نوپۇسىنى ھەل قىلىپ بېرىدىكەن. ئۇ تۇرسۇنگۈلنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا «كېيىنچە بىر گەپ بولار» دەپ قويىدى. بۇ شەھەردە ئۇنىڭغا نېمە بار، راست، ئەمەت نوپۇسىنى ھازىرغىچە يۆتكىيەلمەي تۇراتتى، شۇنى ھەل قىلغىلى بولارمۇ؟ ئالدى بىلەن ئەمەت بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىش كېرەك. بىر كەمدە تۇرسۇنگۈل كەسمە چۆپ سېلىپ سۇيۇقئاش قىلدى. تۇرسۇنگۈل ناھايىتى روھلۇق ھەم خۇشال كۆرۈنەتتى. نېمىشقىدۇر ھېلىمغا شۇنچىلىك يېقىنچىلىق قىلاتتى. تېخى ئۆزىنىڭ قاچىسىدىكى گۆشلەرنى «مەن گۆش يېسەم سەمرىپ كېتىدىكەنمەن» دەپ ئۇنىڭ قاچىسىغا سېلىپ بەردى. ھېلىم بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا ناھايىتى مۇلايىم ھەم سەممىي ھالدا:

—خوش، مېنى تاشلىۋەتمەڭ. بۇ شەھەرگە كەلگەندە ماڭا تېلېفون بېرىڭ. ئىشقىلىپ سىز ئۈچۈن ھەرقاچان ئوچۇق، —دېدى.

## 5

ھېلىم تۇرسۇنگۈلنىڭ ئۆيىدە چالا قالغان ئۇيقۇسىنى ياتاقتا تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ياتاي دەپ تۇرۇشىغا تېلېفون جىرىڭلىدى.

—ھېلىممۇ سەن، ھاماماچاڭنىڭ ئۆيىدىن قاچان قايتىپ كەلدىڭ؟

—ھېلىراقتا.

—قانداقراق؟

—قانداق بولاتتى، ئۇخلىدۇق شۇ.

—ئۇخلىمىغانسەن؟

—ھەممىنى ساڭا ئوچۇق ئېيتىپ بېرىشىم كېرەكمۇ؟ قانداق، ئۆزۈڭ نەلەردە يۈردۈڭ؟

—نەدە يۈرەتتىم، يۇلتۇز بىزنىڭكىگە بارايلى دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن دۆڭ مەھەللىنىڭ قوۋۇقىنى چاقىرىپ تۆتىمىز يۇلتۇزنىڭكىگە باردۇق. بېرىپ ئولتۇرۇشىمىزغا يۇلتۇزنىڭ 20 ياشلاردىكى بىر ئوغلى كىرىپ كەلگەنچە ئانىسىغا پۇل بەر دەپ سوقۇشۇپ پىچاق كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ. قوۋان بىلەن ئىككىمىز بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالمىسۇن دەپ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غىپپىدە تىكىۋەتتۇق. ھېچ ئىش قاملاشمىدى دېگىنە، جىقلا نەرسە سېتىۋېلىپ بارغان، ئۇ نەرسىلەرمۇ شۇ پېتى قالدى.

—قانداق، شەھەر نوپۇسى بولغۇڭ بارمۇ؟ تۇرسۇنگۈل مېنى شەھەر نوپۇسىغا كىرگۈزۈپ قوياي دەيدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرى — تۆۋەننىڭ ھەممىسىدە تونۇشى بار ئىكەن.

—پوقنىڭ ئىسسىقىنى يەپتۇ ئۇ قېرى، سېنىڭ تاشلىۋېتىشىڭدىن قورقۇپ ئالداپ قويغان گەپ، ھەرگىز دامىغا چۈشمە. قانداق، قاچان ماڭاي دەيسەن؟

—كېچىلىك ئاپتوبۇستا ماڭايمىكىن دەپ بىرىدەم ئۇخلاۋاتقان.

—سېنى خېلى ئىسسىق باسقان ئوخشىمامدۇ؟

—يوق گەپنى قىلما. كېلەر قېتىم كەلگەندە كۆرۈشەرمىز. قانداق، ئۆيدىكىلەرگە دەيدىغان گەپ — سۆزلىرىڭ بولسا ئالغاچ كېتەي.

—تىنچلىق سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويارسەن. خوش ئەمىسە، خۇداغا ئامانەت، بۇدو كەلگەندە كۆرۈشەيلى.

ئىشى ئەپلەشمەي قاپتۇ. راست، چوڭ يىگىت بولۇپ قالغان بالىنىڭ ئانىسى ئۆيگە ناتونۇش ئەرلەرنى باشلاپ كىرسە ئاچچىقى كەلمەي قالامدۇ... مېنىڭ قىلمىشىم بۇزۇقچىلىقمۇ ياكى بىلىپ – بىلمەي مېڭىپ قالغان تاسادىپىي يولمۇ؟ ياق، مەن ئۆزۈمنى ھەرقانچە ئاقلىساممۇ بولغۇلۇق بولدى. ئادەم ھەممە كىشى ئۈچۈن قۇربان بېرىپ بولالمايدۇ. كۆڭلى ياخشى دەپ ھەممە ئادەم بىلەن ئارىلىشىپ بولغىلىمۇ بولمايدۇ».

ھېلىم شۇ ئىشتىن كېيىن بۇ شەھەرگە مال ئالغىلى بىرنەچچە قېتىم كەلدى. نېمىشقىدۇر تۇرسۇنگۈلنى ئىزدىگۈسى كەلمىدى. ئەمەتنىڭ قېرى ئايال بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپسەن دېيىشىدىن قورققاندەك قىلاتتى. يەنە كېلىپ ئۆيدىكى ئايالى، نارەسىدە باللىرىنى ئويلاپ قېلىۋاتاتتى. مەن مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم، ئۇلارغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن؟!...

ھاراققا ئېغىزى تېگىپ قالغانلىرىدا ئۇنىڭ ئېسىگە يەنە تۇرۇپلا تۇرسۇنگۈل كېچىپ قالاتتى. تۇرسۇنگۈلنىڭ ئۇنى ئۇزاتقان ۋاقتىدىكى «مېنى تاشلىۋەتمەڭ» دېگەن سۆزىنى ئويلىسا ئۇنىڭ ئۆيگە تېلېفون بەرگۈسى، بىر كېچە قونغۇسى كېلىپمۇ قالاتتى. بىر كۈنى ئەمەت بىلەن ھاراق ئىچىشىپ ياتاققا قايتىپ كېلىپ يالغۇزچىلىقتا زېرىكىپ تۇرسۇنگۈلگە تېلېفون بەردى. بىراق تېلېفون نومۇرىنى بېسىۋاتقاندا، نېمىشقىدۇر تۇرسۇنگۈلنىڭ ئۆيدە يوق بولۇپ چىقىشىنى تىلىدى. ئەپسۇس، ئۇ ئۆيدە بار بولۇپ چىقىپ قالدى.

– بارمۇ سىز، بۈگۈن كۈن نەدىن چىقىپ قالدى، يوقاپلا كەتكەنتىڭىز.

–مەن شۇ كەتكەنچە بۇ شەھەرگە ئۆتەلمىدىم. ئۆيدە باشقا ئادەم يوقتۇ.

–قانداق دەيسىز؟

–سىزنى توي قىلىۋالدىمىكىن دەيمىنا؟

–قېرىغاندا مېنى كىممۇ ئالاتتى دەيسىز؟

–ئۇنداقتا يېنىڭىزغا بارسام مېنى قارشى ئالارسىزمۇ؟

–سىزنى قارشى ئالماي كىمنى قارشى ئالىمەن، سىز ئۈچۈن ئىشىكىم ئوچۇق.

–بولىدۇ ئەمىسە، مەن ھازىرلا باراي.

توۋا، مېنى يەنە شەيتان ئازدۇردى. مەن قەيەرگە كېتىۋاتىمەن؟ گۇناھ يولىغا، جىنايەت يولىغا، بۇزۇقچىلىق يولىغا... مېنى ھېچكىم مەجبۇر قىلمىدىغۇ؟! لېكىن بۇنى تۇرسۇنگۈل بىلەن ئىككىمىز خالايمىز، گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ خالايمىز. بىراق ئۆزىمىز خالىغاندىكىن، باشقىلار بىلمىگەندىكىن گۇناھ ئەمەس دېگىلى بولامدۇ؟! تېخى بۈگۈنلا ئۆيدىكىلەرنى سېغىنىپ تېلېفون ئۇرسام، ئۇ مېنى سېغىنىپ «تېزدىن يېنىپ كېلىڭ» دەپ كۆز يېشى قىلغان، مەنمۇ دەررۇ ئۆيگە قاراپ يولغا چىقىشنى، ئۇلارنىڭ قېشىغا تېزرەك بېرىشنى نىيەت قىلغاندىمىغۇ؟ ئوغلۇم تېلېفوندا «قاچان كېلىسىز؟» دېسە، «بۈگۈنلا ماڭىمەن» دېگەن ئەمەسمىدىم؟ ئەمدى مەن ئۆيۈمگە، خوتۇن – باللىرىمنىڭ قېشىغا ئەمەس، ئۆزۈممۇ يىرگىنىدىغان بىر ئايالنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتىمەن. بۇ قانداق بولغىنى؟..ۋاپادار ئايالىمغا، نارەسىدە باللىرىمغا ئۇۋال ئەمەسمۇ؟ تۇرسۇنگۈلنىڭ «بۇ ئىشنىڭ ھېچ كىشىگە دەخلىسى يوق!» دېگىنى نېمىسى؟! ۋىجدان، غۇرۇر، ساداقەت دېگەنلەر ئادەمنىڭ ئېھتىياجى، بەدەننىڭ تەلپى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتسە، مەن شۇقەدەر ئىرادىسىز، قۇرتتەك ئاجىز ئەرمۇ؟! مەن شۇ تۇرقى بىر ھايۋانغىلا ئوخشاپ قالدىم، بۇ ھايۋان قەدەر مەينەت، شۇ قەدەر يىرگىنىشلىك...

«بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە توققۇز قېتىم بېرىپتۇ» دېگەندەك، ھېلىم بارماسلىق نىيىتىگە كېلىپ تۇرۇقلۇقمۇ يەنىلا پۇتىنىڭ ئۇنى تۇرسۇنگۈلنىڭ ئىشىكى ئالدىغا قانداقلارچە ئەكىلىپ قويغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. تۇرسۇنگۈل ئۆزىنىڭ ئۇنى كۆرگۈسى كەلگەنلىكىنى، سېغىنغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئۇمۇ «سىزنى بەك سېغىندىم، كۆرگۈم كەلدى» دېسە، ئېنىقكى بۇ ئۇچىغا چىققان يالغانچىلىق بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا تۇرسۇنگۈلنى مازاق قىلغاندەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن. بۇنىسى تۇرسۇنگۈلنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان. شۇڭلاشقا ھېلىمغا ئارتۇق تەلەپ قويالمايدۇ. ئۇ ئارتۇقچە ئىنكاسمۇ قايتۇرمىدى.

ھېلىم تۇرسۇنگۈلنىڭكىگە ئىككىنچى قېتىم بارغاندىن كېيىن قايتا يولى ئېچىلىپ قالغاندەك بولدى. بۇ شەھەرگە مال سېتىۋالغىلى كېلىپ قالسىلا ئۇنىڭ بارماقلىرى 774484 دېگەن نومۇرنى تەبىئىيلا بېسىپ سالىدۇ. لېكىن قارشى تەرەپتىن تۇرسۇنگۈلنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنار – ئاڭلانمايلا خۇددى خەتەرلىك، چەكلەنگەن بىرەر نومۇرنى تاسادىپىي بېسىپ سالغاندەك تۇرۇپكىنى دەررۇ قويۇۋېتىدۇ. تۇرۇپ يەنە بۇ بىچارە قېرى ئايالنىڭ كۆڭلىنى ئايىغىسىمۇ كېلىپ قالىدۇ. ئۇنى ئەمەس، ئۆزۈمنى – ئۆزۈم ئەخمەق قى-

قالىدۇ. ئۇنى ئەمەس، ئۆزۈمنى ـ ئۆزۈم ئەخمەق قىلىۋاتىمەن دەپ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇنىڭغا نېمە ئامال؟ شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى خورلۇق ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلىدۇ، ئۆز ـ ئۆزىدىن يەتكۈچە يىرگىنىدۇ...

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تاكى كۆز كەلگىچە ئايرىلىشقان بولدى. بۇ تاغلىق شەھەردە كۆز بالدۇرلا كېلىدىكەن. كۆز يامغۇرى بىر ياغسا ھەپتىگىچە توختىمايتتى. بەزىدە ئېزىپ قالغاندەك قارمۇ يېغىپ قالاتتى. سەھرادا تېخى كۆڭلەك كىيىپ يۈرۈشىدۇ. ھېلىم كۆزدە كىيىدىغانغا ئاساسلىقى ئەرزان باھالىق يۇڭ توقۇلما كىيىم ۋە چاپان ئېلىشقا كەلگەنىدى. ئۇ سودىلىقلىرىنى بالدۇرلا تۈگىتىپ تۇرسۇنگۈلنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بەردى. ئۇ بايقۇش خۇددى ھېلىمنىڭ تېلېفون ئۇرۇشىنى ساقلاپ تۇرغاندەكلا ئۆيىدە بار بولۇپ چىقتى. ئۇلار بىر قۇر ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ئۇ ئۆيىدە قىزىنىڭ بارلىقىنى، خالىسا ئۇنى يەنە بىر دوستى بىلەن بىر يەرگە باشلاپ بارماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. ھېلىم دەرھال ئەمەتكە چاقىرغۇ بەردى.

ـ ھېلىممۇ سەن ئاداش، بۇ شەھەرگە قاچان پەيدا بولۇۋالدىڭ؟

ـ ئەتىگەن چۈشكەنىدىم. سودىلىقلىرىمنى بىرەر قۇر تۈگىتىپ، ئەمدى سېنى بىر يەرگە ئولتۇرۇشقا باشلاپ باراي دېگەنىدىم، قىزلار بار.

ـ پاھ، سېنىڭمۇ مېنى قىزلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدىغان كۈنلىرىڭ بولىدىكەن، ھەيران قېلىۋاتىمەن.

ـ تۇرسۇنگۈل بىر دوستى بىلەن بىرىنىڭ ئۆيىگە بارىمىز دەيدىغۇ.

ـ قايسى تۇرسۇنگۈل؟

ـ ھاماچامچۇ.

ـ ۋاي ـ ۋۇي، ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە سۆرىشىپ يۈرۈۋاتامسەن ئۇ قېرى بىلەن. مەن تېخى قىزلار دېسەڭ راست ئوخشايدۇ دەپ خۇشال بولۇپ كېتىپتىمەن. مومايلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا دېگىنە.

ـ بولدى، چاقچىقىڭنى قوي، ۋاقتىڭ باردۇ، ئىجارە ئالغان زەي ئۆيۈڭدە يالغۇز ئولتۇرغاندىن ياخشىراق دېگىنە. سەن ئۆيۈڭدە مېنى ساقلاپ تۇرغىن، ھازىرلا يېتىپ بارىمەن. تۇرسۇنگۈلنىڭ ھېلىقى دوستى ياشراق بولۇپ قالسا چىقىشىپ قالساڭلار ئەجەب ئەمەس، نىكاھىڭلارنى ئوقۇپ قويامدۇق تېخى!

ـ شۇنداق بولسىغۇ تازىمۇ ياخشى بولاتتى. بىراق ساڭا ئوخشاش ھاماچامغا يولۇقۇپ قالمىساملا بولاتتىغۇ...

ھېلىم ئەمەت بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرسۇنگۈلنىڭ بىناسى ئالدىغا كېلىپ ئۆيىگە تېلېفون بەردى. تۇرسۇنگۈل ئۆزىدىن ياشراق كەلگەن قىرىق ياشلاردىكى بىر ئايالنى باشلاپ چۈشتى. ئۆزئارا ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن تاكسىغا ئولتۇرۇپ، پاتقاق كوچىسىغا جايلاشقان بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ ماشىنىدىن چۈشتۇق ـ دە، بىنانىڭ 1 ـ قەۋىتىگە كىرىپ ئوڭ قول تەرەپتىكى ئىشىكنى چەكتۇق. ئالدىمىزغا بويى پاكار، چىرايى قارامتۇل كەلگەن، سېمىزلىكتىن قورسىقى بىلەن كۆكسى ئالدىغا سىلىنىپ قالغان ئايال چىقىپ بىر قۇر ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن ئۆيىگە باشلىدى. ئۆي كىچىك بولغىنىغا قارىماي ئادەتتىكىچىلا ئىدى. ئۇدۇلدىكى تامدا سۈنئىي تالادىن توقۇلغان ئەرزان باھالىق نېپىز گىلەم ئېسىلغانىدى. ئۇلار ئورنىغا بىر قۇر ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئەھۋال سوراشتى. ياندىكى تاختايلىق ئۆيدە بىر ئوغۇل بالا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ئېلىپبەنى يادلاپ ئولتۇراتتى. ئېھتىمال بۇ بالا ئۆي ئىگىسى ئايالنىڭ نەۋرىسى بولسا كېرەك. ئايال ياندىكى ئىشىكى يېپىقلىق ئۆيگە قاراپ:

ـ گۈلجامال، قىزىم مېھمانلارغا چاي دەملىگىنە، ـ دېدى. ياندىكى ئۆيدىن رەڭگىرويى، تەن قۇرۇلۇشى ئۆي ئىگىسىگە ئوخشاش پاكار ھەم سېمىز كەلگەن، چاچلىرىنى بۇدۇر قىلدۇرۇۋالغان 20 ياشلاردىكى قىز چىقىپ كەلدى. ئۇ تۇرسۇنگۈل بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن چاي دەملەش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. تۇرسۇنگۈل ئۇلارنى بىر قۇر تونۇشتۇرغاندىن كېيىن بىللە كەلگەن ئايالنى ھەم ئۆي ئىگىسىنى تونۇشتۇردى.

ـ بۇ ئاغىنەمنىڭ ئىسمى روزىگۈل، بۇ ئاچىمىزنىڭ ئىسمى زورىخان. دۇتار بىلەن ناخشىغا ئاجايىپ پەيزى بار، بىردەم تۇرۇپ پەيزىنى كۆرىمىز.

گۈلجامال چاي دەملەپ چىقىپ ھەممىسىگە پەتنۇس بىلەن چاي تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئىچكىرىدىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇلار خېلىغىچە جىمجىت ئولتۇرۇشتى. جىمجىتلىق ھېلىمنىڭ ئىچىنى سىقىۋەتتى. ئاخىر بولماي تۇرسۇنگۈلنىڭ قۇلىقىغا «مۇشۇنداق ئولتۇرۇۋېرىمىزمۇ، چىقىپ يېمەك ـ ئىچمەك ئېلىپ كىرەيلى» دېدى. تۇرسۇنگۈل «بولىدۇ» دېدى. ھېلىم بىلەن ئەمەت ئىككىسى ئورنىدىن تۇردى.

-يېقىن ئەتراپتا كەچلىك بازار بارمۇ؟ - دەپ سورىدى ئەمەت.

-راست، سىلەر بۇ يەرنىڭ ئۇي - چوڭقۇرىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيسىلەر. گۈلجامال باشلاپ چىقسۇن. گۈلجامال قىزىم، بۇ ئاكاشلارنى كەچلىك بازارغا باشلاپ چىققىن، - دېدى ئۆي ئىگىسى ئايال. ئىچكىرىدىكى ئۆيدىن بويى زىلۋا، چىرايلىق كەلگەن يەنە بىر قىز بىلەن گۈلجامال چىقتى. ئۇلار تۆتى بىللە سىرتقا چىقىشتى. تالادا كۈز شاملى خېلىلا قاتتىق چىقىۋاتاتتى. ئەمەتنىڭ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا چىرايلىق قىزغا كۆزى چۈشۈپ قالدى بولغاي، ئۇ قىزغا:

-قارىغاندا سىز ئۇسسۇل مۇئەللىمى ئوخشىمامسىز، - دېدى.

-توۋا خۇدايىم، بۇنى سىز قانداق بىلىپ قالدىڭىز؟ - ياندۇرۇپ سورىدى ھېلىقى قىز ھەيران بولۇپ.

-تۇرقىڭىزدىن ئۇسسۇل ئارتىسى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرمامدۇ.

-سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئۇسسۇل كەسپىدە ئوقۇۋاتىمەن. كېلەر يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىمەن.

-بالىت ئۇسسۇلى ئوينامسىز ياكى ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلمۇ؟

-ھەممىسىنى ئوينايمەن.

-قالتىسكەنسىزغۇ، ئىسمىڭىزنى سورىسام بولامدۇ؟

-مەنزىرە.

-ئىسمىڭىز ئۆزىڭىزدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن.

ھېلىم دوخوپكىدا پىشۇرغان توخۇ كاۋىپىدىن بىرنى ئېلىپ قىزلارغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كاۋاپچىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ كاۋاپ، ئۆپكە - ھېسىپ، كاللا - پاچاق سېتىۋالدى. ماگىزىنغا كىرىپ ھاراق - تاماكا، قىزلارغا قاس چىقىرىدىغان كەمپۈت، شاكىلات دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالدى. ئەمەت:

-ئەسلى مۇشۇ قىزلارنىلا كەلتۈرىدىغان ئىش ئىكەن، - دېدى ئىچ گېپىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرماستىن تۈزلا قىلىپ.

-نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدىغانسەن، ئۇلارنىڭ ئاپىلىرى بىلەن ئارىلاشقىنىمىز يەتمىگەندەك، ئەمدى قىزلىرى قالدىمۇ؟ بىز يا قىزى ماقۇل بولمىسا، ئاپىسى بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ، دەيدىغان جۇۋاجى بولمىساق.

ئەمەت ئۇشۇق - تۆشۈك گەپ قىلمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆيگە قايتقۇچە قىزلارنىڭ چاقىرغۇ نومۇرىنى سوراپ ئۈلگۈردى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىككى قىز ئەكىرگەن يېمەكلىكلەرنى قولمۇ - قول توغراپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. لېكىن گۈلجامال تالادىن كىرىپلا ئۆزىچىلا ھېلىم بىلەن ئەمەتنى تىللىغاندەك «پۇتبول ناخشىسى»نى ئۆزگەرتىپ ئوقۇشقا باشلىدى. «ئىشەنچ بىلەن ئۆتىدۇ ھايات» دېگەن مىسرانى «ئېشەك بىلەن ئۆتىدۇ ھايات» دەپ توختىماي تەكرارلاۋەردى. ئاخىرى ئەمەت چىدىماي قالدى.

-قىزلىرى بىزنى تىللاپ ناخشا ئوقۇۋاتامدۇ نېمە؟

-ھېچقىسى يوق، بۇ قىزىمنىڭ ئەركىلىكىنى، ئۇ ھەممىنى توغرا چۈشىنىدۇ، - دېدى زورىخان.

ئۇلار سورۇننى باشلاپ كەتتى. ئەمەت ھاراقنى رومكىغا تولدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن سۆز قىلدى.

-خوش ئەمىسە زورىخان، ئوبدان تونۇشۇپ قالدۇق. قارىغاندا مىجەزلىرى ئوچۇق، مېھماندوست ئايالدەك قىلىلا، ئۆزلىرىنى كەچ كېلىپ بىردەم ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق، ئەيىبكە بۇيرۇمايلا. قېنى، ھەممىمىزنىڭ تېنىنىڭ سالامەتلىكى، تۇرمۇشىمىزنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن بىرىنچى رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتىم.

ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئاق ھاراق ئىچىدىكەن. رومكا نۆۋىتى زورىخانغا كەلگەندە:

-ئۇكام ئەمەتجان، ماڭا رومكىنى تولدۇرۇپ بېرىڭە، - دېدى. ئەمەت رومكىنى تولدۇرۇپ زورىخاننىڭ ئالدىغا قويدى.

-مېنى ئالايتەن ئادەم ئېتىپ يوقلاپ كەلگىنىڭلارغا رەھمەت. بىزدە «قول قولنى يۇيسا، قول كېلىپ يۈزنى يۇيار» دەيدىغان ماقال بار. بۇ ئىككى سىڭلىمنىڭ بىزنىڭ ئۆيگە كەلمىگىنىگىمۇ خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى. مانا سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلار بىلەن بۇلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈۋالدۇق. مەن دەم ئېلىشقا چىقىپ نەۋرىلىرىمنى بېقىپ كېلىۋاتىمەن. گۈلجامال بالىنىڭ كىچىكى، ئۇنىڭ خىزمەت ئىشىنى ھەل قىلىۋالسام مېنىڭ بۇ دۇنيادا باشقا غېمىممۇ قالمايتتى. مەن كىچىكىمدىن باشلاپ ئەركىن ئويناپ چوڭ بولۇپ قاپتىكەنمەن. تاماكا چەكمەيمەن، ئاز - تولا ئىچىپ قويىمەن. بۇنى باللارمۇ ھەتتا كۈيئوغۇللارمۇ بىلىدۇ. ماڭا ھۆرمەت قىلىدۇ، قانداق قىلىمىز، ھايات دېگەننى ھەممە بىر يولدا، بىر قېلىپتا ياشاپ بولالمايدىغان جاھانكەن بۇ. بەك سۆزلەپ كەتتىم ھە، پۇرسەت غەنىمەت، قېنى، ھەممىمىزنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن كۆتۈرۈۋەتتىم، ئادەم سالامەت بولسىلا ھەممە نەرسە بولىدۇ.

زورىخان ھاراق لىق تولدۇرۇلغان رومكىنى بىر قېتىم كۆتۈرۈپلا قۇرۇغدىۋەتتى. ئۇنىڭدا نە يۆتىلىپ كېتىش، نە چىرايىنى ئۆزگەرتىشتەك ئالامەتلەر كۆرۈنمەيتتى. ھەتتا ئالدىدا تۇرغان پىيالىدىكى چايدىن بىرەر يۇتۇممۇ ئىچىپ قويمىدى. ھاراق ئۈچ رومكىدىن ئايلانغاندىن كېيىن زورىخان دۇتارنى قولىغا ئالدى. دۇتار جۇۋازخانىغا قويۇپ قويغاندەك قارىداپ، مايلىشىپ كەتكەن بولۇپ، قورساق تەرىپىنىڭ چاك كەتكەن بىرنەچچە يېرىگە سۇلياۋ پلاستىر چاپلانغانىدى. زورىخان دۇتارنى ئېلىپ بىردەم تەڭشىگەندىن كېيىن ناخشىنى كۇچا خەلق ناخشىلىرىدىن باشلىۋەتتى:

تېيىمنى جەدە ئات دەيدۇ،
بېشىدا قاشقىسى تۇرسا.
ئۆزى ھەر جايدا ئوينايدۇ،
بېلىقتەك ئاشنىسى تۇرسا.

ھېلىم ھەيران بولۇپ ئولتۇراتتى. توۋا، بۇ ئايالنىڭ يامانلىقىنى. ئاۋازى ھەم جاراڭلىق، ھەم ھېسسىياتلىق ئىكەن ئەمەسمۇ، ئەگىتمە ئاۋازلارنىمۇ شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن توۋلىدى. دۇتار تارىسىدا ئويناۋاتقان قارا قوللىرىمۇ شۇنداق يەڭگىل، راستىنى ئېيتقاندا ناخشا دېگەننى تېلېۋىزور، رادىئو دېگەنلەردىن ئەمەس، سەنئەتچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىسا ئاجايىپ پەيزى بولىدىكەن ئەمەسمۇ. شۇغىنىسى، «ئۆزى ھەر جايدا ئوينايدۇ، بېلىقتەك ئاشنىسى تۇرسا» دېگەننى بىزگە قارىتىپ ئوقۇۋاتامدۇ نېمە؟ زورىخاننى كۆمۈلۈپ قالغان گۆھەر دېسە، ھەرگىز ئارتۇق كەتمىگۈدەك. ئۇ كۇچا خەلق ناخشىلىرىدىن بىر يۈرۈش ئوقۇۋەتتى. ئولتۇرغانلار ھەممەيلەن ئالقىش ياڭرىتىشتى.

— ئاۋازلىرىغا دەرد بەرمىسۇن.

— دۇتارنى ھەقىقەتەن كارامەت ياخشى چالىدىكەنلا.

— دۇتارنىڭ ئۆزى سەت بولغىنى بىلەن ئاۋازى قەۋەتلا ئېسىلكەن ئەمەسمۇ، — دېدى ئەمەت.

— ۋاي ئۇكام، نېمىسىنى دەيسىز، — دېدى زورىخان دۇتارنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، دۇتارنىڭ بۇرۇنقى ئاۋازى قالمىدى. نېمىشقا دېسىڭىز ئۆتكەندە بىزنىڭ ئىدارىنىڭ باشلىقىنىڭ ئۆيىگە بىرنەچچە سەنئەتچى كەپتىكەن. مېنى چاقىرىپ بىللە ئولتۇرۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. راستىنى دېسەم مېنىڭ سەنئەتچى دېگەن خەق بىلەن ئانچە ئېقىم كېلىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇ خەق بىردەم سۆپەتنى ساقلاپ ئولتۇرۇپ ئىككى رومكا ئىچكەندىن كېيىن ئۆزىنى بىلمەي قالىدۇ. ئەركىلەپ سورۇننى بېشىغا كىيىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ مەن ئەينى ۋاقىتتا سەنئەتچى بولمىغان. بىر كۈنى باشلىقىمىزغا «مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار، چىقالمايمەن» دېسەم، دۇتارنى سوراپ تۇرۇۋالدى. ئامالسىز بېرىپ تۇرۇپتىمەن. بىراق ئۇلار مەست بولۇپ قېلىپ دۇتارنى سۇندۇرۇپ قويۇپتۇ. باشلىق خىجىل بولۇپ «باشقا بىر دۇتار ئېلىپ بېرەي» دەپ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي بۇزۇلغان بولسىمۇ ئۆزۈمنىڭ دۇتارىنى ئېلىۋالاي دەپ دۇتارنى ئېلىپ چىقىۋالدىم. يەملىتىپ يۈرۈپ ئاران مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرۈۋالدىم. تۆلەتسەمغۇ بولاتتى، ئۆزىڭىز بىلىسىز، كادىر خەق دېگەن چېچىنى ئۆزىنىڭ تۈكۈرۈكىدە مايلاپ يۈرىدىغان خەق.

بۇ گەپتىن ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. زورىخان ئەستەرلىك گەپ قىلىشقا ئۇستا ئىكەن. سورۇن تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. زورىخان ئارقىدىن قەشقەر خەلق ناخشىلىرىدىن «يارىم خۇمالىق»، ئاتۇش خەلق ناخشىلىرىدىن «دوست خېنىم»، ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن «تالى دەيدۇ» دېگەندەك ھەر بىر يۇرتنىڭ ناخشىلىرىنى ئارقىمۇ ئارقىدىن ئۇلاپ ئوقۇۋەردى. ئۇسسۇللۇق ناخشىلارنى ئوقۇغاندا ھەممىسى ئۆزلىرىنى تۇتالماي ئىختىيارسىز ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى...

گۈلجامال ئارىلىقتا دوستى بىلەن سۇيۇقئاش قىلدى. بەشى ئۈچ بوتۇلكا ھاراقنى ئىچىپ بولغانىدى. تۇرسۇنگۈل بىلەن روزىگۈل مەست بولدى. ئەمەت بىلەن ھېلىم قىزىدى. زورىخان ھېچنەرسە ئىچمىگەندەك جايىدا قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى، راستىنى ئېيتقاندا ھېلىم بۈگۈنكى سورۇندىن تولۇق رازى بولغانىدى. ئۇلار تۆتىسى خېلى كەچ بولغاندا زورىخان بىلەن خوشلىشىپ يېنىپ چىقتى. لېكىن قەيەرگە بېرىش توغرىسىدا ئۇزاق مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن روزىگۈلنىڭ ئۆيىگە مېڭىشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياندىكى ئۆيىدە 18 ياشقا كىرىپ قالغان قىزىنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى، شۇڭا تېۋىش چىقارماي كىرىشنى تاپىلىدى. ئۇلار بىر كېچىنى روزىگۈلنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈپ ئەتىسى يەر يورۇماستىلا قايتىپ چىقتى.

«ئادەملەرگە توۋا دەيمەن، — دەيتتى ھېلىم ئىچىدە، ئۆزۈمگىمۇ توۋا دەيمەن. تاغلىق شەھەرنىڭ ئادەملىرى نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ ياندىكى ئۆيىدە رېسىدە بولغان قىزى ئۇخلاۋاتسا، بىز تۆتىمىز بىر — بىرىمىزدىن تەپ تارتماي ياتساق، بۇ گۇناھ بولماي

نېمە، بىز ئۈچۈن بىللە يېتىش شۇنچىلىك مۇھىممۇ، ھەممە ئىشتىن ئۇلۇغمۇ؟ بىز ئادەممۇ؟ ئادەمنىڭ قىلىقىنى قىلدۇقمۇ ياكى ھايۋانىنىڭمۇ؟... مەن بۇنداق ئىشنى ئىككىنچىلەپ قىلىدىغان بولسام، ئادەم بولماي كېتەي!... سودا قىلىۋاتقان ئادەم چوقۇم خالىس، پاك بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ».

ھېلىم قىش ئۆتۈپ تاكى ئەتىياز كەلگۈچە تاغلىق شەھەرگە كېلەلمىدى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىنى بىرەر قۇر تۈگەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن يازلىق كېيىم ـ كېچەك ئېلىش ئۈچۈن تاغلىق شەھەرگە ئاران كېلەلىدى. سودا ـ سېتىقلىرىنى تۈگىتىپ ئاپتوبۇس بېلىتىنى ئېلىپ قويۇپ 774484 دېگەن تېلېفون نومۇرىنى باستى. تېلېفوننى باشقا بىر ئايال ئالدى.

ـ تۇرسۇنگۈل بارمۇ؟

ـ يوق، ئۇ ئۆيىنى ماڭا ئىجارىگە بەردى.

ـ ئۆزىچۇ؟

ـ ئېرى بىلەن يارىشىۋالدى.

ھېلىم ھەيران قالدى.

ـ راستمۇ؟

ـ راست.

ـ رەھمەت سىزگە.

ھېلىم تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويدى. خۇداغا شۈكرى، تۇرسۇنگۈل ئاخىر ئېرى بىلەن ئەپلىشىۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئېغىر بىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك ۋۇجۇدىنى خۇشاللىق قاپلىدى. ئۇلارنىڭ يەنە ئاجرىشىپ كېتىشىدىن خۇداساقلىغاي! ئەمدى مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تاسادىپىي قوزغىلىپ قالىدىغان تۇترۇقسىز ھېسسىياتىم بېسىقىشقا چۈشىدۇ.

ھېلىم ئەمەت بىلەن خوشلىشىپ قويماي دەپ ئۇنىڭغا چاقىرغۇ بەردى.

ـ قىشلىق ئۇيقۇغا كەتكەن پاقىدەك يوقاپلا كەتتىڭغۇ ھېلىم.

ـ يېزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن. ئالدىراش بولۇپ تۇرىمىز.

ـ ئۆيگە كەلمەمسەن؟

ـ بىلەت ئېلىپ بولدۇم، قايتايمىكىن دەيمەن. كېۋەز تېرىشنىڭ چالىسى قالغان.

ـ مەن يېڭى ئۆي سېتىۋالدىم.

ـ راستمۇ، ياخشى بوپتۇغۇ ئەمىسە.

ـ يازدا خوتۇن ئالىمەن دېگىنە.

ـ راست گەپ قىلىۋاتامسەن؟

ـ ئەمدى ياشمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئۆيلىنىۋالمىساق بولماس، ئۆيدىكىلەرگە مېنىڭ يازدا توي قىلماقچى بولغىنىمنى ئېيتىپ قويارسەن. قالغان گەپنى تېلېفوندا ياكى خەت ئارقىلىق دەيمەن.

ـ لايىقىڭچۇ؟

ـ ھازىرچە ئارىلىشىۋاتىمىز. ئەمرىمگە ئالغاندا ھېساب.

ـ خوش ئەمىسە، تويۇڭدا كۆرۈشەيلى.

ھېلىم ئەمەت بىلەن خوشلاشتى. ئاپتوبۇس ئىلگىرىلىمەكتە. جاھاننىڭ ئىشلىرى نېمانداق قىزىق ـ ھە! ھېلىمنىڭ تاغلىق شەھەردىكى ئىشلىرىنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. ياق، ئەمەت ۋە ھېلىقى ئاياللار بىلىدۇ. ئۇلار باشقىلارغا دېمىسىلا بىز ئەبەدىي ئۆز سىرىمىزنى ساقلاپ پانىي ئالەم بىلەن خوشلىشىمىز...

## ھېكمەتلەر

بېرنار دادىي (پىل چىشى قىرغىقى جۇمھۇرىيىتى)

* *

دەل بىرنەرسىنىڭ ئۆزى ـ «ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەن ئېتىقاد بېشىمىزغا مۇسىبەت چۈشكەندە تەسكىن بېرىدۇ ۋە شادلىق قانىتىدا پەرۋاز قىلغىنىمىزدا تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ.

* *

قاتتىق غەم ئوتقا ئوخشايدۇ. ئۇ كىشى قەلبىنى پۇچۇلايدۇ.

* *

بەخت بەزىدە كۆزگە چۈشكەن ئاققا ئوخشايدۇ ـ كۆرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

* *

بىز ھەممىمىز مۇكەممەل بەختكە ئىگە بولۇشقا ھەقلىقمىز. ئىلكىمىزدە بار نەرسىنىڭ ھەممىسىنى قۇربان قىلىپ، تولۇق بەخت ئىگىسى بولۇشىمىزنى كۈتىمىز.



# ئادىل مىجىت:

# كۆلكە سىرتىدا

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ۋەلى كېرىم

## خەلق ئىچىدىكى غۇلغۇلا: ئادىل مىجىت نېمە سەۋەبتىن رېستوران ئاچتى؟

كۆلدۈرگە چولپىنى ئادىل مىجىت بۈندىن 5 ـ 6 ئاي ئىلگىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە «ئادىل رېستورانى» نامىدا بىر رېستوران ئېچىۋىدى، كىشىلەر ھەيران قالدى، ئۇ نېمە سەۋەبتىن رېستوران ئېچىۋالغاندۇ؟

ئادىل مىجىت رېستورانىنى ئېچىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ بىلەن قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ قالغان ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى مەمتىمىن ۋالىي ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇنىڭغا تېلېفون بەردى (ئادىل بۇ چاغدا بازار ئايلىنىۋاتاتتى)، ئادىل بۇ كىشى بىلەن تېلېفوندا قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ۋالىينىڭ بىرقانچە يېقىن كىشىسى بىلەن ئۇنى ئۆز رېستورانىدا ساقلاۋاتقانلىقىنى ئۇقتى. ئادىل دەرھال قايتىپ كېلىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى. ئادىل مەمتىمىن ۋالىي قاتارلىقلارنىڭ نېمىشقىدۇر ئۆزىگە باشقىچە نەزەردە قاراۋاتقانلىقىنى، ھەممىسىنىڭ چىرايىدىن بىر خىل مەيۈسلۈك چىقىپ تۇرغانلىقىنى سەزدى، بىر چاغدا مەمتىمىن ۋالىي ئېغىز ئاچتى:

ـ ئادىل ئۇكام، ساڭا دېمىسەم زادى بولمىدى، سىنىڭ سەھنە ھاياتىڭ رېستوران ئېچىۋېلىشىڭ بىلەنلا ئاخىرلىشىپ كېتەرمۇ؟ شەخسەن مەن سىنىڭ بۇنداق ئاسانلا سەھنىدىن چۈشۈپ كەتكىنىڭنى كۆرگۈم يوق، خەلقىمىز ئۈچۈن سەھنىدە سەن بولمىساڭ بولمايدۇ، ئەمدى ماڭا جاۋاب بەر، سىنىڭ رېستوران ئېچىشتىكى سەۋەبىڭ زادى نېمە؟ قىيىنچىلىقىڭ بولسا مانا ماڭا دېسەڭ بولمىدىمۇ؟ مەن ساڭا بۇ گەپنى ئۇزۇندىن بېرى دەپ كېلىۋاتقان ئەمەسمىدىم؟ نېمىشقا كەسپىڭنى تاشلاپ قويىسەن؟ مەن سىنىڭ رېستوران ئېچىۋالغانلىقىڭنى ئاڭلاپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ بېقىپ، قىيىنچىلىقىڭ بولسا ھەل قىلىۋېتىپ، سىنى سەھنىگە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن نەسىھەت قىلغىلى ئالايىتەن كېلىشىم، دېدى.

ئادىل مىجىت مەمتىمىن ۋالىينىڭ ئۆزىدىن ئاغرىنغان ھالدا قىلىۋاتقان سۆزلىرىدىن بىردە ھەيران بولۇپ، بىردە ئەجەبلىنىپ ئولتۇردى. ۋالىينىڭ گېپى تۈگىگەندە ئاندىن ئۆزىنىڭ رېستوران ئېچىشتىكى مەقسىتى، ئۆزىنىڭ بۈندىن كېيىنكى سەھنە ھاياتى توغرىسىدا بىرمۇنچە دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ، ۋالىينى قايىل قىلدى.

ئادىل مىجىتنىڭ رېستوران ئېچىشى ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغىمۇ قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا يۇر كەتتى. بەزىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ «ھازىر ئازراقلا باش كۆتۈرۈۋالغانلارنىڭ رېستوران ئېچىشى مودا بولۇپ قالدىغۇ، شۇڭا ئادىلمۇ بۇ مودىنى قوغلىشىپ باققان گەپ» دېيىشتى. بەزىلەر ئادىلنىڭ بىر ئوبدان ئېيىزوتلىرىنى ئويناپ رېستوران ئېچىۋالغانلىقىدىن ئەجەبلەندى ۋە ئۇنىڭ بۇندىن كېيىن پۇل تېپىش بىلەن بولۇپ كېتىپ سەھنىگە چىقماي قېلىشىدىن ئەنسىرەشتى. يەنە بەزىلەر بولسا «بۇ ئاداشنىڭمۇ تازا تايىنى يوقمۇ نېمە، ئۆزى سەھنىدە خەلققە ئىبرەت بولسۇن دەپ خەلقىمىز ئىچىدىكى ‹ رېستوران كېسىلى›نىڭ يامراپ كەتكەن


**ژۇرنىلىمىز ئالاھىدە ئويۇشتۇرغان ئەسەر**

**ئويۇشتۇرغۇچى: پولات ھېۋزۇللا**

لىكى توغرىسىدا ئېپىزوت ئويناپ چىقىدىكەن، ئەمدى بولسا ئۆزىمۇ ئاشۇ «بىكار تەلەپ چاكىنا»لارغا سورۇن راسلاپ رېستوران ئېچىپتۇ» دېيىشتى. ئىشقىلىپ ئادىل مىجىتنىڭ رېستوران ئاچقانلىقىنى ئاڭلىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئادىلنىڭ رېستوران ئاچقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ باققىنى يوق.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قەدىمكى قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان نوغاي مەسچىتىدىن باشلاپ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان «كونسۇل كوچىسى»نىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا، ئانچە چوڭ بولمىغان، ۋىۋىسكىسىغا ئادىلنىڭ بىر ئېپىزوتتىكى ھەجۋىي كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن «ئادىل مىجىت رېستورانى» جايلاشقان. رېستوران ئانچە چوڭ ئەمەس. رېستوران ئىشىكىدىن كىرىشىڭىزگىلا بىر خانىغا ئوچۇق قىلىپ غىزالىنىش شىرەلىرىدىن 6 ـ 5 سى قويۇلغان، باشقىلىرى بولسا 2 ـ 1 شىرەلىك ئايرىم خانىلاردىن ئىكەن. ئوپچە غىزالىنىش ئورنى ۋە ئايرىم خانىلىرىنىڭ ھەممە تېمىغا دېگۈدەك ئادىل مىجىتنىڭ سەھنىدە ئوينىغان ئېپىزوتلىرى، كىشىلەر قەلبىگە تەسىر قىلغان ھەجۋىي كۆرۈنۈشلىرى، ئادىلنىڭ ئوبرازىنى ئاشۇرۇپ كىرىشتۈرۈلگەن رەسىملەر بىلەن ناھايىتى سۈپەتلىك، جەلب قىلارلىق ھالدا ئورنىتىلغان. بۇ يەردە كۈندۈزى سائەت ئوندىن باشلاپ كەچ سائەت 12 ـ 1 لەرگىچە مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. ئۇلار بۇ يەرگە بىر ۋاق تاماق يېيىش ئۈچۈنلا كەلمىگەن، مۇھىمى تاماق يېگەچ ئادىل بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلىشىش، ئۆزئارا مۇڭدىشىش ۋە خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈۋېلىش...



ئادىل مىجىت رېستوران ئېچىشتىكى مەقسىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

ـ ھەممىگە مەلۇمكى، مەن بىر كەسپىي سەنئەتكار، ئون نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ئېپىزوت، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە رول ئېلىپ خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ئۆز ئوبرازىمنى تىكلىدىم. ھازىر مېنى تېلېۋىزور ئېكرانىدىن كۆرگەن ھەر بىر ئۇيغۇر بىر قاراپلا تونۇۋالالايدۇ ھەم ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كېتىدۇ.

ـ مېنىڭ رېستوران ئېچىشىمغا مۇنداق بىر ئىش سەۋەب بولدى. بىرى، مەن 1997 ـ يىلى بىر ئېپىزوت كېچىلىكى ئۆتكۈزگەن چاغدا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 120 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل كەتتى. ئۇ چاغدىغۇ سودىگەرلەردىن، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردىن ئىئانە توپلاپ بۇ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلغانىدۇق، خەلقىمىزمۇ ياقتۇرۇپ، ئالقىشلاپ تۇرۇپ كۆردى. بۇ كېچىلىكنىڭ مەيلى ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بولسۇن ۋە مەيلى ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بولسۇن ناھايىتى ياخشى بولغانىدى. يېقىندىن بېرى يەنە بىرمۇنچە بىر ـ بىرىدىن قىزىقارلىق ئېپىزوتلارنى تەييارلاپ، يەنە ئۇنىڭ ئارىسىدىن تاللاپ، ئىككىنچى قېتىملىق ئېپىزوت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتىمەن. بۇنىڭغىمۇ ئىقتىساد بولمىسا بولمايدۇ. يەنە ئالدىنقى قېتىمدىكىدەك سودىگەرلەردىن، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردىن ئىئانە يىغىۋەرگىلى بولمايدىكەن؛ يەنە بىرى، مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا داڭق چىقارغان چولپانلاردىن چېن پېيىسى، گې يو قاتارلىقلارمۇ بېيجىڭدا «چولپانلار رېستورانى» نامىدا رېستوران ئاچقانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇ رېستورانلاردا مېھمانلار ئۆچرەتتە تۇرۇپ تاماق يېيىشىدىكەن، چولپانلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشىدىكەن، چولپانلارغا ئىمزا قويدۇرىدىكەن. چېن پېيىسى، گې يوغا ئوخشاش مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان چولپانلارنىڭ نېمىسى كەم؟ ئۇلار رېستوران ئاچماي ئۆز كەسپىنى قىلىۋەرسىمۇ كىرىمى ناھايىتى ياخشى. چۈنكى ئۇلارنىڭ نومۇر ئورۇنداش ھەققى ئىنتايىن يۇقىرى. پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېتەلەيدۇ. ئۇلار نېمىشقا رېستوران ئاچىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى، رېستوراننى ۋاستە قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىر كۆرۈشۈۋېلىش ئىستىكىدە بولغانلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش، مۇشۇ ئارقىلىق ئاممىغا يۈزلىنىش.

مېنىڭ ئەھۋالىممۇ شۇلارنىڭكىگە ئوخشاپ قالدۇ. مەن رېستوران ئاچقاندىن كېيىن، مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى، پاراڭلىشىشنى خالايدىغانلار ئۈچۈن بىر ئوبدان ئۇچرىشىش سورۇنى بولدى. خېرىدارلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى بۇ يەرگە بىر قاچا تاماق يېيىش ئۈچۈنلا

ئەمەس، مۇھىمى مەن بىلەن كۆرۈشكىلى، پاراڭلىشىپ ئۆزلىرىدە خاتىرە قالدۇرغىلى كېلىدۇ. مەن تونۇسام-تونۇمىسام كەلگەن مېھمانلار بىلەن خۇشال پاراڭلىشىپ، چاقچاقلىشىپ ئۆتتۈۋېرىمەن، خاتىرە سۈرەتكە چۈشىمەن. ئۇلارنىڭ ئىستىكىمۇ قانىدۇ، مەنمۇ ئۇلاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالىمەن. بۇ ئىش مېنىڭ ئامما بىلەن ئۇچرىشىشىم ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ھازىر غۇلجا، تۇرپان، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەنلەر مېنىڭ رېستوران ئاچقانلىقىمنى ئاڭلاپ، تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ بۇ يەرگە تاماق يېگىلى كېلىدىغان بولدى. بۇ ئىشمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى. چۈنكى خەلقىمىز مېنى قوللىمىغان، ئالقىشلىمىغان بولسا مەن بۈگۈنكىدەك نام ـ ئاتاققا، شۆھرەتكە ئېرىشەلمىگەن بولاتتىم. «ئېپىزوت چولپىنى»، «كۈلدۈرگە چولپىنى» دېگەن بۇ نامنى ماڭا خەلقىمىز بەردى، مەن رېستوران ئېچىپ، خەلقىمىز ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر سورۇن ھازىرلىدىم. بۇ، ئىككىلا تەرەپنى خۇشاللاندۇرىدىغان ئىش ئىكەن.

ئادىل مىجىتنىڭ ئايالى گۈلبەھرەم مۇنداق دېدى:

— بىز بۇ رېستوراننى نوقۇل پۇل تېپىشنىلا مەقسەت قىلىپ ئاچمىدۇق. مۇھىمى ئادىل بىلەن ئۇنىڭ تاماشىبىنلىرى ئارىسىدىكى ئۇلارنى توسۇپ تۇرغان كۆرۈنمەس تامنى رېستوران ئېچىش ئارقىلىق ئۆرۈۋەتتۇق. ئادىلغا كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش پۇرسىتى كۆپەيدى... بىز رېستوران ئېچىش ئارقىلىق ئادىلنىڭ كەسپىتە تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى، ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلدۇق. ئەگەر رېستوران ئېچىش ئارقىلىق ئادىلنىڭ كەسپى تاشلىنىپ قالىدىغان ئىش بولسا، مەن رېستوران ئېچىشقا جان ـ جەھلىم بىلەن قارشى تۇرغان بولاتتىم.

ئادىل مىجىت مۇخبىرنىڭ «سىز رېستوران ئاچقاندىن كېيىن، سەھنىگە چىقىش نىسبىتىڭىز ئىلگىرىكىگە قارىغاندا يۇقىرى كۆتۈرۈلدىمۇ ياكى تۆۋەنلىدىمۇ؟» دەپ سورىغان سوئالىغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— مەن «مېنىڭ رېستوران ئېچىشتىن باشقا چىقىش يولۇم قالمىدى» دېگەن ئوي بىلەن پۈتۈن زېھنىمنى مۇشۇ تىجارەتكە قارىتىپ، كەسپىمنى بىراقلا تاشلاپ قويغىنىم يوق. رېستوران ئېچىش ماڭا نىسبەتەن قوشۇمچە بىر ئىش. مەن رېستوران ئاچقاندىن كېيىنمۇ ئۆز كەسپىمنى ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن، كەسپىمنىڭ نەتىجىسىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. مەن بىر كۈنلۈك خىزمىتىمنى، سەھنە مەشقىنى راۋۇرۇس تاماملاپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن رېستورانغا كېلىپ خېرىدارلار بىلەن كۆرۈشۈشكە باشلايمەن. مەن بۇ ئىشنىڭ كەسپىمگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئايالىمنى ئىككى يىل ئىشتىن بوشىتىپ، رېستورانغا قارىتىۋاتىمەن. رېستوراننىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ئۇ مەسئۇل. مېنىڭ ئاساسلىق ئىشىم يەنىلا كەسپىمنى قىلىش، خەلقىمىزگە يېڭى ـ يېڭى مەنىۋى ئوزۇق بېرىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشىش بولۇۋاتىدۇ. مانا ھازىر بازارغا سېلىنغان «ئادىل ئەپەندى» ناملىق كۈلدۈرگە پلاستىنكىسىمۇ رېستوران ئېچىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىشلەنگەن.

**كىشىلەر قىزىقىۋاتقان يەنە بىر تېما: ئادىل مىجىت سەھنىدىلا ئەمەس، كۈندىلىك تۇرمۇشتىمۇ قىزىقچىمۇ؟**

ئادىل مىجىتنىڭ سەھنىدىكى يۇمۇرلۇق ئوبرازى ھەممىگە مەلۇم. ئۇ رول ئېلىپ چىققان ھەر بىر ئېپىزوتتا تەبىئىي، ئۆزىگە خاس ھەرىكەت قىلىقلىرى، كىشىنىڭ ئىختىيارسىز كۈلكىسىنى قوزغايدىغان گەپ ـ سۆزلىرى بىلەن مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان كۆرۈرمەنلەرنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋېتەلەيدۇ ھەتتا ئۇ سەھنىگە چىقىپ، ھېچقانداق گەپ ـ سۆز، ھەجۋىي قىلىق چىقارمىسىمۇ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارسىز كۈلۈۋېتىدىغانلىقىغا، قانداق قىزىق گەپ، قىلىق چىقىراركىن، دەپ قىزىقسىنىدىغانلىقىغا، نېرۋىلىرىنىڭ ئويغىنىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇنداقتا ئادىل مىجىت تۇرمۇشتىمۇ سەھنىدىكىگە ئوخشاشلا قىزىقچىمۇ؟

بەزىلەر «ئادىل سەھنىدە قىزىقچى بولغىنى بىلەن تۇرمۇشتا ئۇنچىۋالا قىزىقچى بولماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى ئېپىزوت سەنئەتكە ياتىدىغان ساھە، ئۇ قانداقلا بولمىسۇن تۇرمۇشتىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇڭا ئادىل ئېپىزوت ئوينىغاندا قىلغان قىزىقچىلىقلىرىنى تۇرمۇشتا قىلالماسلىقى مۇمكىن» دەپ قارايدۇ.

ئۈرۈمچى «كۆكنۇر» ئون ـ سىن بۇيۇملىرى دۇكىنىنىڭ خوجايىنى ۋاھىتجان ئوسمان مۇنداق دەيدۇ:

— ئادىل تۇرمۇشتىمۇ قىزىقچى، لېكىن شاڭخوچى ئەمەس ياكى خەقنىڭ قىزىق يۇمۇرلىرىنى سۆزلەپ يۈرمەيدۇ. ئۇ تۇرمۇشتىمۇ قىزىقچىلىق قىلىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدا، ئۆزى مۇناسىۋەت قىلغان كىشىلەر ۋە ئۇلار بىلەن ھەرخىل تەرىزدە ئۇچرىشىپ قالغاندا قىزىقچىلىق قىلىدۇ، ئادىلنىڭ ئۆزىنىڭ يۇمۇرى بار. ئەلۋەتتە ئادىلنىڭ ئۆزىمۇ بىر يۇمۇر، ئەمما ئۇ

مەن قىزىقچى، كۆلدۈرگە ئارتىسى، دەپ ئۇدۇل كەلگەنلا
يەردە قىزىقچىلىق قىلىپ، يۇمۇرىستىك قىلىق چىقىرـ
رىپ يۈرمەيدۇ. بىرەر سورۇنغا كېلىپ قالسا، سورۇندىـ
كىلەرنى چوڭ ياكى كىچىك كۆرمەي يۇمۇر سۆزلەپ،
قىزىقچىلىق قىلىپ، كۆلدۈرۈپ سورۇننى قىزىتىشۋىتىـ
دۇ. ئادىل مىجىتنىڭ ئايالى گۈلبەھرەم
مۇنداق دەيدۇ:

قانداق ئىشلىقىنى ئۇزۇمۇ بىلمەيمەن، ئادىل ئىككىمىز توي قىلىپ 5 ـ 6 يىلغىچە، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭ راست كېپى قايسى، يالغان كېپى قايسى پەقەت ئايرىۋالالماي كەلدىم. ئۇ بەزىدە راست دېسە يالغاندەك، يالغانمىكىن دېسە راستتەك گەپلەرنى قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە قىلىقلىرىمۇ شۇنداق. بەزىدە مۇشۇنداق ئىشلار تۈپەيلىدىن رەنجىپ قالغۇدەك بولسام، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق گەپلىرى، قىلىقلىرى بىلەن مېنى كۆلدۈرۈۋېتىدۇ.

ئادىل مىجىتنىڭ بىر سودىگەر ئاغىنىسى مۇنداق دەيدۇ:

ئادىل مەيلى سەھنىدە بولسۇن ياكى تۇرمۇشتا بولسۇن پىشقان قىزىقچى. ئەمما ئۇ قىزىقچىلىق قىلغاندا جايىغا تەگكۈزۈپ ۋە ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ھازىر جاۋابلىق بىلەن قىزىقچىلىق قىلىدۇ.

ئادىل مىجىت بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ قالغان بىرەيلەن مۇخبىرغا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

بىز تاسادىپىي بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ قالدۇق، ئارىمىزدا قىزىقچى، يۇمۇر سۆزلەيدىغان شوخ باللارمۇ خېلى بار ئىدى. سورۇن تەبىئىي ھالدا كۈلكە ـ چاقچاق، يۇمۇر قايىنىغان سورۇنغا ئايلىنىپ كەتتى. بىرنەچچەيلەن قىزىقچىلىق قىلىپ، يۇمۇر سۆزلەپ، شاگخو قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن ئادىل مىجىتنى يۇمۇر سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئادىل مىجىت مۇنداق بىر يۇمۇر سۆزلىدى: بىر كۈنى بىر قاساپ بىر خېرىدارغا گۆش كېسىپ بېرىۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن قولىنى كېسىۋاپتۇ. قولىدىن شۇرقىراپ قان ئېقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېسىۋالغان يەرنى يەنە بىر قولى بىلەن چىڭ تۇتقانچە دوختۇرخانىغا بېرىپتۇ. دوختۇر ئۇنىڭدىن: «نېمە بولدى؟» دەپ سوراپتۇ. قاساپ: «بىر خېرىدارغا گۆش كېسىپ بېرىۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن قولۇمنى كېسىۋالدىم» دەپتۇ. دوختۇر ئۇنىڭ قولىنى تېڭىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاساپ قايتىپ كېتىپتۇ. شۇ تۈگىدى، دەپ «يۇمۇرى»نى تۈگىتىپ، چىرايىدا بىر خىل مەيۈسلۈك چىقىرىپ تۇردى.



ئۇنىڭ سۆزلىگىنى يۇمۇر ئەمەس، ئادەتتىكى بايان ئىدى، ئەمما ھەممىمىز ئۇنىڭ يۇمۇرى ئۇچۇن ئەمەس، يۇمۇر سۆزلەپ بولغاندىن كېيىنكى چىراي ئىپادىسىگە قاراپ پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتۇق.

مەلۇم باسما زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان ئىككى قىز مۇخبىرغا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

بىر شەنبە كۈنى كەچتە، بىز ئۇرۇمچى ياشلار باغچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان «ئۇزۇمزار» رېستورانىغا بېرىپ تويغا قاتناشتۇق. بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كېلىپ بېقىشىمىز بولغاچقا، كىرىشىمىزدە قانداقلارچە كىرگىنىمىزنى ئۇقماي قاپتۇق. تويدىن سائەت سەككىزلەر ئەتراپىدا قايتتۇق. رېستوراندىن چىقساق ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ. رېستوران باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كېلىشىمىز بولغاچقا، قەيەردىن چىقىپ كېتىشنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدۇق. قارىساق ئالدىمىزدىلا بىر كىشى كېتىۋاتىدۇ. ئۇ كىشىدىن سوراپ كېتىۋالايلى، دەپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ:

ـ ھەي ئاكا، ئاكا، ـ دەپ چاقىردۇق. ئۇ كىشى كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، بىلدۇقكى، ئۇ كۆلدۈرگە چولپىنى ئادىل مىجىت ئىكەن، «نېمە ئىش؟» دېگەندەك بىزگە قارىدى ئۇ.

ـ ئاكا، بىز «ئۇزۇمزار» رېستورانىدا تويغا قاتناشقانىدۇق. كىرىشنىغۇ كىرگەن، ئەمما ھازىر چىقىپ كېتىشنى بىلەلمەيۋاتىمىز، يولنى كۆرسىتىپ قويغان بولسىڭىز، دېيىشىمىزگىلا، ئۇ:

باياام تامدىن سەكرەپ كىرگەنمىدىڭلار؟ دەپ ئاۋازىنى بىر خىل غەلىتە چىقىرىپ سورىدى. بىز ئۆزى-

مىزنى تۇتۇۋالالماي كولۇشۇپ كەتتۇق. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا بىزگە يولنى چىرايلىقچە كۆرسىتىپ قويىدى.

ئادىل مىجىت ئۆزى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

مەن تۇرمۇشتا شاڭخوچى ئەمەس، بەلكى قىزىقچى. بىرەر سورۇنغا كېلىپ قالسام شاڭخوچىلىق قىلمايمەن، چاقچاق قىلدىم دەپ خەقنىڭ يىغىرىنى تاتلاپمۇ يۈرمەيمەن. سۆزلىشىش جەريانىدا سورۇن ئەھلىنى كۈلدۈرىمەن. ئاتا ـ ئانىلار يىغىنلىرىدا ئاتا ـ ئانىلارنى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋېتىمەن. ئىدارىدىكى يىغىنلاردىمۇ شۇنداق، يىغىن ئەھلىنى كۈلدۈرۈپ، يىغىن ئاخىرىنى كۈلكە چاقچاقتا ئايلاندۇرالايمەن. بەلكىم بۇ مەندىكى تەبىئىي خۇسۇسىيەت بولسا كېرەك.

ئادىل مىجىتنىڭ تۇرمۇشتىكى قىزىقچىلىقلىرى ئىھتىمال خېلى نۇرغۇن. مۇخبىر ئۇنىڭ تونۇش، بىلىشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ، كەڭ كۇشادە سۆھبەت ئېلىپ بېرىشقا پۇرسەت تاپالماي، بۇ ھەقتە مۇشۇنچىلىك توختالماقچى. ئىھتىمال بۇمۇ مۇشۇ تېمىغا نىسبەتەن يېتەرلىك بولسا كېرەك.

## بىر جۈپ يۈرەكنىڭ پىچىرلىشىشلىرى ئەنە شۇنداق باشلانغان ...

ئادىل مىجىتنىڭ ئايالى گۈلبەھرەم ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت تارىخىنى تۆۋەندىكىدەك سۆزلەپ بەردى:

مەن تەنتەربىيىنى ياخشى كۆرىدىغان ئائىلىدە چوڭ بولغانىدىم. 1976 ـ يىلى، قاراماي سەنئەت ئۆمىكى يېڭىدىن قۇرۇلغان چاغلار بولسا كېرەك، مەن بىر كۈنى مەكتەپ مەيدانىدا ۋالىبول ئويناۋاتاتتىم. سەنئەت ئۆمەككە ئارتىس قوبۇل قىلىدىغانلار مەكتەپكە كېلىپ، مېنى مەيدانىدا كۆرۈپلا ئۆمەككە قوبۇل قىلماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ۋە دوستبۇرادەرلىرىمنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن قاراماي سەنئەت ئۆمىكىدە ئۇسسۇل ئارتىسى بولۇپ قالدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي بىز مايتاغقا يەنە ئارتىس قوبۇل قىلىش ئۈچۈن باردۇق. بىز مايتاغقا بارغان دەسلەپكى كۈنلەردىلا، بىزنىڭ كېلىش مەقسىتىمىزنى بىلگەن كۆپىنچە كىشىلەر ئادىل مىجىت بىلەن ئالىم ئابابەكرىنىڭلا گېپىنى قىلىشتى. بىز ئۇلارنى سىناپ كۆردۇق. ئالىمنىڭ ھەقىقەتەن ناخشا ئېيتىشتا تالانتى بار ئىدى. ئادىل بولسا ھەر خىل سازلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالاتتى، ئۇسسۇلمۇ ئوينىيالايتتى. بىز مايتاغدا بىر مەزگىل تۇرۇپ خېلى كۆپ بالىلاردىن ئىمتىھان ئالدۇق. نەتىجىدە، ئادىل بىلەن ئالىم رەھبەرلىكنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۆمەككە تاللاندى. ئۇلار قارامايغا كېلىپ ئىشقا چۈشتى. يېرىم يىلدىن كېيىن مەن شىئەن سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئىككى يىل ئۇسسۇل كەسپىدە بىلىم ئاشۇردۇم. قايتىپ كېلىپ قاراماي سەنئەت ئۆمىكىدە ئاساسلىق ئۇسسۇل ئارتىسى بولۇپ قالدىم. 1979 ـ يىلى «غېرىب ـ سەنەم» كىنوسىنى سۈرەتكە ئېلىش تەييارلىق خىزمەتلىرى باشلاندى. بۇ فىلىمنى ئىشلەش گۇرۇپپىسىدىكىلەر مېنى تاغلىقلار پادىشاھىنىڭ قىزىنىڭ رولىنى ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى. مەن نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئاخىر بۇ رولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىقتىم. بۇ كىنونى ئىشلەش جەريانىدا بىر يىلدەك ئۈرۈمچىدە بولۇپ قالدىم. كىنو قويۇلغاندىن كېيىن خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. شۇ جەريانىدا ئادىل بىر قېتىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ مېنى يوقلىدى. ئۇ: «سىزنى ئالايىتەن كۆرگىلى كەلدىم» دېدى. بۇ ئادىلنىڭ مېنى تۇنجى قېتىم ھاياجانغا سالغان سۆزى ئىدى. شۇ ئارىدا ئۇ بىرنەچچە قېتىم مېنى يوقلاپ ئۈرۈمچىگە كەلدى. بىر قېتىم مايتاغقا قايتار چېغىدا ماڭا بىر پارچە تەلەپ خېتى قالدۇرۇپ كېتىپتۇ. مەن ئۇ چاغدا «بىزنىڭ يېشىمىز تېخى كىچىك تۇرسا، كېيىن نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىدۇ، بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشامدۇ، ئاشمامدۇ، كىم بىلىدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىغانىدىم. مەن شىئەنگە بىلىم ئاشۇرغىلى كەتكەندە، بىرەر يىلدەك قاراماي سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىگەن ئادىل دادىسىنىڭ كونا قالپىقى سەۋەبىدىن مايتاغقا قايتىپ كەتكەنىكەن. كېيىن ئۇ دادىسىنىڭ ئوقۇغۇچىسىنىڭ يولى ئارقىلىق داچىڭ نېفىتلىكىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلمەكچى بوپتۇ. لېكىن ئادىلنىڭ سەنئەتكە بولغان ئىشتىياقى سۇسلىشىپ قالمىغانىدى. دەل شۇ چاغدا مەركىزىي تىياتىر ئۆمىكىگە شىنجاڭدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغانلار كېلىپ قالدى. ئادىل بۇ چاغدا ماڭا: «بىز بىرگە ئىمتىھان بېرىپ، بىرگە ئوقۇيلى، سەن كەسپىتە مەندىن ئۈستۈن، كىنولاردىمۇ رول ئالدىڭ، ماڭا باشلامچى بولۇپ بەرسەڭ، تەڭ ئوقۇپ كەلسەك» دېدى. ئۇ چاغدا شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكىلەر مېنى ئوقۇشقا بېرىشقا قويمىدى. ئادىل بىر قىسىم ئېپىزوت نومۇرلىرىنى تەييارلاپ ئىمتىھان بېرىپ مەركىزىي تىياتىر ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىندى (ئادىل 1975 ـ يىلىمۇ ئىمتىھان بېرىپ غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ سەنئەت كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، دادىسى-

نىڭ قالپىقى بولغاچقا، قايتۇرۇلغانىدى). بۇ جەرياندا بىز بىرنەچچە يىل خەت ئارقىلىق كۆڭۈل ئىزهار قىلىشىپ ئۆتتۇق. تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. شۇ چاغلاردا مەنمۇ مەركىزىي تىياتىر ئۆمىكىدە ئىككى يىل بىلىم ئاشۇردۇم. بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز بېيجىڭدا ۋايىغا يەتتى، ناھايىتى ئىجىل ئىناق ئۆتتۇق. ئادىل ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈردى. ئۇ بۇ جەرياندا بىرقانچە دراما، كىنولاردا رول ئېلىپ جەمئىيەتتە خېلى ياخشى تەسىر قالدۇرغانىدى. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ دراما ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىندى. مەن قارامايغا كەتتىم. بىر يىلدىن كېيىن بىز توي قىلدۇق. ئىككىمىز ئىككى شەھەردە ئىدۇق. ئادىلمۇ بۇ جەرياندا كەسپتە خېلى ئالغا باستى. ئۇزۇن ئۆتمەي مەن ئۇرۇمچىگە يۆتكەلمەكچى بولدۇم. بۇ چاغدا بىز مەسلىھەتلىشىپ، بىر-بىرىمىزگە يار - يۆلەكتە بولۇش ھەم كەسپتە نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن «بىر-بىرىمىزلا كەسپنى قىلايلى» دېگەن قارارغا كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن خىزمىتىمنى ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئورگىنىغا يۆتكىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئادىلغا تۇرمۇش ۋە كەسپتە يار - يۆلەكتە بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى دائىم قوللاپ كەلدىم. ئادىلنىڭ ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيىتى مەن ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىپ، تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلىپ، خىزمىتىنى قىزغىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىم بىلەن باشلاندى. ئۇ يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بويان نۇرغۇنلىغان ئېسىل كولدۇرگە ئىتوتلىرىنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، خەلقنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇردى ھەمدە خەلق تەرىپىدىن ھەقلىق يوسۇندا «كولدۇرگە چولپىنى» دېگەن ھۆرمەتلىك نامغا ئېرىشتى.

ئادىل مىجىتمۇ ئايالى گۈلبەھرەم توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى:

مەن بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، تىرىشىپ ئىشلەپ، جاپالىق مەشىق قىلىپ، ئىتوت، كولدۇرگىلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئويناپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان كولدۇرگە چولپىنىغا ئايلاندىم. مېنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىمنىڭ ھەممىسى ئايالىم گۈلبەھرەمنىڭ ماڭا قىزغىن مۇھەببەت ئاتا قىلىشى، مېنى قوللىشى، مەدەت بېرىشى، ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

**ئادىل مىجىت ئائىلىۋى تۇرمۇشتا مەسئۇلىيەتچان ئەر، ياخشى دادا، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە كۆيۈمچان دوست ...**

ئادىل مىجىتنىڭ ئايالى گۈلبەھرەم بۇ توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

مېنىڭچە، ئادىل ئۆز ئايالىغا ۋە بالىلىرىغا قانداق كۆيۈنۈشنى، مېھرى - مۇھەببەت ئاتا قىلىشنى بىلىدىغان، ئائىلىنىڭ ھەرقانداق ئېغىرىنى كۆتۈرەلەيدىغان مەسئۇلىيەتچان ئەر، ياخشى دادا. قانداق دېگەندە ئادىل ھەر يىلى «8 - مارت» ئاياللار بايرىمىدا، توغۇلغان كۈنۈمدە ياكى بالىلارنىڭ توغۇلغان كۈنىدە ۋە بالىلار بايراملىرىدا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق مېنى ۋە بالىلىرىمىزنى خۇشال قىلىشنى بىلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئادىل ھەر كۈنى دېگۈدەك شېرىن گەپ-سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن مېنى ۋە بالىلىرىمنى خۇش قىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئەتىگەندە ئويغىنىپلا تۇرۇشنىڭ ئالدىدا بالىلارنى ئەركىلىتىپ، خۇش قىلىپ، ئۇلارغا ئىلھام بېرىدىغان گەپ -سۆزلەرنى كۆپرەك سۆزلەپ، بالىلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدۇ. ئادىلنىڭ مەسئۇلىيەتچان ئەر، كۆيۈمچان دادىغا لايىق ئىش - ھەرىكەتلىرى ناھايىتى كۆپ، بۇ يەردە ئۇلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشقىمۇ ئەپسىز.



ئۇندىن باشقا ئادىل ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ. باشقىلار ئۇنىڭدىن ياردەم سورىسا، ھەرگىز ئۇلارنى يەرگە قارىتىپ قويمايدۇ. مۇنداق بىر ئىشنى ئەسلەپ ئۆتەي: «ئۇ بىر قېتىم ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىناسىغا مېنى ئىزدەپ بارغاندا، بۇ بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى چوڭ زالدا بىر ئاۋارە، بىچارە كىشىنى ئۇچراتقان. ئادىل ئۇ كىشىدىن ئەھۋال سوراپ بىلىپتۇكى، ئۇ كىشى ئەسلى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە

بىر دەۋا ئىشى بىلەن كەلگەن، ئۈرۈمچىدە تۇرۇش جەريانىدا پۇلى تۈگەپ كېتىپ، يۇرتىغىمۇ قايتالمايۋاتقانلىقىنى ئۇققان. ئادىل ئۇ كىشىنى ئاشخانىغا ئېلىپ كىرىپ قورسىقىنى توقلاپ، ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكەتكە ئېلىپ بېرىپ بېلەت سېتىۋېلىپ، ئاپتوبۇسقا چىقىرىپ، قولىغا 400 يۈەن پۇل تۇتقۇزۇپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئادىلنىڭ بۇنداق ئىشلىرى خېلى كۆپ، دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

ئادىل مىجىت كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى دوستلىرىغا ياردەم قىلىدىغان تەرەپلىرىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

ـ مېنىڭ كۈلدۈرگە ئارتىسى بولۇپ قالغىنىممۇ بەزىدە ئەسقېتىپ قالىدۇ. تونۇش ـ بىلىشلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئازارلىشىپ قالغاندا، ياكى ئاغىنىلىرىم ئاياللىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئائىلىۋى تۇرمۇشى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندا، مەن ئوتتۇرىغا چىقىمەن ـ دە، ئوساللاشقان ۋەزىيەتنى ئوڭشايمەن. بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي:

بىر كۈنى بىر ئاغىنەم ئايالى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، بىر ـ بىرىگە يول قويماي، كىچىك ئىش بارغانچە چوڭىيىپ، ئاخىر ئۇلار ئاجرىشىش دەرىجىسىگە يېتىپتۇ. سوتمۇ ئۇلارنى يېپىق سوت قىلىش ئارقىلىق ئاجراشتۇرۇۋېتىش قارارىغا كېلىپ بوپتۇ. سوت باشلىنىشقا 15 مىنۇت قالغاندا، ئاغىنەم ماڭا تېلېفون بېرىپ، دەرھال بارمىسام بولمايدىغانلىقىنى، ئەھۋالنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن دەرھال يېتىپ باردىم. سوتمۇ باشلاندى. قارىسام ئەھۋال ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتتى. ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە سەللا يول قويمىسا بىر ئوبدان ئائىلە بۇزۇلۇپ كېتەتتى. شۇ چاغدا مەن مەيدانغا چۈشتۈم ـ دە، سوت ئەھلىگە سۆزلەشكە باشلىدىم:

ـ ھەي كۆپچىلىك، دېمىسەممۇ بىلىسىلەر، مەن ھەر كۈنى تېلېۋىزوردا ئېپىزوت ئويناپ سىلەرنى كۈلدۈرىدىغان ئادىل مىجىت بولىمەن. باياتىن بېرى قارىسام بىرسىڭ بىر ياندىن، بىرسىڭ بىر ياندىن سۆزلەپلا كېتىۋاتىسىلەر... سىلەر شۇنداق ئاچچىقلىنىپلا ئۆتۈپ كېتەمسىلەر، ئۇنداق قىلماي گېپىمگە كۈلۈپ قويۇڭلار... ـ دەپ سوتچىلارنى، سوت ئەھلىنى ۋە ئاچچىقتىن بىر ـ بىرىگە ھۈرپىيىپ تۇرغان بۇ ئەر ـ خوتۇننى كۈلدۈرۈپ، كۆزلىرىدىن ياشلارنى ئاققۇزۇۋېتىپتىمەن. ئۇلار كۈلگەنچە مەن تېخىمۇ ئىلھاملىنىپ، تېخىمۇ سۆزلەپ، ئارىدا بىر ئازمۇ ئاچچىق ـ خاپىچىلىق قويماپتىمەن، ھەممىسىنىڭ كەيپىياتى تاتلىق كۈلكىگە، شادلىققا ئۆزگەردى. مەن ئاخىرىدا تۇيۇقسىز:

ـ كۈلۈۋېرەمسەن ھەممىڭ، سوت تۈگىدى، ۋايىيەي ئەجەب مۇرەككەپ دېلوكىنا بۇ، قوپۇشامسەن ئەمىسە، بۇ ئىككىسىنىڭ يارىشىپ قالغانلىقىنى تەبرىكلىمەمدۇق، مانا مەن مېھمان قىلىمەن، ـ دېدىم.

بۇ گېپىمگە ئۇلار تېخىمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئاشخانىغا كىرىپ سورۇن تۈزۈپ، سوتچىلارنى، ئاغىنەمنىڭ ۋە ئايالىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى مېھمان قىلىپ، ئارىدىكى ئازارلىقنى بىراقلا يوق قىلىۋەتتىم. ئاغىنەم ھازىر ئايالى بىلەن ياخشى ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ.

مەن يەسلىگە ئوغلۇمنى ئالغىلى بارسامۇ، يەسلىدىكى باللار بىلەن ئويناپ، ئۇلارنى ئەركىلىتىپ خۇش قىلىۋېتىمەن. كىچىك باللار ماڭا «ۋاي ئادىل دادا» دەپ ئېسىلىپ، سۆيۈپ ئامراقلىق قىلىپ كېتىدۇ. بىر قېتىم يېپيېڭى كىيگەن كىيىملىرىم بىلەن ئوغلۇمنى ئالغىلى يەسلىگە بېرىپ، باللار بىلەن ئويناپ، ئېسىلىشىپ كېتىپتىمەن. قايتىشىمدا قارىسام كىيىملىرىم توپا، پۇرلەشكەن ھالدا تۇرۇپتۇ. ئەمما كىيىملىرىم پاسكىنا بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆڭلى ـ كۆكسۈم يۇيۇلۇپ، يېنىك بولۇپ قاپتىمەن. ئىشىنىمەنكى، مەن بىلەن ئوينىغان ئاشۇ باللارمۇ شۇنداق بولدى.

مەن يېقىندا بالام ئوقۇۋاتقان مەكتەپ رەھبەرلىكىگە شۇنداق ئېيتىپ قويدۇم. مەن ھازىرچە ئىگە ـ چاقىسى يوق ئۈچ بالىنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى تۆلەپ ئوقۇتىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن قۇربىمنىڭ يېتىشىچە ئىگە ـ چاقىسى يوق، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار باللارنى ئوقۇتۇشنى داۋاملىق ئۈستۈمگە ئېلىشىم مۇمكىن. بۇمۇ مېنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان بىر كىشىلىك تۆھپەم بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## ئادىل مىجىتنىڭ رول ئېلىش سەنئىتى

ئادىل مىجىتنىڭ رول ئېلىش سەنئىتى توغرىسىدا ئۈرۈمچى «كۆكنۇر» ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى دۇكىنىنىڭ خوجايىنى، «قىرلىق ئىستاكان» پلاستىنكىسىنى ئىشلىگۈچى ۋاھىتجان ئوسمان مۇنداق دېدى:

مېنىڭچە ئادىل رول ئېلىشتا، ئۆزى رول ئېلىۋاتقان ئېپىزوت ياكى فىلىمنى ھەقىقىي چۈشىنىپ ماڭىدۇ. ئۆزى بۇرۇن رول ئېلىپ باقمىغان، ئۆزىگە نىسبەتەن يېڭى روللارنى باشقىلاردىن سوراپ، ئۆگىنىپ، ئانالىز

قىلىپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا تۇرمۇش بىلەن
يۇغۇرۇپ ئېكرانغا ئېلىپ چىقالايدۇ. مەسىلەن، «قىرلىق
ئىستاكان» فىلىمىدىكى تۆت هاراقكەش قىرلىق ئىستاكاندا هاراق ئىچىپ، غەرق مەست بولۇپ كوچىغا
چىقىپ كېتىدۇ. تۆت مەستنىڭ بىرى بولغان ئابدۇل
تېرە (بۇنىڭ رولىنى ئادىل مىجىت ئالغان) قاراڭغۇدا
دەلدەڭشىپ كېتىۋېتىپ، «ئاخشىمى تالاغا چىقسام
قامىتىم سايەمدىدۇر» دەپ قوشاق توقۇپ مېڭىش كۆرۈنۈشلىرىنى ئادىل ئۆزى تەشەببۇس قىلىپ، رول ئېلىپ كىرگۈزگەن. ئادىل پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن رولغا
كىرىپ كەتكەنلىكى، بۇ رولنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېلىش
ئارزۇسى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان،
ئەمەلىيەتتە رېژىسسورنىڭ ئۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى يوق
ئىدى. ئابدۇل تېرە كېيىن قالايمىقان شېئىر ئوقۇيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئادىل مۇشۇ پېرسوناژنىڭ روھىي
هالەت ئۆزگىرىشىگە باغلاپ تۇرۇپ بۇ كۆرۈنۈشلەرنى
كىرگۈزۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن. بۇ
كۆرۈنۈشلەر فىلىمگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، فىلىمنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قوشۇلغان تۆھپە
بولۇپ قالدى. بۇ فىلىمگە ئادىل ئۆزى قىستۇرغان كۆرۈنۈشلەر يەنە خېلى كۆپ ئىدى، لېكىن فىلىم ۋاقىت
چەكلىمىسىنىڭ ۋە بەزىبىر قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن،
فىلىمنى مۇنتاژ قىلىپ، ئاۋاز كىرىشتۈرىدىغان چاغدا،
ئارتۇق كىرگۈزۈلگەن جايلارنى ئالماسلىققا، چىقىرىۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇق. بۇ بىر تەرىپى.

فىلىمدە، ئابدۇل تېرە ساراڭ بولۇپ قېلىپ قالايمىقان «شېئىر» ئوقۇپ يۈرگەن ئارىلىقتا، ساپساق بىر
ئادەمنىڭ كىشىلەرنى بىر قاراپلا «ماۋۇ ساراڭ ئىكەن»
دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈشى، ساراڭ تۇرۇقلۇق قىلىق
چىقىرىپ قالايمىقان سۆزلەپ يۈرۈشى، بولۇپمۇ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ تۇرۇش هالىتىنى ئالدىراپ
بىر كىم ئېكرانغا قاملاشتۇرۇپ، كىشىلەر رازى بولغۇدەك
ئېلىپ چىقالمايدۇ. ئەمما ئادىل بۇ رولنى تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىقتى. ئادىل ئابدۇل تېرىنىڭ
ساراڭ بولۇپ قالغاندىكى هالىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ
ئېلىش ئۈچۈن ئاز بولمىغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئۇ ئاقسۇدىكى ساراڭلار ساناتورىيىسىگە بېرىپ
ساراڭلارنى كۆزەتتى. بۇ ساناتورىيىدە جاهىل ساراڭلارمۇ، يېرىم ياتا ساراڭلارمۇ، ئىشقىلىپ هەر خىل تىپتىكى ساراڭلارنى تاپقىلى بولاتتى. ئادىل ساناتورىيىنىڭ ساراڭلار كىيىمىنى كىيىپ، ساراڭلارنى دوراپ،
كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ بىرنەچچە كۈن يۈردى.

ئادىل ساراڭلارنى دوراپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە
مۇنداق بىر قىزىق ئىش يۈز بەردى: «ئادىلنىڭ ساراڭلار
ساناتورىيىسىدە ساراڭلارنى دوراش مەشىقى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈنلەر ئىدى. ئۇ بەزىدە ساراڭلارچە كۈلۈپ
كېتەتتى، بەزىدە سائەتلەپ جىمىلا ئولتۇرۇپ كېتەتتى ۋە
بەزىدە رىشاتكىغا ئېسىلىپ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، خۇددى جىنى لەقۋا، ساراڭدەك تۇرۇپ قالاتتى.
بىر چاغدا ئادىلنىڭ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ
ساراڭدەك رىشاتكىغا ئېسىلىپ تۇرغان هالىتىنى كۆرگەن يېرىم ياتا ساراڭلاردىن بىرنەچچىسى بۇ ‹يېڭىدىن
كەلگەن جىنى ساراڭ›نى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ‹قاراڭلارەي
ئاۋۇ ساراڭغا، جىنى ساراڭكەن ئاۋۇ› دېيىشىپ كۈلۈشۈپ
كەتتى. بۇنى هەممىمىز كۆرۈپ بىزمۇ پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئادىل ساراڭلارنى دوراشتا ئەسلى ساراڭلاردىنمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىگە مانا مۇشۇ ئىشلا ئىسپات
بولالايدۇ.

ئادىل مايتاغدا چوڭ بولغاچقا، باخشى، داخان دېگەندەك ئۇيغۇرلارنىڭ مەهەللىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن
تازا خەۋەرسىز ئىدى. ئادىل مېنىڭدىن: «باخشى ساراڭنى ئوقۇغاندا قانداق بولىدۇ، نېمە ئۈچۈن باخشى
ئوقۇيدۇ؟» دېگەنلەرنى سوراپ، بۇلارنىڭ تەبىرىنى
ئاڭلاپ چۈشەنگەندىن كېيىن، بىراقلا رولغا كىرىشىپ
كەتتى. بىرەر قېتىممۇ قايتا كېلىش بولمىدى. باخشى
ئادىلنى ئارغامچىغا ئېسىلدۇرۇپ قويۇپ ئوتنى ئايلاندۇرغاندا قانداق هەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، ساراڭلارنىڭ روهىنى قانداق چاقىرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئەمما ئۇ بۇ رولغا چىقىپلا،
كامېرا ئالدىدا تازا هەددىدىن ئاشقان، كاللىسىدىن ئاداشقان ساراڭنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ رولنى
مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپلا قالـ



ماي، تېخى ئاشۇ
رۇپراق ئالدى.
ئۇنىڭ
يەنە
پېرىـ
خۇنىڭ
ئالـ
دىدا
يېتىۋا
لىدىغان،
پېرىخۇنىڭ ئالـ
دىغا كېلىپ قاچىدىغان،

جىن ـ ئەرۋاھلاردەك غەلىتە ئۇسسۇل ئوينايدىغان كۆرۈنۈشلىرى بار ئىدى، بىراق فىلىم ۋاقتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بۇ جايلار قىسقارتىۋېتىلدى. بىز ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتۇق. چۈنكى پېرە ئويۇنىنى كىچىكىدىن باشلاپ كۆرۈپ تۇرغانلار ۋە ئۇنى مەشىق قىلغانلار بولسىمۇ، رولنى بۇنچىلىك ئالالمىغان بولاتتى. ئادىل بۇ رولغا شۇنچىلىك كىرىشىپ كەتتىكى، بەئەينى ھوش ـ كاللىسىدىن ئايرىلغان ساراڭنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئادىلنى پېرە ئويناتقان پېرىخونلار: «بىز 30 يىل تۇغ باغلاپ، پېرە ئوينىتىپ، نۇرغۇن ساراڭنى ئالدىمىزدىن ئۆتكۈزگەنىدۇق، ئەمما ئادىلدەك روھىدىن بىراقلا ئاداشقان بۇنداق ساراڭنى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمىز» دېيىشكەن. «قىرلىق ئىستاكان» فىلىمىدە يەنە داخان ئابدۇل تېرىنى ئوقۇيدۇ ھەم دېمىدە سۈيىنى ئۇنىڭغا ئىچۈرىدۇ. ئەمما ئادىل بۇ رولنى ئېلىۋاتقاندا، دېمىدە سۈيىنى ئىچكەندىن كېيىن، ئوقۇۋاتقان داخاننىڭ يۈزىگە سۇنى پۈركۈۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە سىنارىيىدە بۇنداق مەزمۇن يوق ئىدى. بىز كامېراغا بۇ كۆرۈنۈشلەرنى ئېلىۋاتقاندا ئادىل سۇنى داخاننىڭ يۈزىگە پۈركۈۋەتتى، ھەممىمىز چۆچۈپ كەتتۇق. ئەمما سۈرەتكە ئېلىۋەردۇق. كېيىن ئويلاپ باقساق، ئادىلنىڭ ئاغزىدىكى دېمىدە سۈيىنى داخاننىڭ يۈزىگە پۈركۈۋېتىشى ئەسەردىكى ئۆزى يارىتىۋاتقان ئابدۇل تېرىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە دەلمۇ دەل چۈشكەن بولۇپ، كىشىگە قىلچىمۇ غەيرىيلىك تۇيغۇسى بەرمەيدۇ.

ئادىل ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىكەن، كەسپكە ئەستايىدىل، سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدىكەن. ئەگەر ئۇ ئۆزى ئالغان بىرەر رول كۆڭلىدىكىدەك بولماي قالسا، ئېرىنمەستىن يەنە بىر قېتىم رول ئېلىشنى تەلەپ قىلىدىكەن. ئادىلنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۆزى ئەسەرنى چۈشىنىۋالغاندىن كېيىن، «مۇشۇ رولنى ئالمەن» دەيدىكەن، غاچچىدە تۇتۇش قىلىپ رولغا كىرىپ كېتىدىكەن. ئۆزىنى ئۆزى رول ئېلىۋاتقان ئەسەر ئىچىدىن ئىزدەيدىكەن. ئەمەلىيەتتە باشقا ئارتىسلار بىرەر يېڭى رولنى ئېلىشتا بەكلا چىڭقىلىپ كېتىدۇ، كۆچەيدۇ. ئادىلنى مەن بۇ فىلىمغا رول ئېلىشقا تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ ماڭا: «ئەسەرنى ئىشلىسەك ئىشلەيلى، ئەمما ئەڭ ئالدى بىلەن مەن ئەسەرنى كۆرۈپ چىقاي» دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئەسەرنى بەردىم. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن «چاتاق يوق، مەن بۇ فىلىمدە رول ئېلىشقا قوشۇلىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رول ئېلىش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ بۇ ئەسەرنى ياخشى كۆرگەنىدى. ئۇ، بۇ ئەسەرنى ئاقسۇغا بارغۇچە قايتا ـ قايتا ئوقۇپ، تەھلىل قىلدى. بىرنەچچە قېتىم ئەسەردىكى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىش توغرۇلۇق مەن بىلەن پىكىرلەشتى. دېمەك، ئادىل ئاقسۇغا بارغىچە ئەسەرنى تولۇق چۈشىنىپ بولدى. ئومۇمەن، ئۇ ئۆزى قول تىققانلىكى ئىشقا پۇختا، سەمىمىي ئىكەن، كەسپىنى سۆيىدىكەن. بىز «قىرلىق ئىستاكان» فىلىمىنى 20 كۈن ئىچىدە سۈرەتكە ئېلىشنى پىلانلىغانىدۇق، ئەمەلىيەتتە 12 كۈن ئىچىدىلا سۈرەتكە ئېلىشنى تاماملاپ بولدۇق. بۇمۇ بىز تاللىغان ئارتىسلارنىڭ رولغا پىششاقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئادىلنىڭ بۇ فىلىمنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە سۈرەتكە ئېلىپ بولۇشىمىزدا تۆھپىسى زور.

ئادىل مىجىتنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى گۈلبەھرەم مۇنداق دېدى:

ئادىل تۇرمۇشتا، كەسپكە ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۆز كەسپىدە دائىم ئالغا بېسىشنى ئويلايدۇ. ئادىلنىڭ سەھنىدىكى بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇنىڭ مۇشۇ خىل روھىدىن كەلگەن.ئۇ دائىم: «مەن قېرىپ ھالىمدىن كەتكەن تەقدىردىمۇ، ھەرگىز كەسپىمنى تاشلىمايمەن، مەن كەسپىمدە چوقۇم قەدەمدە بىر نەتىجە يارىتىپ ماڭىمەن» دەيدۇ.

ئادىل مىجىت ئۆزىنىڭ كەسپىي ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

مەن 1975 ـ يىلى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ سەنئەت كەسپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ، ئەينى چاغدىكى سىياسەتنىڭ قاتماللىقى تۈپەيلىدىن مەكتەپتىن قايتۇرۇلغىنىمدىن تارتىپ، ئۆز تىرىشچانلىقىم بىلەن ئېرىشكەن سەنئەتكارلىق پۇرسىتىنى ئارقا ـ ئارقىدىن قولدىن بېرىپ قويدۇم. ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ سەۋەنلىكىمدىن ئەمەس، ئەينى چاغدىكى سىياسەتنىڭ چەكلىمىلىكىدىن بولدى. لېكىن مەندە سەنئەتكە بولغان ئىشتىياق ئازراقمۇ سۇسلىشىپ باقمىدى. مەن ئاخىر 1982 ـ يىلى ئىمتىھان بېرىپ مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىغا ئۆتتۈم. مەن ئەسلى مۇزىكانت ئىدىم، داپ چېلىشتا مايتاغدا داڭقىم بار ئىدى. مەن تىياتىر كەسپىگە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە پەقەت بىرلا كەسپنى تۇتۇپ ئۆگىنىش قارارىغا كېلىپ، ئۆز ۋۇجۇدۇمدىكى بارلىق قابىلىيەتنى جارى قىلدۇرۇپ تىياتىر سەنئىتىگە بىراقلا كىرىشىپ كەتتىم، سازچىلىقىمنى تاشلىدىم. شۇ

جەرياندا مەن نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلدىم، بۇ كەسپنىڭ ئىنچىكە، نازۇك نۇقتىلىرىنى بېرىلىپ ئۆگەندىم، ئۆزۈمدىكى يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتنى قازدىم. نەتىجىدە، مەن مەكتەپ پۈتتۈرگەندە سىنىپ بويىچە ئەڭ ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، سەھنىلەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك رول ئېلىشقا باشلىدىم.

مەن بۇ كەسپ بىلەن شۇغۇللانغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان تىرىشىپ ئىشلەپ، جاپالىق مەشىق قىلىپ، مىمىكىلىق ئۆزگىرىش (چىراي ئۆزگىرىش)، ئاۋاز ئۆزگەرتىش مەشىقلىرىنى جاپالىق ئېلىپ بېرىپ، ئېتوت، كۈلدۈرگىلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئويناپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خەلقىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بىر كۈلدۈرگە ئارتىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقتىم.

مەن كەسپىمگە ئىنتايىن سەممىي، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىمەن. خام، پىشمىغان نەرسىلەرنى ھەرگىز خەلقنىڭ ئالدىغا تاشلىمايمەن. مەن ھازىر بىر ئېپىزوت ئوينىسام 30 مىڭ يۈەنگە ئوينايمەن، ئەمما مەن «ماڭا پۇل كېرەك، ئەجەب ياخشى پۇل كېلىدىغان ئىشكەن» دەپ قارىغۇلارچە ئېپىزوت ئويناۋەرمەيمەن. خەلققە ياقىدىغان ئېپىزوتتىن يىلدا ئوينىسام بىرى ياكى ئىككىسى چىقىدۇ. كولسا قايناۋېرىدىغان بۇلاق ئەمەستە ئۇ. مەن بۇ كەسپتە ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئالىي تەربىيە ئالغانلارنىڭ بىرى. مەن بۇ كەسپنى سۆيگەندىن بېرى، ئۆزۈمدىكى بارلىق يوشۇرۇن كۈچلەرنى قازدىم، قابىلىيىتىمنى سىناپ كۆردۈم، ئۆزۈمنى چۈشەندىم. ئاۋاز مەشقى، ھەرىكەت-قىلىق مەشقلىرىنى ئەينى چاغدا كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك قىلغانىدىم. شۇڭا ھازىر مەن بىرەر ئېپىزوت ياكى كىنودا رول ئالسام قىلچە تەمتىرىمەيمەن، شۇ ئەسەرنى قايتا-قايتا كۆرۈپ، مۇلاھىزە قىلىپ، تاماق يېگەندىمۇ، يولدا كېتىۋاتقاندىمۇ شۇنى كاللامدا پىشۇرىمەن، قانداق رول ئالسا، تۇرق ھەرىكىتى قانداق بولسا بولىدىغانلىقىنى، ئاۋازنى قانداق چىقارغاندا ماس كېلىدىغانلىقىنى، چىرايىنى قانداق ماسلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى، ئىشقىلىپ ھەممىنى كاللامدا پىشۇرۇپ، شۇ ئەسەر ياد بولۇپ كەتكەندە، بىرلا قېتىم رول ئالىمەن، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينايمەن. دېمەكچىمەنكى، مەن كەسپ ئوقۇغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىراقسانلىق قىلمايمەن، بۇ جەھەتتە ئىنتايىن ئېھتىياتچانمەن. مەن ئوينىغان ئېپىزوت، كۈلدۈرگىلەرنىڭ، رول ئالغان فىلىملەرنىڭ خەلقىمىزنىڭ ياقتۇرۇشىدىكى سەۋەبمۇ، ئۆزۈمنىڭ ئېپىزوت، كۈلدۈرگىلەرنى جىق كۈچ سەرپ قىلىپ ۋايىغا يەتكۈزگەنلىكىمدىن بولسا كېرەك.

## قىز-چوكانلار ئادىلنىڭ ئۆيىگە نېمدەپ كۆپ تېلېفون ئۇرىدۇ؟

ئادىل مىجىتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر ھېسسىياتلىق ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىز بىلەن بىرگە بۇ دۇنيادا ھايات كەچۈرىدۇ. ئۇنىڭمۇ تۇرمۇش، خىزمەت، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە، جەمئىيەتتە ئۆزىگە تۇشلۇق خۇشاللىقى، غەم قايغۇسى، ئارزۇ ئارمىنى، يەتمەكچى بولغان ئالىي نىشانى بار. مۇخبىر ئادىل مىجىتنى ئىچكىرىلەپ زىيارەت قىلىش جەريانىدا، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى بەزى بىر ئۇقۇشسىز ئىشلىرىدىن ئاز-تولا خەۋەر تاپتى. ئادىلنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان ئەڭ چوڭ باش قېتىنچىلىقلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئۆيىگە تونۇيدىغان ۋە تونۇمايدىغان كىشىلەردىن قالايمىقان تېلېفون ھەددىدىن زىيادە كۆپ كېلىدىكەن. بەزى تونۇش-بىلىشلەر، ئۇرۇق-تۇغقانلار ھال-ئەھۋال سوراپ تېلېفون ئۇرغاندىن باشقا، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇۋېلىشنى ئىستىگەنلەر، بىرەر قېتىم بولسىمۇ تېلېفوندا ئاۋازىنى ئاڭلىماقچى بولغانلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. بولۇپمۇ بەزى ئەركە-ناىناق قىز-چوكانلار، ئۇلارنىڭ ئىناق ئائىلىسىنى بۇزۇش قەستىدە بولغانلار ئۇرىدىغان تېلېفونلارمۇ ئاز ئەمەسكەن. بۇنداق قالايمىقان تېلېفون كېلىۋەرسە، بولۇپمۇ قالايمىقان سۆزلەيدىغان يامان غەرەزدىكى قىز-چوكانلار تېلېفون ئۇرىۋەرسە، ئۇلارنىڭ ئەر-خوتۇنچىلىق ئىناقلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ بۇنداق ئىشلار كۆپ يۈز بېرىۋەرگەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادىل بۇ ئىشلارنى ئايالىغا يېشىپ، بىردىن توغرا چۈشەندۈرۈپ ماڭغاچقا، كېيىنكى چاغلارغا بارغاندا، ئايالى گۈلبەھرەممۇ بۇ ئىشلارغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدىغان بولغان.

- بۇ جەھەتتە ئايالىم تولىمۇ چىداملىق جۇمۇ، دېدى ئادىل بۇ ھەقتە توختىلىپ. ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىرى بولغان بولسا مەن بىلەن ئون قېتىم ئاجرىشىپ بولغان بولاتتى. ئەمما ئايالىم ماڭا ئىشەنگەچكە، مېنى تولۇق چۈشەنگەچكە، كەسپىملا ئەمەس، ماڭا ھەر جەھەتتىن ھەمدەمدە بولۇپ، مەن ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقاچقا، بۇ ئىشلارمۇ ئۆز يولىدا ئوڭشىلىپ كېتىۋەردى. ئەر-ئايال ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى تولۇق چۈشەنمىگەن، ئۆزئارا ھۆرمەتلەشمىگەن بولساق، بىزنىڭ ئائىلىمىز مۇشۇ ئەرزىمەس، كىچىك ئىشلار تۈپەيلى-

دىنىمۇ ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ كەتكەن بولاتتى. قالايمىقان تېلېفون بېرىدىغان ھېلىقى قىز ـ چوكانلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەرنى بىر دېمەڭ. ئۇلاردىن كەلگەن تېلېفوننى ئېلىپ قويغىنىمىزلا بار، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن تىلغا ئالغۇسىز گەپلەر ئاپتوماتتەك ئېتىلىپ چىقىدۇ، ئاندىن نىجاسەت ئاقىدۇ. ھەتتا ئايالىمىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىپ، ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋىتىمىزگە زىيان يەتكۈزمەكچى بولۇشىدۇ. ھېلىمۇ ئايالىم بەك كۆتۈرۈشلۈك. شۇڭا ھازىرغىچە تولىمۇ ئىناق ئۆتۈپ كېلىۋاتىمىز. كىشىلەرنىڭ نېمە مەقسەتتە ئۆيۈمگە شۇنداق تېلېفون بېرىدىغانلىقىنى ھازىرغىچە چۈشەنمەيمەن. شۇ ئىشلاردىن قېچىپمۇ ھازىرغىچە بەش قېتىم تېلېفون نومۇرى يەڭگۈشلەپ بولدۇم، قانداق ئىشكىنتاڭ، ئۇنداق ئىشلارنىڭ ھازىرغىچە ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

## ئاخىرلاشمىغان زىيارەت ... ئادىلغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيلى

ئېگىز بوي، قاۋۇل كەلگەن، پۇتكۈل ۋۇجۇدىدىن ئەرلىك جاسارەت تېمىپ تۇرىدىغان ئادىل مىجىتنىڭ تېلېۋىزور ئېكرانى ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان يۇمۇرلۇق خۇشاللىقلىرىنى ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنى سەككىز مىليون نوپۇسلۇق ئۇيغۇرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تونۇيدۇ، ئۇنىڭ نامى تىلغا ئېلىنسىلا ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ چىرايىغا ئىختىيارسىز كۈلكە يامرايدۇ، دەپ ئېيتساق ئارتۇقچە كەتمەيدۇ. بۈگۈنكىچە مىللىتىمىز ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر كىشىلەر ئىچىدە خەلققە تونۇلۇشتا ئادىل مىجىتتەك مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىرى ساناقلىقلا.



تىياتىرچىلىق كەسپىدە ئالىي مەلۇمات ئالغان، ئۆگەنگەنلىرى ئاساسىدا كەسپىگە ئائىت ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بارلىق يوشۇرۇن ئىقتىدار، قابىلىيەتلەرنى ئۇنۇملۇك قېزىپ چىقىرالىغان ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرالىغان ئادىل مىجىتتەك بىر چولپانغا ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرنىڭ مەستلىكى كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئوششاق چۈشەك ئىشلىرىمۇ باشقىلارغا نىسبەتەن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك چوڭ ئىشتەك تۇيۇلىدۇ. ئادىلنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى، قىلغان گەپ ـ سۆزلىرى ئەلۋەتتە خەلقنىڭ ئۆتكۈر نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇنىڭ يۇمۇرلۇق خاراكتېرىنى ياقتۇرىدىغانلىقى ھەر بىر كىشى ئۇنىڭ تېنىنىڭ سالامەت، تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەم ۋە كەسپىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىنى تىلەيدۇ. ئۇ رېستوران ئاچقاندا خەلق ئارىسىدا زور غۇلغۇلىنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ، نۇرغۇن ئابرويلۇق كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، ئالايىتەن نېمە سەۋەبتىن رېستوران ئېچىۋالغانلىقىنى، كەسپىنى «تاشلىۋەتكەن»لىكىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ كەلگەنلىكىمۇ، خەلقىمىزنىڭ ئۇنىڭ سەھنىدىن چۈشۈپ كېتىشىگە، كەسپىنى تاشلىۋېتىشىگە، ئۆزلىرىنىڭ كۈلكىسىنى يوقىتىپ قويۇشىغا چىداپ تۇرالمايدىغانلىقىنى، يول قويمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بىزنىڭچە، ئادىل بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىدۇ، ئەمما ئۇ خەلقنىڭ ئۆزىگە بۇ قەدەر مايىللىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئويلاپ كۆرسە ئارتۇقچە كەتمەيدۇ.

خەلقىمىز بىر ئىشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشنى ياقتۇرمايدۇ، ئۆچ كۆرىدۇ. «بىر ئىشنى قىلىشقا تۇتۇش قىلغانىكەنسەن، ئۇنى ۋايىغا يەتكۈز، نەتىجە قازان، پەللىسىگە چىق» دەپ تەلەپ قويىدۇ. ھازىرقى كۈندە خەلقىمىزمۇ ئادىل مىجىتقا مۇشۇنداق تەلەپ قويۇۋاتىدۇ ھەم ئۇلار شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق.

كۈلدۈرگە چولپىنى ئادىل مىجىتنىڭ ئاز بىر قىسىم كىشىلەرگە (ئەل ـ ئاغىنىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، يارۇ ـ بۇرادەرلىرىگە) مەلۇم بولغان، ئەمما خەلقىمىزگە تېخى مەلۇم بولمىغان ئىشلىرى خۇسۇسىدىكى بايانلىرىمىزنى ھازىرچە مۇشۇ يەردە توختىتىمىز. لېكىن بۇ بىزنىڭ ئادىل مىجىت ھەققىدىكى زىيارىتىمىزنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇ سەھنە ھاياتىنى قاچانغىچە داۋاملاشتۇرالىسا، بىزنىڭ زىيارىتىمىز شۇ چاغقىچە داۋاملىشىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن سوزۇلۇشى مۇمكىن. ھەممە ئىش ئادىلنىڭ غەيرىتىگە باغلىق... دوستلار، ئادىلغا يەنىمۇ مۇۋەپپەقىيەت تىلەيلى.

# زامانىۋى مەدەنىيەت قەسىرىدىكى كولدۇرما ئاۋازى

## ھازىرقى زامان ياش ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن «سالغا تېشى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرىش سۆز

مۇختار مەخسۇت. ئابدۇقادىر جالالىدىن

جۇڭگو خەرىتىسىنىڭ غەرب تەرىپىگە قارىسىڭىز زور گەۋدىنى تەشكىل قىلغان بىر جاي باي. . ئۇ بولسىمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى. دۇنيا تارىخىنىڭ، جۇملىدىن جۇڭگو تارىخىنىڭ قاتمۇ قات رىشتى بۇ رايونغا شۇنداق باغلانغانكى، بىز بۇ تارىخنى كەيىنگە قايتۇرۇپ راۋاقلىغانسېرى مەدەنىيەتكە دائىر ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى بايقايمىز. بۇ يەردە ئىران، يۇنان، ھىندىستان مەدەنىيىتى ئەنئەنىۋى يەرلىك تۇران (ئۇيغۇر) مەدەنىيىتى ئاساسىدا تەرەققىياتنىڭ يېڭى لىنىيىسىنى ھاسىل قىلغان بۇ يەردە، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى قىتئەلەرگە ئايرىپ تۇرۇۋاتقان شامان دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى شۇنداقلا ئاز-تولا خىرىستىيان دىنى ئامىللىرىنىڭ مۇجەسسىمى بار. بۇ يەردە مەڭگۈلۈك چىڭقى چۈش. قۇياش ئەڭ سەمىمىي نۇرلىرىنى بۇ يەرگە بېرىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى قوقاستەك قىزىپ كەتكەن زېمىنگە دەسسەپ يۈرۈپ، بەدەنلىرىنى مىس رەڭدە تاۋلايدۇ. ئۇلار بىپايان ئوت دېڭىزىدا قىيامەتنىڭ تەنھالىقىنى مەشىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىپايان قاغجىراپ كەتكەن لەۋلىرىدىن كەۋسەردەك سەگىتمە ناخشىلار ئۇرغۇپ چىقىپ، كۆڭۈل ۋادىسىدا باراقسان بوستانلارنى پەيدا قىلىدۇ.

بۇ يەرنىڭ كىشىلىرى خۇددى يازغۇچى ۋاڭ مېڭ تەسۋىرلىگەندەك ساددا، ئاق كۆڭۈل، ھېسسىياتچان ۋە يۇمۇرلۇق. لېكىن ئۇلارنىڭ ساددىلىقىدا پەيلاسوپلارغا خاس چوڭقۇرلۇق بار. ۋاڭ مېڭنىڭ تىل ئۇسلۇبىغا بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شوخ ۋە بەگۋاش شاگىرتلىرى قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ يەردە شۇنداق بىر روھىي كامالەت بار. بۇ كامالەت نەسىردىن ئەپەندىگە ئوخشاش ھېكمەتلىك كۈلەيدىغان كومېدىيىلىك ئوبرازنى ياراتقان. بۇ كومېدىيىلىك ئوبرازنىڭ ئەكسىچە بولغان يەنە بىر سەنئەت مۆجىزىسى بار، ئۇ بولسىمۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ زور مۇزىكىلىق داستان ئۇيغۇر 12 مۇقامى. ئۇيغۇرلار ھايات، ئالەم ۋە ئىلاھ بىلەن بولغان سىرلىق دىئاگنوز ۋە دىئالوگىنىڭ قاتلىمىدىن ئوخچۇپ چىققان مەنە فونتانلىرىنى مۇزىكا رەۋىشىدە ئىزھار قىلىدۇ. بۇ مۇزىكىلاردا شۇنداق بىر مۇڭ باركى، بۇ مۇڭ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ھاياتنىڭ كوچىلىرىدا ئېزىپ يۈرگەن ئادەمنىڭ چۈشكۈنلۈكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە پانىي ھاياتتىن ھالقىشتىن كېيىنكى ئىلاھىي ماكاننىڭ چەكسىزلىكىدە تونۇلغان ھەيرانلىق، ئىزتىراپ، بىلىشكە بولغان تەشنالىق، ئالەم روھى ئىلكىدىكى لاماكانلىق بار.

ئۇزاق مەزگىللىك قاتماللىقتىن كېيىنكى بىردىنبىر تاللاش ئەلۋەتتە ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە، جۈملىدىن شېئرىيەت ساھەسىدە بىر دولقۇننى شەـ

كىللەندۇردۇ. ئۇنىڭ ئىسسىق بورانلىرى گويا تۇرمۇشتا يوق نەرسىلەرنى غۇۋا قىلىپ دەپ بېرىدۇ. ئۇ نەرسىلەر سىرتقى ھادىسىلەرگە تەدبىقلىغاندا ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئىنسانىنىڭ روھىي ھادىسىلىرىگە شۇنچە يېقىن ئىدى.

مەملىكەت مىقياسىدا «گۇڭگا شېئىرلار» بارلىققا كەلگەندە، بۇ ھەقتە قىزغىن بەس-مۇنازىرە بولۇۋاتقاندا ئۇيغۇرلاردىمۇ شېئىرىيەت ھەرىكىتى باشلاندى. ياش شائىرلار ئالدى بىلەن شېئىرنى ساختا بۇرچكارلىقتىن ئازاد قىلدى. ئۇلار شېئىرنى پاك ئادەمىي خاسلىق سۈپىتىدە تونۇدى. شېئىر بىر قاتار قائىدە-نىزاملارنىڭ يىغىندىسى ياكى قانداقتۇر بىر ئىجتىمائىي نوپۇزنىڭ بېقىندىسى ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى سېزىش قۇدرىتى، بۇنداق سېزىش مۇئەييەن مۇھىتنى شەرت قىلغان ھالدا يۈز بېرىدۇ، دەپ تەشەببۇس قىلىشتى. باشقىلار تارىخىي ئويلىنىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولسا، ئۇيغۇر شائىرلىرى مىللىي ئەپسانىلەرنىڭ دۇنياۋى مەنىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشنى نىشان قىلدى. چۈنكى ئىنساننىڭ قابىلىيەت بايلىقىنى ئەڭ كەڭ دائىرىدە قېزىپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان كېيىنكى سانائەت دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋى تېرىمنى ئاساس قىلغان دېھقان مىللىتى سۈپىتىدە ياشاۋاتاتتى. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى پوئېتىك تەپەككۇر ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇ خەلقنىڭ مىجەزىدە، تىلىدا، ئېتىقادى ۋە ئۆرپ-ئادىتىدە قويۇق شائىرانە قانىنىڭ ئىسسىق ھىدى ئۆرلەپ تۇرىدۇ. سانائەتنىڭ تاراق-تۇرۇقلىرى ۋە بۇلغىنىشلىرى قاپلىغان، كۆيگەن نېفىت گازى پۇراپ كەتكەن ھاۋادا بۇ خەلقتىن يەنىلا تۇپراق، ئۆسۈملۈك پۇراپ تۇرىدۇ. مانا بۇ شېئىر قاغجىراۋاتقان دۇنيادىكى ساپ شېئىر، T. S ئېلىئوت سۈرەتلىگەن باياۋان بۈگۈنكى دۇنيادا ئاپەت خاراكتېرلىك كېڭەيدى، شېئىر ۋەتىنى تارايدى. شېئىر بۈگۈنكى شارائىتتا كىشىلەرنىڭ قېنى ۋە مىجەزىدىكى جەۋھەر ئەمەس، ئەكسىچە ماھارەتكە ئايلاندى. شۇڭلاشقا دۇنيا بۇ خەلقنى سەزمىدى. ئېغىر تەنھالىق بۇ خەلقنى شېئىرنى، مۇزىكىنى، شارابنى، خۇدانى سۆيۈشكە ئۈگەتتى. بارغانسېرى ئىچ مىجەز بولۇپ كەتكەن بۇ خەلق ئالەمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۆز زىددىيىتىنىڭ ئىچكى تاناسىپلىقى ئارقىلىق چۈشىنىدىغان بولدى. ئۇلار پاكىز قەلبىنىڭ ئەڭ خىلۋەت ئىچىگە چېكىنىۋەرگەچكە، ئۆزىنىڭ پايانىنى ئالەمگە باراۋەر ھېس قىلىدىغان بولدى. ئۇيغۇر شېئىرىيەت دۇنياسى تېخى ھېچكىم بايقىمىغان يېگانە ئارال. بۇ ئارال روبىنزون كىروزوغا ئۇچراپ قالغان ھېلىقى ياۋايىلار ئارىلىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردە مىللىي خاسلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان پارلاق مەدەنىيەت ۋە شېئىرىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق سۇلالىسى بار. قولىڭىزدىكى بۇ توپلام بۈگۈنكى ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ دېڭىزىدىن ئىرغىپ چىققان بىر چاڭگال سەدەپ، ئۇنى بىر پۈتۈن مىللىي شېئىرىيەتنىڭ بالاغىتى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى تارىختىكى بىرقانچە قېتىملىق بالاغەتنى تەكرارلاشقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە تونۇسىڭىز بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى پەللىسىنى، شۇنداقلا ئىچكى ھاياتىي كۈچى ۋە ئىجادىي شىجائىتىنى نامايان قىلىدىغان بىر توپلامدۇر. بىز بۇ توپلامدىن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ پاراتتىن ئۆتكۈزۈلۈشىنى ئەمەس، بەلكى بىر ئەۋلاد ياش قەلەم ئىگىلىرىنىڭ يېتىلىۋاتقان پاراستى ۋە بەدىئىي تالانتى ئارقىلىق جۇڭگو شېئىرىيەت پىرامىداسىنى تىكلەشكە ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى بېيىتىشقا ئۆزىنى بېغىشلاۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ماددىي موھتاجلىقنىڭ ھەلەكچىلىكى مەنىۋى ئىنتىلىشلەرنى سۇسلاشتۇرۇۋاتقان بۇ تاۋار ئىگىلىكى دەۋرىدە، ئەدەبىيات بىلەن تەقدىرداش ياشاۋاتقان بۇ بىر تۈركۈم ئۈمىدۋار قەلەم ئىگىلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇش پۇرسىتىنىڭ نېسىپ بولۇشى كىشىنى ھەقىقەتەن خۇشال قىلىدۇ. ئىشىنىمەنكى، سىز بۇ توپلامنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن «قەدىمىي شېئىر مىللىتىدىن بىر تۈركۈم زامانىۋى شائىرلار چىقىپتۇ» دېگەن رېئاللىقنى رازىمەنلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىسىز. «شېئىرىي مىللەت» دېگەن تەرىپ بىلەن پەخىرلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئۆتمۈشلۈك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا سەنئەتنى ئۆزىنىڭ ياشاش شەكلى، ئالىي نىشانى ۋە ئۆمۈرلۈك ھەمراھى بىلىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ھالبۇكى، 60 ـ 70 ـ يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى دەۋرىدە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى جۇڭگو ئەدەبىياتى دۇچ كەلگەن قىيامەتلىك تەقدىرگە مەھكۇم بولۇپ، سەنئەتلىك خۇسۇسىيەتلەردىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتتى. شوئارۋازلىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش، قاتماللىق ۋە شەكىلۋازلىق ئىللەتلىرى ئەزەلدىن شېئىرىيەتنى

سۆيۈپ كەلگەن خەلقنى بىزار قىلىپ، ھەتتا شېئىرىيەتتىن سەسكىنىش دەرىجىسىگە يەتكۈزدى. بەلكىم بۇ پۈتكۈل جۇڭگو شېئىرىيىتىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بىر قارا كۆلەڭگىدۇر.

80 ـ يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن توقايلىق يولىغا تۇنجى قېتىم تەنقىدىي نەزەر بىلەن قايرىلىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلدى. چەت ئەل ھازىرقى ئېستېتىك قاراشلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى بىلەن ئاچچىق تولغاق ئازابىنى يەۋاتقان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى كۈچلۈك لەرزىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم ياش شائىرلارنىڭ مىللىي ئاڭ بىلەن زامانىۋى ئۇسلۇبنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بارغان دادىل سىناق ئىزلىنىشلىرى تەپەككۇر ئادىتى، بەدىئىي غايە، شېئىرىي مەنبە، شېئىرىي مەقسەت، شېئىرىي قۇرۇلما، تىل شەكلى ۋە ئادىتى، ھېسسىي ئوبراز، ئىچكى رىتىم قاتارلىق جەھەتلەردە مەۋجۇت شېئىرىي تەرتىپكە نىسبەتەن كۈچلۈك ئاساسلىق روھنى ئىپادىلەپ، ئالدىنقى شائىرلارنىڭ بەدىئىي پاسىلدىن قاڭقىپ چىقتى. بىز بۇنىڭدىن ھېچبولمىغاندا، ھەقىقىي شېئىرنىڭ ئۆزىگە قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق.

ئۇيغۇر مەنىۋىيەت قاتلىمىدىكى ئويغىنىۋاتقان ئېستېتىك ئاڭ بەخش ئەتكەن كۈچلۈك ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنىڭ سەمەرىسى بولغان بۇ توپلامدىكى شېئىرلاردىن بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئۇيغۇر شائىرلىرى ئەمدى ئابستراكت چۈشەنچە، تەييار سىياسىي ئۇقۇم، مەشقى يەكۈنلەرنى شەرھلەش، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى مېخانىك تۈستە كۆچۈرۈپ قويۇشتىن، ئىچكى دۇنيانى ئىپادىلەشكە، قەلبنىڭ پىچىرلىشىغا ھەم ھايات ھەقىقەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بولدى. ئۇلار دەۋر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، بىر خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، سەمىمىي پوزىتسىيە ۋە ئۆزگىچە بەدىئىي نەزەر بىلەن مىللىي مەدەنىيەت تىندۇرمىسىدىكى ئەجدادلار روھىنىڭ ئويغىنىش ئىستىكىنى نامايان قىلىدۇ.

شېئىرىي گۈزەللىك مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، گۇڭگا گۈزەللىك دېمەكتۇر. ھەرقانداق نەرسە روشەنلەشكەن ھامان ئۆزىنىڭ جەلپ قىلىش سېھرىي كۈچىنى يوقىتىدۇ. شېئىر ئۆزىدىكى ئوبيېكتىپ مەنىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن نەرسىلەردىن بېشارەت بېرەلىشى، زوقلانغۇچىنىڭ باغلىما تەسەۋۋۇرىنى ئۈزلۈكسىز قوزغىيالىشى كېرەك. بۇ توپلامدىكى شېئىرلار ئەنئەنىۋى زوقلىنىش ئادىتىمىزگە خىرىس بىلەن تىكلىنىپ، ئۆزىگە يۈكلەنگەن مەنىۋى مەنزىلىنى سىزگە تۇغما قىياپەت بىلەن تولۇق ئاشكارىلىۋېتىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. بەلكى لىروس بوشلۇق قالدۇرۇش سەنئىتىگە ياندىشىپ سەزگۈلىرىمىزنى غىدىقلايدۇ ھەم بىر خىل ئېستېتىك ئېنېرگىيىنى ۋە دېموكراتىك كەيپىياتنى تەقدىم ئېتىدۇ.

شېئىر ھامان رېئاللىقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان سەنئەت. شائىر ئېڭىنىڭ تاللىشى، پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ئۆتمىگەن بىرلەمچى ھايات كۆرۈنۈشىنىڭ مېخانىك كۆچۈرۈلمىسى مەڭگۈ شېئىر بولالمايدۇ. شېئىرنىڭ پەۋقۇلئاددە قىممىتىمۇ شائىر ھېسسىياتىنىڭ مۇئەييەن ماددىي تەنچە ئارقىلىق يارىتىلىشى، سۇبيېكتنىڭ ئوبيېكتقا بولغان پائال ئاسسىمىلياتسىيىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا كۆرۈلىدۇ. مانا بۇ نۇقتىنى ئاڭلىق ھېس قىلغان قەلەم ئىگىلىرىمىز رېئاللىق بىلەن پاراللېل بولغان مەلۇم بىر تۇرمۇش كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلەپ قويۇش بىلەنلا چەكلەنمەي، تەبىئەت ۋە تۇرمۇشنى قىسمەنلىكتىن تاللاپ ئۇنىڭ مەنتىقى تەرتىپى، ھەرىكەت ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ ۋە قايتا قۇراشتۇرۇپ ئوبيېكتىپ چىنلىقنى قەلب چىنلىقىغا كۆتۈرۈش، ھېسسىياتنى ماددىي تۈسكە، شەيئىنى ئادىمىي تۈسكە ئىگە قىلىشتەك بەدىئىي ماھارەت ۋە ئېستېتىك غايە سىناقلىرىنى دادىل يۈرگۈزدى. بۇ توپلامدىكى نۇرغۇن شېئىرلاردا بىر پۈتۈن يەككە سىمۋول ئىزچىللىق ئەنئەنىسى ھېسسىي ئوبرازلار بىرىكمىسى بىلەن سەكرەتمىلىك تىپىدىكى شېئىرىي مونتاژغا ئورۇن بەرگەن. بىز بۇ شېئىرلاردىن قاپىيە، تۇراق، ۋەزىن قاتارلىق تاشقى ئامىللارغا قارىغاندا، شېئىردىكى ئىچكى رىتىمنىڭ تېخىمۇ يۈكسەك ئېتىبارغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرىمىز.

تىلنىڭ قېلىپلىشىپ ئادەت كۈچىگە ئايلىنىشى شەكىلسىز تۇسالغۇنى پەيدا قىلىپ، شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى بوغىدۇ. ھىراكلىت «ئۆزئارا تېپىشىدىغان نەرسىلەر بىرلەشكەندە ھەرخىل ئاۋازلار قوشۇلۇپ، ئەڭ گۈزەل گارمونىيىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ» دېگەنىدى. تەنگە سىغمىغان روھ ھامان پارتلايدۇ. شۇنى جاكارلاش كېرەككى، شېئىرنىڭ ئېستېتىك قۇۋۋىتى تىلنىڭ ئۆزىدىكى سىغىمچانلىقنىڭ كېڭىيىشى، پارتلىشى، مەنتىقى خاسلىقىغا ئاسىيلىق قىلىشى، بىر ـ بىرىگە يات، ھەتتا زىت سۆزلەرنىڭ ئەركىن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

# ئەسرلەر

## ئەخمەت ئىمىن

**مۇھەررىردىن :**

ئۆزىنىڭ ۋايىغا يەتكەن لىرىك نەسرلىرى، پاساھەتلىك تەرجىمە ئەسەرلىرى بىلەن ھەممە شەخسىي پەزىلىتى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان تالانتلىق نەسرچى، تەرجىمان ئەخمەت ئىمىن 1950 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە بىر مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1957 ـ يىلىدىن 1967 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ، 17 ـ ئوتتۇرا، 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. ئۆزلۈكىدىن ھارماي ـ تالماي ئۆگىنىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان ئەخمەت ئىمىن 1979 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى سىنىپىغا كىرىپ 1981 ـ يىلى ئالىي تېخنىكوم دىپلومىنى، كېيىن داۋاملىق ئۆزلۈكىدىن ئوقۇپ 1998 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى بويىچە تولۇق كۇرس دىپلومىنى ئالغان.

ئۇ 1981 ـ يىلىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتىدۇ. 1992 ـ يىلى كاندىدات ئالىي مۇھەررىر ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئاپتور ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىگە كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ مەپتۇنكارى بولغان دادىسى ئىمىن باھاۋۇدۇن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن دەپ قارايدۇ. ئۇ 1981 ـ يىلى «قەلب سادالىرى» ناملىق چاتما نەسرلىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەندىن بۇيان، ھازىرغا قەدەر «قەلب سادا- لىرى»، «باھار تىنىقى» ناملىق ئىككى نەسرلەر توپلىمى نەشردىن چىقتى. ئۈچىنچى نەسرلەر توپلىمى «جۇلدۇر كېپەن خوتۇننىڭ ساداسى» يېقىندا شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن چىقىش ئالدىدا. ئۇنىڭدىن باشقا «ئائىلىق قەسىدە» ناملىق تاللانغان نەسرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە سېلىشتۇرما نۇسخىسى نەشردىن چىققان.

«مېنىڭ بىر كۈنۈم»، «يېڭى يىل دەقىقىلىرىدە»، «قۇياش» قاتارلىق ئەسەرلىرى شىنجاڭ بويىچە باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھا- لاشتا ئايرىم ئايرىم ھالدا 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا، «پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە» ناملىق نەسرى مەملىكەت بويىچە 2 ـ دەرى- جىلىك مۇكاپاتقا، «قىزىلتاغ ئۈستىدە»، «ئائىلىق قەسىدىسى»، «كۈندۈز ئاسمىنىدىكى ئاي»، «سادا» ناملىق ئەسەرلىرى خانتەڭرى ئەدە- بىياتى مۇكاپاتلىرىغا، «مۇزىكىدىكى سۈرەت»، «تىرىك يېتىمنىڭ ئانىسىغا» قاتارلىق ئەسەرلىرى «شىنجاڭ سەنئىتى»، «تارىم» ژۇرناللىرى- نىڭ مۇكاپاتىغا، «گۈلەڭگۈچ» ناملىق ناخشا تېكىستى مەدەنىيەت نازارىتى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيۇشتۇرغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكا- پاتىغا، «باھار تىنىقى» ناملىق توپلىمى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن باھالاشتا مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۈچ پارچە ئەسىرى «جۇڭگو يېڭى ئەدەبىيات سەنئىتى قامۇسى» غا كىرگۈزۈلگەن. ئون نەچچە پارچە ئەسىرى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەر دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن. يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى ئۈچۈن ئاپتورنىڭ تەر- جىمىھالى «دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر» (جۇڭگو قىسمى)، «شەرقتىكى مەشھۇر شەخسلەر» قاتارلىق لۇغەتلەردىن ئورۇن ئالغان.

ئەخمەت ئىمىن ئىجادىي ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەنلا قالماي يەنە «ھالاكەت»، «يەتتە ئايال»، «نىلسىنىڭ غازغا مىنىپ ساياھەت قىلىشى»، «مىسىر قىزى»، «مۇھەببەت سۇيىقەستى» قاتارلىق رومانلارنى، «چۆرە قىز ئىزورا»، «مۇھەببەت ئۈچقۇنى»، «يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەك»، «مىسىر ساھىبجامال پادىشاھى» قاتارلىق چوڭ پوۋېستلارنى ۋە تېلېۋىزىيە چاتما تىياتىرلىرىنى، «خاملېت»، «رومېئو ـ ژۇلىيتتا»، «ماكبېت»، «ساختىپەز»، «بېخىل» قاتارلىق مەشھۇر دراممىلارنى، «كرىلوف مەسەللىرى»، «پارس لەتىپە ۋە يۇمۇرلىرى» قاتارلىق كىتابلار، شۇنىڭدەك نۇرغۇن ھېكايە، نەسر، شېئىر، ئوبزورلارنى تەرجىمە قىلغان. ئەخمەت ئىمىن ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىقتىدارلىق مۇھەررىر بولۇش سالاھىيىتى بىلەن «ئون كۈنلۈك سۆھبەت»، «غەلىتە توي»، «جېننى قىز» قاتارلىق دۇنياۋى رومان، «چەت ئەل پوۋېستلىرى» ناملىق مەجمۇئەنىڭ 30 كىتابى ۋە شۇنىڭدەك بىرەر يۈز كىتابنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىگەن.

بۇ يىل ئەخمەت ئىمىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى، بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ زور ئۇتۇق تىلەپ، بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى كىتابخانلىرىمىز ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

### سۇغا چىلاشقان تۇيغۇلار

1

ئۇۋىسىدا يېتىپ ئىچى سىقىلغان ئاققۇ پۇررىدە ئۇچۇپ مەيدىسىنى سۇ يۈزىگە چىلاشتۇردى ـ دە، كۆككە كۆتۈرۈلدى.

ئۇنىڭ كۆكسىدىن تامچىۋاتقان سۇ دولقۇنلۇق سۇلارغا تەسىر قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن توختام سۇ- لارنىڭ يۈزىنى چىمىلداتتى.

2

كۆكتە ئەركىنلىكتە ئاجايىپ ناخشا ئېيتىتىك، ئاققۇ.

كەل، زۇمرەت ئېقىنلىرىمنىڭ ئۈستىگە قون. مەن تامچىلىرىمدىن ساڭا سىياھ ئىچكۈزەي. جىمىرلاپ تۇرغان بەتلىرىمگە نوتىلىرىڭنى يېزىپ قوي. مەنمۇ ناخشاڭنى ئۆگىنىۋېلىپ، ساڭا جور بولۇپ ئېيتاي.

3

ئاققۇ ئويۇن قىلىپ ماۇق تېنىنى سۇغا تەگكۈزۈ-

ۋىدى، سۇ شەھۋەت تەقەززالىقىدا ئۇنىڭغا چاڭگال سالدى.

ئاققۇ چاققانلىق بىلەن سۇ يۈزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى.

سۇ يۈزىدە ئاپئاق كۆپۈك پەيدا بولدى.

سۇ ئۇنى ئاققۇنىڭ ماموق پەيلىرى دەپ ئۆزىنى ئالدىدى.

مەن ئۇنى شەھۋەت كۆپۈكىگە ئوخشاتتىم.

4

ئۇ ئۆزى رەڭسىز بولغاچقا، ئوڭايلا ئۆزگىنىڭ رەڭگىگە كىرىپ قالدى.

ئۇ ئۆزى تەمسىز بولغاچقا، ئاسانلا ئۆزگىنىڭ تەمىنى ئېلىپ قالدى.

ئۇ ئۆزى پۇراقسىز بولغاچقا، سەزمەيلا ئۆزگىنىڭ پۇرىقى بىلەن پۇراپ قالدى.

مەن ئۇنىڭدىن ئىبرەتلىنىمەن. ئەي خۇدا، ماڭا ئۆزۈمگە خاس رەڭ، تەم ۋە پۇراق ئاتا قىلغايسەن.

5

ئۇ زېمىنىنىڭ ئۈستىدىمۇ بار، پوستىدىمۇ بار، تەكتىدىمۇ بار.

ئۇ نېنىمىدىمۇ بار، ئىشىمىدىمۇ بار، تېنىمىدىمۇ بار...

ئۇ گىياھتىمۇ بار، هايۋاندىمۇ بار، ئىنساندىمۇ بار...

ئۇ بار يەردە هاياتلىق بار، جۇشقۇنلۇق بار، شادىمانلىق بار...

مەن ئۇنىڭغا هەۋەس قىلىمەن. ئەي خۇدا، شۇنىڭدا بار هەممەتنى ماڭىمۇ ئاتا قىلغايسەن.

6

سۇ هاۋاغا دېدى:

ماڭا بىپەرۋا بولساڭ، پەرۋاسىز ياتىمەن.

ماڭا مۇزدەك بولساڭ، مۇزدەك قاتىمەن.

ماڭا چوغدەك بولساڭ، ئايلىناي، پەرىشتىلەردەك ئۇچۇپ چىقىپ، يۈرىكىمنى ئوتلۇق كۆكسىڭگە ياقىمەن.

7

تومۇز ئىسسىقتا دەرەخ ئۇنىڭ بېشىغا سايىۋەن بولۇۋىدى، كۆز كەلگەندە ئۇ دەرەخنىڭ ۋۇجۇدىغا كىرىپ مېۋىسىگە شىرنە بولدى.

8

پەستە تۇرغان ئادەم ئېگىزلىكتىن تىك ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان شارقىراتمىدىن سورىدى:

ئېگىزلىكتىن ئەجەب ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتتىڭغۇ؟

پەستە ياشاۋاتقانلار بىلەن يېقىنراق تۇراي دېدىم، دېدى شارقىراتما ئۇنىڭغا.

9

تاڭ سەھەردە قۇياش چاچلىرىڭدىن سۆرىدىمۇ، دېگىز، ئەجەب تولغىنىپ پەرياد ئۇرۇپ كەتتىڭ؟

كەچقۇرۇندا ئاي باغرىنى ساڭا ئاچتىمۇ، دېگىز، ئەجەب ئويناقشىپ تەلمۈرۈپ كەتتىڭ؟

10

كۆل ئالقىنىغا شەبنەم چۈشكەنلىكىگە ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ. كۆل قوينىغا شەبنەم قوشۇلغانلىقىغا پەرۋا قىلىپمۇ قويمايدۇ.

11

بۇژغۇنلىرىنىڭ قۇرۇقلۇققا ئۇچۇپ كەتكەنلىكى ۋەجىدىن دەريا قۇرۇپ كەتمەيدۇ.

12

ئەي كۆل، قوينۇڭغا بىر تامچە چۈشكەندە يۈزۈڭ مىت قىلمىغانىدى، كۆپ تامچە چۈشكەندە يۈزۈڭ چىمىلداۋاتامدۇ؟

13

ئەي، سۇلىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېگىز!

ئەتىگەندە قۇياش كەلدى دەپ خۇشال بولۇپ سەكرەپ كەتكىنىڭمۇ بۇ؟

كەچتە قۇياش كەتتى، دەپ يىغلاپ تېپچەكلەپ كەتكىنىڭمۇ بۇ؟

14

دېگىز يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى.

شامال ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى، ئۇ ئۇخلاۋەردى.

شامال ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيدى، ئۇ كۆزىنى قىيا ئاچتى.

شامال ئۇنىڭ لېۋىگە سۆيگەندە، ئۇ چىدىيالماي شامالنىڭ بوينىغا گىرە سالدى. بۇ چاغدا دېگىزنىڭ تال-تال چاچلىرى شامالنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى چىرمىۋالغانىدى.

سۆيۈش بىردەم داۋاملاشقاندىن كېيىن شامال بورانغا ئۆزگەردى-دە، شىددەت بىلەن دېگىزنىڭ يېپىنچىسىنى قايرىپ، بىراقلا ئۇنىڭ قوينىغا كىردى.

ئىتتىك تىنىقلار...

لەپپەڭشىۋاتقان دولقۇنلار...

شاۋقۇنلار. ئۇنىڭدا شادلىنىشمۇ بار، زارلىنىشمۇ بار...

چاقماق چېقىلدى، مەن ئۇنى ئۇلارنىڭ كۆزىدە يانغان ئوت دېدىم.

15

مەن دېگىزغا:

– ئاسمانىنى تور قىلىپ بېلىقلىرىڭنى بىراق سۈزۈۋالسام قانداق بولار؟ -دېيۈدىم، دېڭىز ماڭا:

– ئۇ چاغدا سەن مېنىڭ بېلىقىمغا ئايلىنىسەن، دەپ جاۋاب بەردى.

16

بۇلاق سۈيى زېمىننىڭ يۈرىكىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن پاكىز.

17

تۇغان يېگانە سۇ ئۈچۈن زىندان؛ كەينى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان كەلكۈن ئۈچۈن بىر كىچىكلىك قونالغۇ.

18

مەن پاقىدىن:

– سۇدا تۇغۇلۇپ، قۇرۇقلۇقتا يۈرگىنىڭ نېمىسى؟ --دەپ سورىغۇدىم، ئۇ دەررۇلا:

– سېنىڭ ئۆيدە تۇغۇلۇپ، تالادا يۈرگىنىڭ نېمىسى؟ -دەپ جاۋاب بەردى.

–تىرىكچىلىك، -دېدىم مەن كۈلۈپ بېشىمنى لىڭشىتىپ.

19

سەن قاپىقىڭدىن قارا بۇلۇت ياغدۇرساڭ، مەن تۇمان بولۇپ كۆزۈڭنى ئېتىۋالىمەن.

سەن ئاپتاپتەك كۈلۈپ قارىساڭ، بېشىڭدا باھارنىڭ ئاق بۇلۇتى بولۇپ ئۈچىمەن.

20

چاڭقاپ لەۋلىرىڭ گەز باغلىغاندا، مەن ساڭا شېرىن شەربەتلىرىمنى تۇتقان،

سەنچۇ؟

سەن جاۋاب ئورنىدا جامىمغا زەھەرلىك يۇندىنى قۇيدۇڭ.

تومۇز ئىسسىقتا سايە ئىزلەپ يۈرگەنلىرىڭدە، مەن بېشىڭغا سايىۋەن بولغان.

سەنچۇ؟

شۇ ھەممىتىم ئۈچۈن يۈزۈمگە قارىنى سۈرتتۈڭ.

كۆز ئايىغىڭدىن يېشىل زىلچىسىنى يىغىشتۇرۇپ كەتكەندە، مەن يولۇڭغا ئاق پاياندار بولغاندىم.

سەنچۇ؟

باغرىمدا كۆيدۈرۈپ ئورمان، ئۈستۈمگە كۈل داشقىلىنىڭ تۆكتۈڭ.

ئەي، ۋاپاسىز ئىنسان!

21

ئەي كېمە، دەم چۆكىسەن، دەم كۆتۈرۈلىسەن؛ گاھ ئوڭغا ئاقىسەن، گاھ سولغا؛ بەزىدە جايىڭدىلا پىرقىرايسەن. ئۇ قىسمىتىڭ دېڭىزنىڭ دولقۇنلۇقلىقىدىنمۇ؟

ياق، ئۇستا بىر رولچىنىڭ يوقلۇقىدىن.

22

دېڭىزغا نىشانسىز سالدىم كېمە،
سۇنىڭ مەيلىچە بولدۇم ھەر نېمە.

23

سۇ كېمىنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

24

يەلكەن پەي قەلەم. ئۇ دېڭىزغا ئۆزىنىڭ مېڭىش يۆنىلىشىنى سىزىپ تۇرىدۇ.

25

چۆكۈۋاتقان كېمىنىڭ يالىڭاچ خادىسى ماڭا شەھۋەت قاينىمىغا باشچىلاپ كىرىپ كېتىۋاتقان ئەركەكلىكنى ئەسلەتتى.

26

بۇلاق دېڭىزغا دېدى:

– شورلۇق ئاچچىق جىقلىقتىن تاتلىقنا ئازلىق ياخشى.

27

دېڭىز شورلۇقلىقىدىن زارلىنىپ، جاھاننى بېشىغا كىيىپ ھازا ئاچىدۇ. بۇلاق تاتلىقلىقىدىن سۆيۈنۈپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىدۇ.

28

سۇ تاغنىڭ ئايىغىدا جايناماز بولۇپ ياتىدۇ،
تاغ سۇغا قاراپ سەجدە قىلىدۇ.
ئورمان باشلىرىنى چايقاپ دۇرۇت ئوقۇيدۇ.
شامال سۈپكۈشلەيدۇ، ھاۋا ھۆرۈيدۇ.
ھاياتلىق ئىستىقامەتتە تەسبىي سىيرىيدۇ،
خۇدا بارلىقىنىڭ بىر نىيەتتە ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولىدۇ.

29

تاگور دېدى:

– سۇ يۇتۇپ كېتىۋاتقان كېمە دېڭىز يۈزىگە ماچتىسى بىلەن: «مەن سېنى سۆيگەنىدىم، دېڭىز؟!» دەپ يېزىپ قويدى.

30

يەلكەنلىرى يىرتىلغان كېمە بورانغا ۋارقىرىدى:

– قانچە ئۇرساڭ ئۇرۇۋەر بوران، مېنى ھامان دېڭىز كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

31

قىرغاقتا چىقىپ قالغان كېمە:

مېنىڭ جايىم قۇرۇقلۇق ئەمەس ئىدىغۇ؟ -دەپ زارلىنىۋىدى، دېڭىز:

— سەن ئۇزۇشنى قاملاشتۇرالمىدىڭ، شۇڭا چىقـقان جايىدا تۇرۇۋەرسۇن دېدىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

32

دېڭىز ئۇزۇشنى بىلىدىغانلارنىڭ.
ئاسمان ئۇچۇشنى بىلىدىغانلارنىڭ.
زېمىن ياشاشنى بىلىدىغانلارنىڭ.

33

ھەرقانداق چوڭقۇرلۇقنىڭ تېگى بولىدۇ.

34

ئادەم يالغۇز قالسا، قۇرۇپ كېتىدىغان تامچە ئەمەس.
گەرچە ئۇ تامچىدىن يارالغان بولسىمۇ.

35

ئارال دېڭىز يۈزىدىكى خال.

36

چارچىغان دولقۇنلار ئارالغا چىقىپ ئارام ئېلىشنى خالايدۇ، قىرغاقلار ئۇنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ تۇرىدۇ.

37

خۇدا ئۈچۈن دېڭىز بىر چىنە سۇ، ئاسمان ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قاپقىقى.

38

شائىر چايقىلىپ تۇرغان دېڭىزنى تەۋرىنىپ تۇرغان بۆشۈككە ئوخشىتىدۇ.

لېكىن، دېڭىزنىڭ نېمىلىكىنى پەقەت دېڭىزچىلا بىلىدۇ.

39

ئېغىر تۈگمەن تېشىنى چۆرگىلىتىۋاتقىنى ۋەزنى يوق سۇ.

40

كۆل زېمىن مەيدىسىگە تاقالغان مېدال.

41

بۇلاق زېمىن مەڭزىدىكى زىناق.

42

ساي تېشىنىڭ چىڭلىقى دولقۇنلارنىڭ تېپىپ يۇمۇلتىشىنىڭ مەھسۇلى.

43

قىرنىڭ ئىچىدە ياتقان سۇ ئانا قورسىقىدا يېتىلىۋاتقان بوۋاق.

قىر ئىچىدىن ئاشقان سۇ چوڭ بولغاندا يولىنى تاپقان بالا.

44

ئەركىمگە قويساڭ، ئېرىقىڭدا چەشمە بولۇپ ئاقىمەن،
ئەركىمگە قويمىساڭ، ئېرىقىڭدىن كەلكۈن بولۇپ تاشىمەن.

45

ئالقىنىڭدا ئاۋايلاپ تۇتساڭ، تۇرىدۇ،
مۇجۇيمەن دېسەڭ، سىرغىپ چىقىپ كېتىدۇ.
چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى بىلىدۇ.

46

بۇژغۇن بۇلغانغان سۇنىڭ ئىچىدىن چاچراپ چىقتى ـ دە، زېمىن قوينىغا سىڭىپ كەتتى. ئۇ زېمىننىڭ ئىگىلىرى بۇلغىغان ۋۇجۇدىنى پەقەت زېمىنىڭلا پاكلىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

47

بۇلۇت كۆكنىڭ گۈزەل جامالىغا قارا پەرەنجە سېلىۋىدى، چاقماق نەرە تارتقىنىچە ئېتىلىپ چىقىپ، ئوتلۇق خەنجىرى بىلەن قارا پەرەنجىنى يىرتىۋەتتى.

ئاسمان كۆز يېشى قىلدى، لېكىن بۇ ئۇنىڭ شادلىق كۆز يېشى ئىدى.

48

توختام سۇ شارقىراتمىنىڭ تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ چۈشۈۋاتقان ھالىتىگە قاراپ ئېچىنىدۇ.

شارقىراتما ئۇنىڭ بىر ئىزدا سېسىپ تۇگەپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئاھ ئۇرىدۇ.

49

ئاسمان، زېمىن ساڭا تەڭلا ئاشىق ـ بىقارار بولدى.

سەن زېمىن قوينىدا ياتتىڭ، ئۇنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇردۇڭ.

يەنە ئاسمان ماڭلىيىنى سىلىدىڭ، ئۇنى سەگىتتىڭ.

جاھان ئەھلى سېنى كۆڭۈلچەك دەپ ئەيىبلىدى.

ئەپسۇس، ئۇلار ساڭا ئايال زاتىنىڭ مۇھەببىتى بىلەن مېھرىبانلىقى تەڭلا مۇجەسسەم قىلىنغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.

51

ئۇ بىردەملىك تاراسلاپ چۈشكەندە، قورام تاش ئۇنى بۇژغۇندەك چاچرىتىپ ئوينىغانىدى.

ئۇ مەڭگۈلۈك تامچىلاپ چۈشكەندە، قورام تاش ئاخىر ئۇنىڭ جامىغا ئايلاندى.

52

ئۇ ئەسلى سۈزۈك، شۇڭا ئاخىر چوقۇم سۈزۈك بولىدۇ.

53

دېڭىز تاغقا دېدى:
— ئېگىزگە مەن سېنى كۆتۈرۈپ چىققان.
تاغ دېدى:
— ياق، مەن سېنىڭ قاملىقىنى بۇسۇپ چىققان.

54

قۇش كۆلدىن سورىدى:

ـ ساڭا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالغۇچىنى قوينۇڭغا يوشۇرماي، سۇ يۈزىگە لەيلىتىپ قويغىنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟

ـ بۇ تىرىكلىكنىڭ ئاسىيسىنى شەرمەسار قىلغىنىم.

55

ـ ئەي ئادەم، مېنى قۇرۇتمۇۋېتمەن دەمسەن؟

ـ مەن مېنى سۆيگەن باشقا زېمىندىن بۇلدۇقلاپ چىقىمەن.

56

ئەي دېڭىز!

شاۋقۇنلىرىڭنى دادامنىڭ تەنبىھ ئارىلاش ۋارقىراشلىرىغا ئوخشىتىمەن.

چەكسىزلىكىڭنى ئانامنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسىنىڭ كەڭلىكىگە ئوخشىتىمەن.

دولقۇنلىرىڭنى ئۇماق باللىرىمنىڭ شوخلۇقىغا ئوخشىتىمەن.

تىرەنلىكىڭنى ھايات مەنىلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ئوخشىتىمەن.

57

قىس بولۇپ كەتسە، ئابۇ زەمزەم، جىق بولۇپ كەتسە بالا ـ قازا.

58

ئوكيان قۇرۇقلۇققا دېدى:

ـ مەن سېنى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتىمەن.

قۇرۇقلۇق دېدى:

ـ مەن سېنىڭ بېشىڭغا دەسسەپ تۇرۇۋاتىمەن.

59

دەريا دېڭىزغا قۇيۇلغاندا تاتلىق سۇ ھە دېگەندىلا شورلۇق سۇغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ دەمسەن؟

ياق. ئەگەر ئۇ قىسقا ئارىلىقتىن ئۆزىگە زېمىنغا قايتىدىغان يول تېپىۋالسا، ھامان ئۆزىنىڭ تاتلىقلىقى بىلەن يېنىپ چىقىدۇ.

60

قۇياش دېدى:

ـ جەمئىيەت بىلەن تەبىئەت ئۇدۇملىرى ئوخشاش: ئال تاۋىقىم، يان تاۋىقىم.

زېمىن ئاسمانغا قانچىلىك سۇ ئىنئام قىلسا، ئاسمانمۇ زېمىنغا شۇنچىلىك سۇ قايتۇرىدۇ.

61

تۇيۇقسىز بىر بېلىق سۇدىن سەكرەپ قۇرۇقلۇققا چىقىپ قالدى ۋە ئۇيان ـ بۇيان دومىلاپ، ئاخىر ئاغزىنى ماك ـ ماك ئېچىپ ياتتى.

باياتىن بېرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان قۇش ئۇنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ، «ـ باللىرىغا دەيدىغان ۋەسىيىتى بولسا، ئاڭلاپ قالاي» دېگەن ئۈمىدتە ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭدىن:

ـ باللىرىڭغا دەيدىغان نېمە گەپلىرىڭ بار؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ باللىرىمغا دەپ قوي، ـ دېدى بېلىق ھاسىراپ تۇرۇپ، ـ ئۇلار ماڭا ئوخشاش ھەرگىز قۇشلارنى دوراپ يۈرمىسۇن. ئۆزگىنىڭ ماكانىنى ھەۋەس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ماكانىنى تاشلىمىسۇن.

62

ئۇسسۇزلۇق ئازابىدا قىينالغان جان ئىگىسى: «سۇ... سۇ...» دەپ نالە قىلدۇ.

سۇ ئىچىدە تېنەپ قالغان جان ئىگىسى: «قۇرۇقلۇق، قۇرۇقلۇق» دەپ زارلىنىدۇ.

ھەممىنى ئويۇنغا سالىدىغان تەقدىر ئۇلارنىڭ موھتاجلىقىدىن كۈلىدۇ.

63

توپان بالاسىدىن ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇپ چىققان نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىمۇ؟

ياق. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ يۈرىكى.

64

ـ توۋا، سۇ تىلىسەم، كەلكۈن ئەۋەتىپسەنغۇ، خۇدا؟!

ـ كەلكۈنگە يۈگەن سال ئىنسان، تىلىكىڭ ئىجاۋەت بولۇر شۇندا!

65

مەن دېڭىز بويىغا باردىم.

سۇنىڭ شاۋقۇنى ماڭا يىغا ـ زارىدەكلا تۇيۇلدى.

مەن ئەجەبلىنىپ دېڭىزدىن سورىدىم:

ـ كىمنىڭ يىغىسىنى يىغلاۋاتىسەن، دېڭىز؟

ـ نوھنىڭ.

ـ نوھنىڭ؟ ـ مەن ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدىم.

ـ شۇنداق. نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ، ـ دېدى دېڭىز، ـ مەن ساڭا بۇ ھەقتىكى ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرەي. نوھنىڭ ئەسلى ئىسمى لەمەك ئىدى، كۆپ يىغلىغان سەۋەبلىك نوھ دەپ ئاتالغان.

ـ ئۇ نېمىشقا شۇنداق كۆپ يىغلىغانىكەن؟

ـ بىر كۈنى، ـ دەپ بايانىنى باشلىدى دېڭىز، ـ شەيتان كېلىپ نوھقا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈۋىدى، نوھ:

«مېنىڭ قىلغان قايسى ئىشىمغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىسەن؟» دەپ سورىدى. «سەن قوۋمىڭنى دۇئايى بەنت قىلدىڭ. دوزاخ قوۋمىڭ بىلەن تولدى. ئەگەر ئۇلار ھايات بولغان بولسا، ئارىسىدىن نۇرغۇن ئەۋلىيالار چىقىپ ماڭا لەنەت ئوقۇيتتى» دېدى شەيتان. نوھ دوستلارنى ۋەيران قىلىپ، دۈشمەننى خۇش قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ يىغلىدى.

–...

– يەنە بىر كۈنى، – دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى دېڭىز مېنىڭ سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ قالغانلىقىمدىن پايدىلىنىپ، – ئىت نوھنىڭ قېشىغا كەلدى. «تولىمۇ سەت نېمىكەنسەن» دېدى نوھ ئىتنىڭ تەلەتىدىن يىرگىنىپ. «سەن نەقىشنى ئەيىبلەۋاتامسەن، نەققاشنىمۇ؟ – دېدى ئىت ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، – نەققاش سىرتىمنى سەت نەقىشلىگىنى بىلەن، ئىچىمنى چىرايلىق قىلىپ نەقىشلىگەن. مەن ۋاپادار يارالغانمەن!» بۇ سۆزنى ئاڭلاپ نوھ بەكمۇ خىجالەت بولدى ۋە ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىنى ئۇنتۇپ، يارالغۇچىنى خارلىغانلىقىغا، ئۇنىڭ تەلەتىگىلا قاراپ، يۈرىكىگە نەزەر ئاغدۇرمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ يىغلىدى.

– ھە، يەنە؟ – مەن دېڭىزنىڭ ھېكايىسىگە مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭ داۋاملىق سۆزلىشىنى ئۆتۈندۈم.

يەنە بىر كۈنى خۇدادىن نوھقا ئەمىر كەلدى: «– كوزا ياسىغىن، نوھ!». نوھ كوزىلارنى ياساپ پۈتتۈرۈۋىدى، خۇدا ئۇنىڭغا: «ئەمدى كوزىلارنى چېقىۋەت!» دەپ ئەمىر قىلدى. خۇدانىڭ ئەمرىدىن باش تارتىش مۇمكىن ئەمەس. نوھ كوزىلارنى چېقىۋەتكەندىن كېيىن خۇداغا نالە قىلدى: «ئۆز قولۇم بىلەن ياسىغان كوزىلارنى ئۆز قولۇم بىلەن چاقتۇرۇۋېتىپ، ماڭا ئەجەب ئەلەم قىلدىڭغۇ، خۇدا؟». «مەنمۇ بەندىلىرىمنى ئۆز قولۇم بىلەن بىنا قىلغان، – دېدى خۇدا، – سەنمۇ ئۇلارنى ئۆز قولۇم بىلەن يوقىتىشنى تىلىدىڭ، مېنىڭ بايا قىلغىنىم دەل ئاشۇ تىلىكىڭنىڭ جاۋابى!». بۇ گەپنى ئاڭلىغان نوھنىڭ يۈزى يەر بولدى. «يارىتىپ باق، ئاندىن يوقىتىپ باق» دېگەن ھېكمەت دەل مۇشۇنىڭدىن قالغان. شۇ چاغدا نوھ ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ياراتماي يوقاتقانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ يەنە يىغلىدى. ئۇ يىغلىدى، ئۆمۈر بويى يىغلىدى، لېكىن يىغىسىنى يىغلاپ تۈگىتەلمىدى.

– شۇڭا سەن داۋاملىق ئۇنىڭ يىغىسىنى يىغلاۋېتىپسەن – دە؟

– شۇنداق.

– سۈيۈك نېمانچە شورلۇقكەن دېسەم، ئەسلى كۆز ياشنىڭ شورى ئىكەن – دە؟

– ئۇنىڭدا يەنە توپان بالاسىغا قېتىلىپ ھاياتلىقنى يوقاتقان ئەلەملىك قىسمىتىمنىڭ ئاچچىق شورىمۇ بار.

66

قىرغاقتىكى قورام تاش دېڭىزغا دېدى:

– يىلاندەك سويلاپ كېلىپ ئاياغلىرىمنى سۆيدۈڭ، خۇشامەتلىرىڭگە ئېرىپ باغرىڭغا كىرمىدىم.

– ئاغزىدىن كۆپۈك قايىنتىپ، يۈزلىرىمگە شاللىنى چاچرىتىپ، يالۋۇردۇڭ، پوپوزا قىلدىڭ، مەن يەنىلا قوينۇڭغا كىرمىدىم.

– ئەمدى ئەجدىھادەك ئاغزىڭنى ئېچىپ، مېنى ھاپىلا قىلىپ يۇتۇۋېتىمەن دەمسەن؟ ياق، يۇتۇۋېتەلمەيسەن، چۈنكى مېنىڭ كىندىكىم زېمىنغا باغلانغان.

67

سەن زېمىننىڭ ئاشىقى ئىدىڭ، ئاسمان سېنى زېمىن قوينىدىن بۇلاپ ئاچىقىپ كەتتى. بۇلۇتلاردىن تامچىۋاتقىنى سېنىڭ سېغىنىش ياشلىرىڭمىدۇ؟

68

تاشقىن تاپتىن چىققىنى بىلەن بېكى يول ئاچىدۇ.

دولقۇن ھەرقانچە سەكرىگىنى بىلەن يەنە ئۆز قىنىدا ياتىدۇ.

69

سامانىڭ ئاستىدىن قاچقان سۇ ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان توپىنىڭ ساددىلىقىدىن كۈلىدۇ.

70

مەن دېڭىزچىدىن سورىدىم:

– دولقۇنلارنى شاۋقۇن سۈرەنگە سېلىۋاتقان نەرسە نېمە؟

– يۈزەكىلىك.

– بېلىقلارنى جىمغۇر، تەمكىن قىلىۋەتكەن نەرسە نېمە؟

– چوڭقۇرلۇق.

– دېڭىز قۇشلىرىنى كۆكتە ناخشا ئېيتقۇزۇۋاتقان نەرسە نېمە؟

– چەكسىزلىك.

## قاچقۇن، موزاي ھەم «موزاي»

يايلاق، ئالاكۈگۈم ۋاقتى.

ئاچلىق قاچقۇننى قىيناپ خېلىلا ھالسىزلاندۇرغانىدى، ئىنەكنىڭ مۆرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا سەل

جان كىرگەندەك بولدى. دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىر ئىنەك، ئۇنىڭ نېرىسىدا بىر موزاي تۇراتتى. موزاينى كۆرۈپ ئۇ بۆلەكچە خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ ئاچ قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن موزاينى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەندى. ئۇ موزاي تۇرغان تەرەپكە قاراپ ئاستا ئۆمىلىدى. شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز بىرەيلەن يوغان بىر چېلەكنى كۆتۈرۈپ ئىنەكنىڭ ئالدىغا قاراپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ قاچقۇن ئۆزىنى دەرھال بىر تۈپ دەرەخنىڭ دالدىسىغا ئالدى. چېلەك كۆتۈرۈۋالغان كىشى ئىنەكنىڭ يېنىغا كېلىپ چېلەكنى ئىنەكنىڭ ئاستىغا قويدى ـ دە، يەڭلىرىنى شىمايلاپ يېلىنىغا ئېسىلدى. بۇ چاغدا ئىنەك مۆرەپ كەتتى. ئۇنىڭ قوشۇلۇپ موزىيىمۇ مۆرىدى ۋە چاپچىپ ئالدىغا ئىنتىلدى. لېكىن ئۇ ھەرقانچە قىلسىمۇ ئانىسىنىڭ يېنىغا بارالمىدى، بۇنىڭغا قاراپ قاچقۇن موزاينىڭ باغلاقتا ئىكەنلىكىنى سەزدى.

ھېلىقى چېلەك كۆتۈرۈپ كەلگەن كىشى ھەدەپ ئىنەكنىڭ يېلىنى بىلەن ھەپىلەشتى. لېكىن ئىنەك سۈت بەرمىدى، نېمىلا دېگەنبىلەن ئىنەك ئالدى بىلەن موزىيىنىڭ رىزقىنى بېرىپ ئۇنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشى كېرەك ـ تە. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ موزىيىغا تەلمۈرگىنىچە مۆرەيتتى، مۆرەيتتى. موزايمۇ ئانىسىغا ئىنتىلىپ ئېچىنىشلىق نالە قىلاتتى. ئىنەكنىڭ يېلىنىنى سوزۇپ تارتىپ، ھەتتا شاپىلاقلاپمۇ سۈت چىقىرالمىغان ھېلىقى كىشى ئاخىر موزاينىڭ ئالدىغا باردى. قاچقۇن ئۇنى «ئەمدى موزاينى ئەكىلىپ ئېمىتىپ قويىدىغان بولدى» دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن كۈتمىگەندە ئۇ موزاينى تېخىمۇ يىراقراققا ئاپىرىپ باغلاپ، بىر پارچە ئەسكى لاتا بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى باغلىغىلى تۇردى. ئۇ «ئىنەك موزىيىنىڭ مۆرىشىنى ئاڭلىمىسىلا، تارتىشماي سۈت بېرىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. قاچقۇن ئۇنىڭ بۇ ئىشىنىڭ قانداق نەتىجە بېرىشىنى كۈتۈپ قاراپ تۇرۇۋەردى. دېگەندەك موزاينىڭ ئاۋازى چىقماي قالدى. لېكىن ئىنەك مۆرەيتتى، مۆرەيتتى، خۇددى بالىسىنىڭ بوغۇلۇپ نىدا قىلىۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىدە زار ـ زار يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆڭلى تۇيغاندەك مۆرەيتتى. سۈت ساغقۇچى ئىنەكنىڭ يېلىنىنى شاپىلاقلاپ، سوزۇپ تارتىشقا باشلىدى، لېكىن يېلىندىن يەنىلا سۈت چىقمىدى.

«ئۇ ئەمدى قانداق قىلار؟» قاچقۇن ئۇنىڭغا تېخىمۇ دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى. ئىنەكنىڭ سۈت بەرمەي مۆرەۋېرىشى جېنىغا تەگكەن سۈت ساغقۇچى ئورنىدىن قوپۇپ ئىنەكنىڭ تۇمشۇقىنى زەردە بىلەن بىر نوقۇۋەتتى. لېكىن ئىنەك ئۇنىڭ بۇ دوقىدىن قورقماي يەنىلا مۆرەۋەردى. ئۇ ئەتراپىغا قاراپ ئىنەكنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قويغۇدەك بىرنەرسە تاپالمىغان بولسا كېرەك، ئاخىر ئامالسىز ئۆزىنىڭ قۇلىقىنى ئېتىۋالدى. بۇنى كۆرۈپ قاچقۇن ئىچىدە كۈلۈۋەتتى. لېكىن ھەقىقىي كۈلىدىغان ئىش تېخى كەينىدە ئىدى. سۈت ساغقۇچى قۇلىقىنى ئەتكىنىچە موكلا تىزلاندى ـ دە، بېشىنى سىڭايان قىلىپ ئىنەكنىڭ يېلىنىنى ئاغزىغا سېلىۋالدى. ئىنەكنىڭ نېرى ـ بېرى چاپچىشى ئۇنىڭغا ئەپسىزلىك پەيدا قىلدىمۇ قانداق، ئۇ قۇلىقىنى ئېتىۋالغان قوللىرىنى بوشىتىپ، ئىنەكنىڭ يېلىنىنى قوش قوللاپ چاڭگاللىۋالدى. ئىنەك ھەدەپ مۆرەيتتى، چاپچىيتتى، ئۇ يېلىنىغا مەھكەم ئېسىلغىنىچە شوپۇلدىتىپ شورايتتى، شورايتتى. موزاي بولسا ئاۋازىنى چىقىرالماي، بوغۇلۇپ، قوزۇقنىڭ ئەتراپىدا پىرقىرايتتى، پىرقىرايتتى.

قاچقۇن بۇ كۆرۈنۈشكە قاراپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئىنەككە قاراپ ئېچىندى، موزايغا قاراپ ئىچى سىيرىلدى. شۇ تاپتا ئۇ موزاينى ئاچقىپ ئۆلتۈرۈپ يېيىش نىيىتىدىنمۇ ۋاز كەچكەنىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ئاجايىپ بىر نىيەت پەيدا بولدى: «ئاشۇ يوغان چېلەكنى بار نەپسانىيەتچىنى، ئىنەكنى موزىيىغىمۇ ئازراق رىزقى بەرگۈزمەي، يېلىك ـ يىلىكىنى قويماي بىراقلا سىغىۋالغۇسى كەلگەن ئاشۇ قارا كۆڭۈلنى تۇتۇش كېرەك ئىكەنغۇ. راست، ئۇنى تۇتۇش كېرەك، قاماش كېرەك. ئۆزى قېچىپ چىققان يەردە ئەسلى ئۇ تۇرۇشقا تېگىشلىك ئىكەن. ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇش تەقدىرى ئۆزىگە قايتا ئېغىز ئېچىپ تۇرغان بولسىمۇ مەيلى، ئۇنى تۇتۇپ ئاپىرىش كېرەك، تۇتۇپ...»

ئۇ ئورنىدىن تۇردى. ئىنەك تەرەپكە بىر قەدەم بېسىپ تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. كېيىن موزاي تەرەپكە بۇرۇلدى ـ دە، بېرىپ موزاينىڭ ئاغزىدىكى ئەسكى لاتىنى ئېلىۋەتتى. باياتىن بېرى بوغۇلۇپ دىمى سىقىلىپ كەتكەن موزاي ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ مۆرەشكە باشلىدى. ئىنەكمۇ بولۇشىغا مۆرىدى ۋە ئاستىدا ياتقان يات «موزاي»نى قەھرى بىلەن تېپىۋەتتى. ھېلىقى سۈت ساغقۇچى ئالاقزادىلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاۋۋال ئىنەككە، ئاندىن موزاي تەرەپكە قارىدى. يات بىر ئادەمنى ـ قاچقۇننى كۆرۈپ ھەيرانلىق بىلەن تۇرۇپ قالدى. قاچقۇن ئاۋۋال پىسسىڭىدە كۈلدى، كېيىن قاقاقلاپ كۈلدى. ئۇنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرىگە ئىنەك بىلەن موزاينىڭ قاتتىق مۆرەشلىرى قوشۇلۇپ گۈلدۈرمامىدەك سادا پەيدا قىلدى. بۇ ئاۋازدىن ھېلىقى سۈت ساغقۇچىمۇ، يايلاقمۇ، ئالاكۆكۈممۇ لەرزىگە كەلدى.

# نەسىرچىلىكىمىزنىڭ يېقىنقى تەرەققىياتى ۋە ئەخمەت ئىمىن ئەبادىيسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

باتۇر روزى



خۇددى ئىلىم-پەننىڭ 20-ئەسىردىكى تەرەققىياتى تارىختىكى پۈتكۈل تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتكەندەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەسىر ئاخىرىدىكى 20 يىللىق تەرەققىياتى پۈتۈن بىر ئەسىرلىك تەرەققىياتنى نەچچە قاتلاپ تاشلىدى.

ھالبۇكى، ئەسىر ئاخىرىدىكى 20 يىل ئىچىدە ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەممىلا ژانىرلىرىدا دېگۈدەك ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلەش بولۇۋەرمىدى. ئەدەبىياتىمىزدىكى تەرەققىيات شېئىرىيەت، پروزا ۋە نەسىرچىلىك ساھەلىرىدە ئاساسلىق گەۋدىلەندى. بۇلار ئىچىدە پروزا ۋە شېئىرىيەت ھەققىدە ئاز-تولا گەپ قىلىنغىنىدىن باشقا نەسىرچىلىك ھەققىدە ھېچقانداق گەپ-سۆز بولۇنمىدى. نەسىرچىلىك ھەققىدە گەپ قىلىشقا توغرا كەلگەندە تەنقىدچىلىرىمىزمۇ «تۆگە كۆردۈڭمۇ، كۆرمىدىم» دەپ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ئۆتۈپ كېتىۋەردى. نەسىردىن ئىبارەت پروزا بىلەن شېئىرىيەت ئارىسىدا چېگرا ئايرىپ تۇرغان بۇ ئارىلىق ژانىرنىڭ يېقىنقى 20 يىل مابەينىدىكى تەرەققىياتى بىزدە ھەقىقەتەن شېئىرىيەتكە يېتەلمىسىمۇ، ئەمما پروزا بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىپ، ئەدەبىي ژانىرلار تەرەققىياتى بىلەن ئاكتىپ ھەمجەھەتلىك پەيدا قىلىپ كەلدى. قىسقىغىنا تارىختا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، 80-يىللارنىڭ دەسلىپىدە ھېكايىچىلىق، پوۋېستچىلىق دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئارقىدىنلا نەسىرچىلىك دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەقەلەرنى پايپاق توقۇغاندەك توقۇيدىغان ئەدىبلەر «ئىھ، ئاھ» دېگەندەك سۇنئىي ھاياجانلىق ئىملىقلار بىلەن باشلىنىدىغان لىرىك جۈملىلەرنىڭ قۇچاقلىرىغا، تولا ھاياجانلىنىپ ھالىدىن كەتكەن مەجنۇن قىزلاردەك تۇشمۇ تۇشتىن تاشلىنىشتى. نەسىرچىلىك دولقۇنى ئەمدىلا پەسكويغا چۈشەي دەپ تۇرۇشىغا تېخىمۇ ياڭراق گۈلدۈر-قاراسلار بىلەن يېڭى شېئىرىيەت دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كەلكۈندەك باستۇرۇپ كەلگەن بۇ دولقۇن تالاي تەقلىدچىلەرنى قارا باستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشكە، ئارقىدىنلا رومانچىلىق دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. خۇددى رومانغا ئوخشاش ئۇزۇنغا سوزۇلۇۋاتقان بۇ دولقۇننىڭ گاھ شاش، گاھ ئېزىلەڭگۈ سادالىرىغا قۇلاق سالغان پەيتىمىزچە يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىدىن ئاتلىدۇق. يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن ئەدەبىيات دولقۇنلىرىنىڭ كۆپىنى بىرلا ئەمەس، بىر توپ قەلەم ساھىبلىرى باشلاپ بەردى. ئەمما تەنقىدچىلىرىمىز نەزەرىدە يېتىم قىزدەك بويىنىنى قىسىپ قالغان نەسىرچىلىك دولقۇنىنى بولسا ئەينى يىللاردا كىتابخانىلار قەلبىدە كەڭ كۆلەملىك زىلزىلە پەيدا قىلغان «قەلب سادالىرى» سەرلەۋھىلىك چاتما نەسىرلەر نىڭ تۇيۇقسىزلا كۆزگە تاشلانغان تالانتلىق ئاپتورى باشلاپ بەردى. كەڭ كىتابخانىلارنى ئۆزىنىڭ قايناق ھاياجانلىرى بىلەن مەست قىلىپ تاشلىغان بۇ نەسىرلەرنىڭ ئاپتورى ئەينى يىللاردا مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تەتۈر قىسمەتلەرنىڭ ئاچچىق سىناقلىرىغا دۇچ كەلگەن ئەخمەت ئىمىن ئىدى.

بۇ ماقالىدە بىز خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغان تەلەيلىك ئەدىب ئەخمەت ئىمىنىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىجادىي ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ 20 يىللىق تەرەققىياتى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان ئەخمەت ئىمىن باشلاپ بەرگەن نەسرچىلىك دولقۇنىغا دەسلىپىدە بىراقلا خېلى زور بىر قوشۇن دىۋەيلەپ كىرىپ كەلدى. قارىماققا بۇ جۇڭگولۇقلاردا ئەۋج ئالغان قارىغۇلارچە قوغلۇشۇش دولقۇنىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەكس ساداسى بولسا كېرەك. كېيىنچە بۇ قوشۇندىن كۆپ ساندىكى ئەدىبلەر بىر بىرلەپ چېكىنىدى، شۇنداقتىمۇ ئاز بىر قىسىم ئەدىبلەر يەنە ئاخىرغىچە قولىغا قەلەم ئېلىپ نەسر ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. شۇڭا بۇ دەۋردە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان پروزا ئەسەرلىرى دۆۋىلىرى ئىچىدە جۇلالىق تىل، ئىخچام شەكىل ۋە قايناق ھېسسىيات بىلەن رەڭدارلىق پەيدا قىلىپ تۇرغان نەسرلەرنىڭمۇ سالماق ۋەزىن بىلەن بوي تالىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

نەسرچىلىكىمىزنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ئىشارە بولۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنغان بىر قىسىم نەسر توپلاملىرىمىز جەمئىيىتىمىزدە خېلىلا كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلدى. ئەخمەت ئىمىنىنىڭ «باھار تىنىقى»، «ئانا قەسىدىسى» ناملىق توپلاملىرى، ھېكايە ئىجادىيىتىنى ئاساسلىق كەسىپ، نەسر ئىجادىيىتىنى قوشۇمچە كەسىپ قىلىپ كەلگەن ئىجتىھاتلىق يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «كۈلۈپ كۆرگەنلىرىم ۋە كۆرۈپ كۈلگەنلىرىم» ناملىق نەسرلەر توپلىمى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئەلا بىلىدىغان تەنقىدچىمىز ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتى سۈپىتىدە بازارغا سالغان «كەچۈر مېنى پەرزات» ناملىق نەسرلەر توپلىمى، ئابدۇرىشىت سەلەي قاتارلىق ياش ئەدىبلەر بىرلىشىپ چىقارغان «يامغۇرلۇق كېچىدىكى چاقماقلىق ئويلار» ناملىق نەسرلەر توپلىمى قاتارلىقلار كەڭ كىتابخانلارنىڭ قەلب تاغلىرىدا خېلىلا تورى بار ئەكس سادا ياڭراتتى.



ئەخمەت ئىمىنىنىڭ «سادا» ناملىق ئاران يەتتە يېرىم بەت كېلىدىغان نەسرى ھەققىدە مۇھاكىمچىلىرىمىز 70 كىلومېتىرلاپ يول بېسىپ، يەتتە سائەتلەپ باشىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىپ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزدى. دەرۋەقە نەسرنىڭ ئۆزى ئاران يەتتە يېرىم بەتچىلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى ئىخچام ھەجىم ئارقىلىق يۇدۇپ ماڭغان غايەت زور مەزمۇن گىزى كەلسە 70 سائەتلىك مۇھاكىمىگىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدىغاندەك قىلىدۇ. شۇڭىمۇ بۇ قىسقىغىنا نەسر ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇھاكىمىنىڭ ۋەزنى توقام توقام رومانلار ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇھاكىملەردىنمۇ ئېشىپ كەتتى. نەسر گەرچە ئەپچىلەمنىڭ چاقچىقىدەك يىغىنچاق، چاقىقان ژانىر بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ مەنىۋى قۇدرىتىنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. بۇمۇ يەنىلا نەسر يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي ئېتىقادىغا باغلىق، ئەلۋەتتە. قىسقىسى «ئۆزى بىر غېرىچ، ساقىلى يەتتە غېرىچ» كېلىدىغان ئەپسانىۋى باشقا ئوخشايدىغان بۇ ئارىلىق ژانىردا يېزىلغان بەزى ئەسەرلەرنىڭ ئىخچام شەكىل بىلەن كۆتۈرۈپ قوپقان غايەت زور ئېستېتىك بوشلۇقى ۋە مەنە چوڭقۇرلۇقى بەزى مۇكەممەل يېزىلغان پوۋېست، رومانلارنىمۇ بېسىپ چۈشتى. بەزى نەسرلەر تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ـ چۈششەك دېتاللارنى قايناق شېئىرىي كەيپىياتقا تويۇندۇرۇپ ئىپادىلەپ بېرەلىگەنلىكى ئۈچۈن كىتابخانلارنى چەكسىز روھىي ئەركىنلىك بىلەن تارتۇقلايدىغان تىلسىمات دۇنياسىغا ئوخشاپ قالدى. يالغۇزلا خۇدايىم بەرگەن ئەخمەت ئىمىنىڭلا ئەمەس، ئۈمىدلىك ئەدىبلىرىمىزدىن مۇختار مەخسۇت ۋە ئەنۋەر تاشتۆمۈرلەرنىڭ نەسرلىرىمۇ پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە بايلىقى بىلەن ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. ئەركىن نۇر، ئابدۇقادىر جالالىدىن قاتارلىق پەيلاسوپسىمان ياش ئەدىبلىرىمىزنىڭ ناگان ناگاندا بىر يېزىپ قويغان نەسرلىرىمۇ يۇقىرىقى بايانلىرىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدۇ. «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» ناملىق چاتما نەسرنىڭ

ئاپتورى بولغان مەرھۇم ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەسىرلىرىمۇ تېرەن ھېكمەتلەر بىلەن تويۇندۇرۇلغان.

تالانتلىق شائىر ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ھېكايە ياكى شېئىر دېگەندەك غەيرىي ناملار بىلەن ئېلان قىلدۇرغان بىرنەچچە پارچە نەسىرلىرىمۇ نەسىرچىلىكىمىزنىڭ ئاتموسفېرا قاتلىمىنى يېڭى ھاۋا بىلەن بىر قوچۇپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

نەسىرچىلىكىمىز ھەققىدە گەپ قىلىش ئۈچۈن تۇنجى قېتىم ئىنساپ بىلەن قولغا قەلەم ئالغان ئوسمان قاۋۇلنىڭ نەسىرلىرىمۇ لىرىك تۇسىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن ئادەمنى ئۆزىگە خېلىلا جەلپ قىلىدۇ. لېكىن ئۇ نەسىرچىلىك ھەققىدە يازغان ماقالىسىدە گەپنى ئىنساپ بىلەن باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن نەسىرچىلىك قوشۇنىدا باشقا ژانىرلارغا قارىغاندا خانىم قىزلارنىڭ خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇپ قالغان. زۇلپىيە ئابدۇراخمان، ئاسىيە ئابدۇرېھىم، پاشاگۈل ئىسمائىل، ئالتۇنگۈل رەجەپ قاتارلىق ئايال ئەدىبلىرىمىزنىڭ نەسىرلىرىمۇ قىزغىن ھېسسىيات ۋە گۈزەل تەسەۋۋۇرلار بىلەن كىتابخانلارنىڭ قەلب تارلىرىغا ئەپچىل زەخمەك ئۇرالايدۇ.

ئوسمان قاۋۇل ئېيتقاندەك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر نەسىرچىلىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ئارتۇقچىلىقى ئۇنىڭ تىل جەھەتتىكى ئەركىن ۋە ئويناقلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ نەسىرلەر بۇرۇنقى قاتمال ھالەتتىكى سىياسىي مۇھاكىمە، قۇرۇق شوئارۋازلىق خاھىشىدىن ئازاد بولۇپ، ئانا تىلىنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ نازۇك، ئەڭ زور ئىپادىلەش كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر پسىخىكىسىنى پەلسەپۋى پەللىگە كۆتۈرۈپ ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشقان. خېلى كۆپ ساندىكى نەسىرلىرىمىز لىرىك تۇسىنىڭ قويۇقلۇقى ۋە تىلىنىڭ پاساھەتلىكى بىلەن قاپىيە ۋە تۇراق بولمىغان شېئىرلارغا ئوخشاپ قالىدۇ نەسىرچىلىكىمىزنىڭ شېئىرىيەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى، نەسىرچىلىكىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىر قىسىم نادىر ئەسەرلىرىمىزنى ھەم ئۇلارنىڭ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئومۇمىي گەۋدىسى ئىچىدىكى ئورنىنى جەزمەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم. نەسىرچىلىك قوشۇنىدا «ھېسابتا بار ھەمدەمدە يوق» ئاپتورلار ناھايىتى جىق. باشتىن ـ ئاخىر ئىزچىل نەسىر ئىجادىيىتى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ كەلگەنلەرنى تاسقىغاندا يەنىلا ئەخمەت ئىمىن ئۆزى يالغۇز دېگۈدەك ئېشىپ قالىدۇ. بۇ يەردە قوينى «قاسساپلا سويسۇن» دېمەكچى ئەمەسمەن. ئەمما ئەخمەت ئىمىندىكى ئۆزى سۆيگەن كەسىپكە باشچىلاپ كىرىپ كېتىشتىن ئىبارەت ئەستايىدىللىقنى ھەممىمىز قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىياتىدا ھەر بىر دەۋردە ناھايىتى چوڭ ـ چوڭ «ئاممىۋى ئۇنتۇش» ھادىسىلىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى، شۇ ژانىر بىلەن ئىزچىل مەشغۇل بولىدىغان ژانىر ئىگىلىرىنىڭ بولماسلىقىدا. ئەخمەت ئىمىن ئىجادىيىتىدىكى ئىزچىللىق ئاخىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەسىرچىلىكنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالماسلىقىغا سەۋەبچى بولغان. ئىجادىيەتتىكى ئىزچىللىق بىر پۈتۈن بەدىئىي تەپەككۇرنى توختاۋسىز يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ. شۇنداق بولغاچقىمۇ ئەخمەت ئىمىننىڭ نەسىرلىرىدە نەسىرچىلىكىمىزدىكى يۇقىرىقى مۇۋەپپەقىيەتلەر تولۇق گەۋدىلەنگەندىن تاشقىرى يەنە نەسىرچىلىكىمىزدە كۆرۈلگەن تېما تەكرارلىقى، مىللىي خاسلىقىنىڭ يېتەرسىزلىكى، باشقىلارنى ۋە ئۆز ئۆزىنى دوراش خاھىشى قاتارلىق ئىللەتلەرنىڭ ھېچقاندىقى سادىر بولمىدى. ئەخمەت ئىمىن بىردە ئانا ھەققىدە يازسا، بىردە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ھەققىدە يازدى، ھەرگىزمۇ بىر تېمىنى قايتا ـ قايتا چايناۋەرمىدى. شۇنداقلا ئۆزى كۆتۈرۈپ چىققان تېمىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ يېزىش ئەخمەت ئىمىن ئىجادىيىتىنىڭ باشقىلار ئالدىراپ يېتەلمەيدىغان بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ كەلدى. نەسىرلىرىدە توختاۋسىز يېڭىدىن ـ يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ماڭدى. تىل ۋە پىكىر قىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتە مىللىي خاسلىقنى ساقلاشقا باشتىن ئاخىر دىققەت قىلالىدى. باشقىلارنى ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى دوراش خاھىشىدىن ئىزچىل ساقلىنالىدى. ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىش كەچكىچە ئۆز ـ ئۆزىنى دوراۋېرىش بىلەن روياپقا چىقمايدۇ. بىزدە ئۆزۈمگە خاس ئۇسلۇب يارىتىمەن دەپ ئۆز ـ ئۆزىنى كەچكىچە دوراۋېرىدىغان، قىر ئاشالماي بىر ئىزدا قويۇنتازدەك چۆرگىلەۋېرىدىغان ئەدىبلەرمۇ جىق. ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ئىجادىيەتتە ئۆز ـ ئۆزىدىن توختاۋسىز ھالقىش ئارقىلىقلا مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ «تازنىڭ نېمىسى بار دېسە، تۆمۈر تاغىقى» دېگەندەك تەيپىنەم ۋاقتىدا تېپىۋالغان بىرلا سەنەمگە دەسسەۋېرىش ئارقىلىق مەيدانغا كەل-

مەيدۇ. بىرلا مۇقامغا توۋلاۋېرىش ئاخىرى بېرىپ ئەنە شۇ مۇقامنىڭ ئۆزىنىمۇ كونىرىتىپ، يوق قىلىپ تاشلايدۇ. بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ئەدىبلىرىمىز ئەخمەت ئىمىندىن ئۈلگە ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئەمدى بىز تۆۋەندە نوقۇل ئەخمەت ئىمىننىڭ نەسر ئىجادىيىتى ھەققىدىلا توختىلىمىز. ئەخمەت ئىمىن 80 ـ يىللاردىن باشلاپ نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشكەن. دەسلېپىدە «تىرىك يې- تىمنىڭ ئاتىسىغا» ناملىق نەسرى بىلەن ئائىلە ئىستىلى، ئائىلە مۇھىتىدىكى بۇلغىنىشقا قارىتا جەڭ ئېلان قىلىپ ئەينى چاغدا پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيە- تىنى زىلزىلىگە سالغان. كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تې- راگېدىيىلەرگە، رەزىللىكلەرگە ئەجەللىك سوققا بەر- گەن ئەسىرى «قەلب سادالىرى»نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيا- تىدا نەسرچىلىك دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدە لەڭ ئۇرۇش رولىنى ئوينىغانلىقىنى يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتتۇق. «ئانا قەسىدىسى» ناملىق نەسرىدە جاپاكەش ئانىلارنىڭ بۈيۈك ئوبرازىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن بولسا، «سۈرەت» ناملىق نەسرىدە بىر خىل شائىرانە روھ، شائىرانە ھېس ـ تۇيغۇ ئارقى- لىق مۇزىكىدىن ئالغان سېزىمىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. سىمفونىيىدە لەيلىگۈلنىڭ ئىجـ- تىمائىي پاجىئەسى سۈرەتلەنگەن بولسا، ئەخمەت ئى- مىن مۇزىكىدىنمۇ نازۇك، مۇزىكىدىنمۇ نەپىس، مۇ- زىكىدىنمۇ سۈزۈك بولغان، مۇزىكا ئارقىلىق يەتكىلى بولمايدىغان چوڭقۇر مەنە قاتلىمىغا ئىگە زور پىكىر- لەرنى ئىپادىلەپ بەرگەن. «سادا» ناملىق نەسرىدە بولسا تەبىئەتتىكى ۋە مەنىۋىيەتتىكى بۇلغىنىشنى يېڭى بىر نۇقتىدىن ئىنتايىن تەسىرلىك ئىپادىلەپ بەرگەن. ئەخمەت ئىمىن بۇ نەسرىدە ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزگەن. بىزنى قاپساپ كېلىۋاتقان ئېكولوگىيە- لىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئىبارەت تەخىرسىز رېئاللىق ئۈستىدە تۈنجى قېتىم دادىللىق بىلەن قەلەم تەۋرەتكەن. تەرەققىيات بىلەن ئەسلى تە- بىئەتنىڭ بۇزۇلۇشى ئوتتۇرى- سىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسىنى ئېنىق ۋە چوڭقۇر ئوتتۇ- رىغا قويغان. «شەھەر بىر



داسقا ئايلىنىپ، بىز بۇ داستىكى سۇ بىلەن قول- مىزنى يۇيىدىغان، ئاغزى ـ بۇرنىمىزنى چايقايدىغان، ھەتتا ئۇنى ئۇسسۇزلۇق ئورنىدا ئىچىدىغان پاسكىنا ئاقىۋەتلەرگە قالارمىزمۇ؟» دەپ خىتاب قىلىدۇ. ئەخ- مەت ئىمىن، مۇختار مەخسۇت ئېيتقاندەك «شائىر- يازغۇچىنىڭ ھەقىقىي قىممىتى پەقەت ئۇنىڭ شەخ- سىي تەسىراتى ۋە ھېسسىياتىنى قانداق بەدىئىي ما- ھارەت بىلەن تەنتەنە قىلغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ياشاپ تۇرۇۋاتـ- قان زېمىن ۋە شۇ زېمىندىكى خەلقنىڭ خۇشاللىقى، غەم ـ قايغۇسى ۋە قىيامەتلىك تەقدىرى بىلەن چەمـ- بەرچاس باغلاپ، دۈچ كېلىۋاتقان رېئال مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىجادكارغا خاس بەدىئىي دىت بىلەن مەس- ئۇلىيەتچان پىكىر يۈرگۈزۈشتە كۆرۈلىدۇ».

ئەخمەت ئىمىن «سادا» ناملىق نەسرىدە ئەنە شۇنداق بىر مەسئۇلىيەتچان ئەدىب سۈپىتىدە مەدە- نىيەت قاتلىمىمىزدىكى ئەشەددى بىر يىمىرىلىشنى يەنى مەدەنىيەتنىڭ ئانىسى ۋە ماددىي تاكامۇلى بولغان تەبىئەتنىڭ ۋەيران بولۇشىنى ئىچ ئىچىگە پاتمىغان پىغان بىلەن كۆتۈرۈپ چىققان. خۇددى ئابدۇقادىر جالالىدىن ئېيتقاندەك «ھاياتىمىزنىڭ مۇھىت بىلەن تەقدىرداشلىقى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، قە- دىمىي تېما، سۇ، ھاۋا، تۇپراق، ئوت مۇقەددەسلىكى دىن، ئەخلاق ۋە كىشىلىك قارىشىمىزنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى سۈپىتىدە مىللىي خۇسۇسىيىتىمىزنىڭ مۇ- ھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ كەلدى»شۇڭا ئەركىن نۇر ئېيتقاندەك «بىزنىڭ ھەرقانداق ساۋاتسىز دېھقان- لىرىمىزمۇ مېۋىلىك باغ ـ ۋاران قىلسا ياكى كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلسا ئۆزلىرىنىڭ ئۇ دۇنيادا جەننەتكە كىرەلەيدىغانلىقىغا شەك ـ شۈبھىسىز ئىشە- نىدۇ». ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبا- رەت بىزنىڭ ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ ئەنئەنىۋى ۋە مەڭ- گۈلۈك تېمىمىزنى ئەخمەت ئىمىن ئەدەبىياتىمىزغا يېڭىۋاشتىن قايتۇرۇپ كەلدى. تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش ئاساسىي مىزان قى- لىنغان ئەخلاقىمىز بۈگۈنىمۇ ئۆزگەرگىنى يوق. بالدۇر شەھەرلەشكەن بولسىمۇ سانائەتلىشىشنىڭ تەمىنى ئەمدى تې- تىۋاتقان ئۇيغۇرلار سانائەت ئېھتىياجى

ۋە مەئىشەت ئۈچۈن دۇنيانى ۋاشاڭ قىلىۋاتقان كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە بۇزۇلغان مۇھىتنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. ماددىي تەرەققىيات مەنىۋى تەرەققىياتنىڭ گەجگىسىگە مىنىۋالغان مۇھىتتا ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا ئەڭ بۇرۇن مۇۋازىنەت قۇرالىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەبىئەت قارىشى جاھانغا دورا بولۇپ قالدى. ئەخمەت ئىمىن ئەنە شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت قارىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئىپتىدائىي ئەخلاقى ھەقىقەتلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە تەخىرسىز زۆرۈرىيەتكە ئايلانغانلىقىنى دەل جايىدا ھېس قىلغان. دېمەك، مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى يەنىلا ئىنسان ئېكولوگىيىسىدىكى بۇزۇلۇشنى ئوڭشاشتا. «سادا» ھەققىدە ئەينى ۋاقىتتا كەڭ كۆلەملىك مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغاچقا بىز بۇ ماقالىدە يەنە ئارتۇقچە توختىلىپ ئولتۇرمايمىز.

ئەخمەت ئىمىن «تۇپراق ساداسى» دېگەن نەسرىدە دىققەت مەركىزىنى ئەنە شۇ ئاچقۇچلۇق مەسىلىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاغدۇرالىغان.

«تۇپراق ساداسى» ئەخمەت ئىمىن ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ يۇقىرى پەللە. شۇنداقلا 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى شاھانە ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بىزدە بۇنداق شاھانە ئەسەرلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. بار ـ يوقى ھەجمى بەش يېرىم بەتلا كېلىدىغان بۇ نەسىر ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت قارىشى، تەبىئەت قارىشى ۋە ئىنسانىي قىممەت قاراشلىرى بىلەن قاڭدالغان مۇكەممەل بىر ھېكمەتلىك دۇنيانى بىمالال يۈدۈپ ماڭالىغان. سۇ، تۇپراق ۋە ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت ئانا زات ئوتتۇرىسىدا، شۇنداقلا شۇ خۇسۇستا تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىنسان، روھ (ياكى تەڭرى) دىن ئىبارەت بارلىقنىڭ تۆت ئاساسىي فورماتسىيىسى ئوتتۇرىسىدا يۈكسەك دەرىجىدە تەڭداش مۇناسىۋەت قۇرۇپ، ئالەمشۇمۇل تۈزۈلۈشنىڭ گارمونىيىلىك ھېكمەتدارلىقىنى ئۆز ئەنئەنىۋى تەپەككۇرى ئارقىلىق مۇكەممەل يوسۇندا تاماملىيالىغان مىللەتلەر بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەپەككۇرى ئەلمىساقتىن بۇيان ئەنە شۇنداق بىر خىل لىللا مەۋقەنى ئىزچىل ساقلاپ كەلدى ۋە روھقىمۇ، تەنگىمۇ، ئەقلىغىمۇ، ھېسسىياتقىمۇ تەڭ ئېتىبار بېرىدىغان ساغلام مەدەنىيەت بەرپا قىلالىدى. ئۇيغۇر پەلسەپىسى ئەنە شۇنداق مۇكەممەل گارمونىيىلىك تۈزۈلۈشكە ئىگە بولغان، قارىمۇ قارشى، زىددىيەتلىك قۇتۇپلار ئارا مۇۋاپىق نۇقتىدا ھەمجەھەتلىك پەيدا قىلالىغان، ھەقىقەتنى ئۆز چىرايىغا مۇناسىپ سادىقلىق بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلىگەن، يۈكسەك ئادالەت تۇيغۇسى بىلەن تويۇندۇرۇلغان يىرىك تۆت پۇتلۇق پەلسەپە. ئۇيغۇر خاراكتېرى تىپىك تەبىئەتتىن ئەنداز ئالغان خاراكتېر، بۇ ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدە ئىزچىل تۈردە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ كەلدى. شۇڭا ئۇلار ئىنتايىن تەبىئىي ۋە ئەركىن پىكىر قىلىشقا ئادەتلەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئۆلچەملىرىدىمۇ شۇنداق تەبىئەتكە مايىللىقنىڭ ئىزنالىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شۇڭا «قۇتادغۇبىلىك»تەك پەلسەپىۋى مۇكەممەللىك ياراتقان ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەرنىڭ بىز ئۇيغۇرلاردىن چىقىپ قېلىشى ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. «تۇپراق ساداسى» ماھىيەتتە تۇپراقنىڭ تىلى ئارقىلىق ياڭرىتىلغان ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەپەككۇرىنىڭ تارىخ داۋانلىرىدىن ھالقىپ ئۆتكەن يېڭى ئاۋازى.

شۇڭا، بۇ نەسىردىن گۈپۈلدەپ ئۇيغۇر پۇراپلا تۇرىدۇ. جۈملىلەردىن ئۇيغۇر روھى چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ ئەسەرنى ساغلام ۋە زامانىۋى مىللىي ئەدەبىياتنىڭ نەسىرچىلىكىمىزدىكى تىپىك ئۆلگىسى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن.

ئەخمەت ئىمىن بۇ نەسرىدە «سادا» ناملىق نەسىردىن نەچچە قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنسان ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئىبارەت نازۇك بىر دۇنياۋى مەسىلىگە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەپەككۇرى بىلەن قوراللانغان ھالدا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى «قىممىتى ئىككى ئالەمنىڭ قىممىتىدىن ئارتۇق بولغان نۇرى ھېكمەتكە خېرىدار بولۇشنى ئاللادىن تىلەش بىلەن روياپقا چىققان» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بۇ بىزگە ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىكى «بىز كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دېگەن قىسقىغىنا بىر جۈملە ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ساماۋى ۋە زېمىنى ئىككى ئالەمگە باراۋەر ئىكەنلىكىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرەلىگەن. «ئات ئۈستى مەدەنىيىتى» دەۋرىدىن تارتىپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ۋە يېقىنقى يىللاردا ساختا مەدەنىيەتكە مەستانە بولۇپ كېتىۋاتقان دۇنيانىڭ چاڭ ـ توزانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان ئىنسانىي قىممەت قارىشىمىزنىڭ يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاپتور نەسرىدە تۇپراقنى ئالەمدىن ئىبارەت بۇ تەڭرى دۆلىتىنىڭ پايتەختى ۋە روھ

قىدىن ئېرەك بېرىدۇ. ئاپتور نەسرىدە تۇپراقنى ئالەمدىن ئىبارەت بۇ تەگرى دۆلىتىنىڭ پايتەختى ۋە روھ قۇشىنىڭ قونىدىغى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، تۇپراقنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۇيغۇر تەپەككۇر تارىخىنىڭ لىرىك كۈيىنى مەرغۇللىتىدۇ. ئۇ دەسلەپىدە پۈتكۈل بارلىقنىڭ ماھىيىتى شەپقەت ـ مۇرۇۋەت ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. ئارقىدىنلا ئىنسانىي بارلىقنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، تەگرى ئىنساننى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇنلۇقىنى ئاشكارا قىلىش ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. «شۇڭا ئۇ ساڭا ئۆز روھىنى دىمىدە قىلدى، بۇ مۇكەممەل روھ ئىدى. بۇ روھ ئۆز ئەركىنى ھەم لەگلەك كەبى پەرۋاز قىلدۇرالايدىغان، ھەم ئەقىدە يىپى بىلەن تۇتۇپ تۇرالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە» دەپ خىتاب قىلىدۇ. مەزكۇر خىتابتا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەپەككۇرىنىڭ تەگشەك مەركىزى چاقماق چېقىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاپتور نەسرىدە باشتىن ئاخىر تۇپراق بىلەن ئىنساننى بىر گەۋدە سۈپىتىدە تەھلىل قىلىپ، كىتابخانلار قەلبىدە ئەنە شۇ بىرلىككە نىسبەتەن ئېستېتىك دىلكەشلىك پەيدا قىلىشقا تىرىشقان.



بىر زاماندا جاھانكەزدى شائىرىمىز مەشرەپ ئۆزىنى چەكسىز ۋە رەڭدار ئىنسانىي سۈپەتلەرگە چېقىۋېتىلگەن سوبىستانىيلىك ئىلاھىي بىرلىك سۈپىتىدە مېتافىزىك چوڭقۇرلۇقتىن بايقاپ، جەننەت ۋە دوزاخنى ئىسلام ئوتوپىيىلىرى بىلەن قۇلۇپلانغان ئاخىرەتتىن يۇلۇپ كېلىپ، رېئاللىقنى ئۆزىگە جايلاشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلغان ھالدا مۇكچەيگەن ھەقىقەتنى ھاسىدەك تۈزلەپ قويۇپ دارغا ئېسىلغانىدى. تەلىيىمىزگە يارىشا ھازىرمۇ ئەنە شۇنداق مېتافىزىك چوڭقۇرلۇققا شۇڭغۇپ كىرەلىگەن ئەدىبلىرىمىز ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قېلىۋاتىدۇ. ئەخمەت ئىمىن «تۇپراق ساداسى» ناملىق نەسىر ئارقىلىق «رەھىم قىل، ئىنسان، ماڭا رەھىم قىل! بۇنىڭدا ئاتاڭغا رەھمەت قىلغانىنىڭ ساۋابى بار، رەھىم قىل، ئىنسان، ئۆزۈڭگە رەھىم قىل! بۇنىڭدا ھەممىگە رەھمەت قىلغانىنىڭ ساۋابى بار. ماڭا رەھمەت قىلغىنىڭ ئۆزۈڭگە رەھمەت قىلغىنىڭ!» دەپ چۇقان سالىدۇ. «ھېكمەت نۇرى ئەسلىدە ماڭا ئامانەت قويۇلغان، كېيىن ئۇنىڭ بىر زەررىسى پېشانەڭدىن ئورۇن ئالدى. شۇندىلا بىز بىر جان، بىر تەن بولدۇق ئىنسان» دەيدۇ. ئۇ يەنە يۇقىرىقى چۇقانلىرىنى تېخىمۇ ھېكمەتدارلىققا ئىگە قىلىپ «مېنى كۆيدۈرگىنىڭ ئۆزۈڭنى كۆيدۈرگىنىڭ، ئۆزۈڭنى كۆيدۈرگىنىڭ ھەممىنى كۆيدۈرگىنىڭ!» دەيدۇ. ئۇ يەنە ئىنساننى سوبىستانىيلىك بىرلىك سۈپىتىدە مۇقىملاشتۇرۇپ، كېيىنكى قۇرلاردا مۇرەككەپ ئىنسانىي ماھىيەتلەرنىڭ ھەمجەھەتلىك مارشىنى ياڭرىتىدۇ. «ئىنساننىڭ تۇپراققا قايتىشىنى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە قايتقانلىقى» دەپ قالتىس توغرا دىئاگنوز قويالىغان ئاپتور ئاخىرىغا ئۇلاپلا ئىنسان تەبىئىتى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «مۇھەببەت ئەھلى ئىنسانغا بېرىلگەن تەبىئىي ھوقۇق» دەپ جاكارلايدۇ ئاپتور ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەپەككۇرىدىن ئىلھام ئالغان ئالەم قارىشىنى بەدىئىي يوسۇندا بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىنسان بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە دىققىتىنى ئاغدۇرىدۇ. «ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان ھوقۇقى جامائەلىشىش ۋۇجۇدقا چىققاندىن كېيىنكى زۆرۈرىيەت تۈپەيلى ئىنسان ئۆزى پەيدا قىلغان ھوقۇق» دەپ جەمئىيەتنىڭ ئىنسانغا نىسبەتەن ئىككىلەمچى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئارقىدىنلا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەپەككۇر تومۇرىدا قان بولۇپ ئېقىپ كەلگەن يۈكسەك ئادالەت تۇيغۇسى بىلەن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن ھالدا كەسكىن خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھوقۇق ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتالىسا ئۇ ئېتىراپ قىلىنىدۇ، مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىنسانغا بالايىئاپەت پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ چوقۇم ئىنكار قىلىنىشى، رەت قىلىنىشى كېرەك. ياشاش ھوقۇقى ئىنسانغا يارالمىشتىن تارتىپ بېرىلگەن تەبىئىي ھوقۇق. بىر ئىنساننى بۇ ھوقۇقتىن يەنە بىر ئىنسان مەھرۇم قالدۇرىمەن دەيدىكەن، ئۇ چوقۇم تەبىئىيلىكنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ». ئارقىدىنلا ئىنـ

سانلارنى پۈتكۈل ئىنسانىنىڭ تەڭ باراۋەر ياشاش هوقۇقىنى گەۋدىلەندۈرگەن ساغلام جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ئۈندەيدۇ. ئۇ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن هالدا جەمئىيەت بىلەن يەككە شەخسنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇهاكىمە مەركىزىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ، تارىختا ئاز بىر قىسىم مۇستەبىتلەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە تەتۈر چۆرگىلەپ قالغان قارغىش تەگكۈر جەمئىيەتلەرنىڭ ئىنسانىي خاسلىقنى بىمەهەل قەتلى قىلىپ تاشلىغانلىقى ئۈستىدىن ئاچچىق شىكايەت قىلىدۇ. تەڭرى مىليون ئىنساننى مىليون خىل چىراي شەكلىگە ۋە مىليون خىل مىجەز خاراكتېرگە ئىگە قىلىپ ياراتقان بۇ دۇنياۋى رەڭدارلىقنىڭ گۈلگۈن باغلىرىنىڭ جەمئىيەت ۋە مۇئەسسەسەلەرنى ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئىنسانىي خاسلىق ئۈستىگە دەسسىتىدىغان سەپسەتىلەر ئاساسىدا قۇراشتۇرۇلغان يەر يۇتقۇر جەمئىيەتلەرنىڭ قارا بورانلىرىدا خانىۋەيران بولغىنىغا قاتتىق ئېچىنىدۇ. «جەمئىيەت ئىنسان هوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا، ئىنسان جەمئىيەت هوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئىنسان ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بويىنى باغلاقلىق ئىتى ئەمەس. ئىنسانلار ئۆزىدىكى چەكسىز تەبىئىي خۇسۇسىيەتنى نامايان قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. تەبىئەت رەڭدار، جەمئىيەتمۇ شۇنداق. ئۇ رەڭدارلىقى بىلەنلا ئۆز هاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئىنسان جەمئىيەتنىڭ بىر قېلىپتا قۇيۇپ چىقىرىدىغان كېسەكى ئەمەس. ئۇ تەپەككۇر ئەركىنلىكىگە ئىگە. تەپەككۇر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا روه بىلەن تەڭ كىرگەن، ئىلاهىي قۇدرەتمۇ يوقىتالمىغان تەپەككۇر ئەركىنلىكىنى يوقاتماقچى بولغانلار تەبىئىيلىكنىڭ لەنەت قارغىشىغا ئۇچرىماي قالارمۇ؟ تەپەككۇرنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بەرمەسلىك، ئاللىقانداق نوپۇزلۇق ماركا چاپلانغان تەپەككۇرلارغا ئۆزلۈك تەپەككۇرىنىڭ بويىنىنى باغلىتىپ قويۇش ئىنساننىڭ خاسلىقىنى يوقىتىدۇ. خاسلىق هەر بىر ئىنساننىڭ ئىچكى مۇۋازىنىتىنى شەكىللەندۈرگەن. هەر بىر ئىنساننىڭ خاس ئىچكى مۇۋازىنىتى يىغىلىپ ئومۇمىي ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇۋازىنەت تەڭكەشلىكىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن». مانا بۇ بايانلاردا ئاپتورنىڭ ئىنسان ئېكولوگىيىسى هەققىدىكى پەلسەپىۋى مۇهاكىمىلىرى پىشىپ ۋايىغا يەتكەن. بىز بۇ يەردە ئىنسانىي خاسلىقلارنىڭ تەڭكەشلىكىدە ياڭرىغان ئالەمشۇمۇل رەڭدارلىق گارمونىيىسىگە يۈكسەك بەدىئىي دىت بىلەن دىرىژورلۇق قىلىۋاتقان ئاپتورغا ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز. بۇ يەردە ئاپتور قايناق هېسسىياتىنىڭ كۈچى بىلەن ئالەمشۇمۇل رەڭدارلىققا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىسمۇ، ئارقىدىنلا ئۆزى مۇهاكىمە قىلىۋاتقان تېمىغا خاس هالدا ئەقىل بىلەن هېسسىيات ئوتتۇرىسىدىكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقتا دەلدۈگۈنۈپ كەتمەي تىك تۇرغان هالدا ئىنسانلارنى ئۆز خاسلىقىنى، ئۆزلۈك ئېڭىنى ئېپىۋالغان رەۋىشتە ئىنسانىي رەڭدارلىقنىڭ ئالەمشۇمۇل گۈلگۈنلىكىگە قوشۇلۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. توغرا، هەر كىم ئۆز تەڭشىكىنى كۆتۈرۈپ، ئالەمشۇمۇل رىتىمغا ياندىشىشى لازىم. مانا بۇ ئىنسان ئېكولوگىيىسى ئۇقۇمىنىڭ هەقىقىي مەنىسى ۋە ۋايىغا يەتكەن شەرهى. هەر كىم ئۆز ناخشىسىنى جايلاپ توۋلىيالمىسا ئىنسانىي رەڭدارلىق گارمونىيىسى چالا تۇغۇلۇپ قالىدۇ، هەتتا تۇغۇلماي قېلىشى مۇمكىن. ئۆزلۈك بىلەن ئىجتىمائىيلىق هەرگىزمۇ بىرى ئوت، بىرى سۇ ئەمەس. بۇ ئىككىسى ئالدى بىلەن ئادەم ئاتا ۋە ئۇنىڭ قوۋۇرغىسىدىن تۆرەلگەن هاۋا ئانىغا ئوخشاش ئاجرالماس بىر پۈتۈن گەۋدە. ئۇلارنى بىر بىرىگە قارشى قىلىپ قويۇش پەقەت سەپسەتىنىلا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، خالاس. ئىجتىمائىيلىق سانسىز ئۆزلۈكلەرنىڭ تەڭداش بۆلەكلىك بىرىكمىسىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەككى، هەرگىزمۇ ئۆزلۈكلەرنى قەتلى قىلىدىغان مويتۇگزىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەپەككۇرىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن تراگېدىك مەركەز، تەڭشەك پەلسەپىسى ياكى زاغرا تىل بىلەن ئېيتقاندا «ياماندىن قورقمايدىغان، ياۋاشنى بوزەك قىلمايدىغان» بىر خىل ئادالەت تۇيغۇسى دەل ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. «هاياتلىقنىڭ هەمجەهەتلىكىنى ساقلاپ قالغان نوه كېمىسى توپان بالاسىدىن سالامەت چىققاندەك» بۇنداق تۇيغۇغا ئىگە بولغان هەرقانداق مىللەت غالىپ بارماقلىرى بىلەن قىيامەتنىڭ دەرۋازىسىنى قاقالايدۇ ياكى «تۆگە يىڭنىنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتكۈچە» ئۇلارغا قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئاخىرىدا ئەخمەت ئىمىن ئاكىنى ئۇيغۇر تەپەككۇر تارىخىدىكى ناگان ـناگاندا بىر ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان يوشۇرۇن ئېقىم سۈپىتىدە مەدەنىيىتىمىزنى جانلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان قان بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن ئەنە شۇ تراگېدىك مەركەزنىڭ دەل ئۈستىگە چۈشەلىگەن تەلەيلىك ئەدىبلىرىمىزدىن بولۇپ قالغانلىقى بىلەن قىزغىن تەبرىكلەيمەن!



# گۈلگۈن قىردىكى ئوتلۇق تىنىقلار

## سائادەت جامال

## مۇختار مەخسۇت تەرجىمىسى

سائادەت جامال 1965 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاقسۇدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ قارىغا ئېتىش تەنھەرىكەتچىسى، ئۇسسۇل ئارتىسى بولغان. 1986 ـ يىلى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتىنىڭ باس ئىسكىرىپكا كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، باكلاۋىرلىق ئۇنۋانىنى ئالغان. ئۇ جۇڭگو باس ئىسكىرىپكا جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئانسامبىلىدا باس ئىسكىرىپكا ئارتىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

سائادەت شېئىرلىرىنى خەنزۇ تىلىدا يازىدۇ. ھازىرغىچە ئۇ تۈرلۈك گېزىت ـ ژۇرناللاردا 150 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ئېلان قىلىنغان. شېئىرلىرى بىرقانچە كوللېكتىپ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئۈچ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. جۇڭگو خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى 14 خىل تىل بىلەن چەت ئەلگە تونۇشتۇردى.

### چۆش شايىسى

ياتىمەن ئەتىرگۈل بەرگىدە تاتلىق،
خۇشاللىق پەردىسى كېزەر تۈن ئارا.
ناتونۇش شۇ جايدا يوچۇن بىر قىسمەت،
مۇھەببەت ئىلاھى پىچىرلار ماڭا.

ئەبەدىي ئۇنتۇلماس لىرىك كۈي كەبى،
جىسمىمنى لەرزىگە سالدى سادالار.
تىترەيمەن چۆش كەبى سەرخۇش ئاھاڭدىن،
مۇقەددەس قورقۇنچ خىيالىم ئۇۋۇلار.

سەن ۋە مەن گوياكى تولغان تولۇن ئاي،
كۈنۈ تۈن تۆكۈلەر سۈپسۈزۈك زىيا.
ئىشقىمىز سىردىشار بارماقلار ئارا،
ئېلىپ كەت ئاھ، مېنى چۆشلەر دۇنياسى.
قەلبىمدىن سوزۇلغان مەشۇت رىشتىلەر،
ئورايدۇ چۆشۈمنى شايى يوپۇقتا.

ئۇنتۇلغان شۇ چىغىر يوللارنى بويلاپ،
كەلدىم مەن يايلاقتا باللىق ئىزلەپ.

ئاھ، يايلاق شۇقەدەر گۈزەل، سېھىرلىك،
ئاۋۇللار ئاپتاپتا چاقنار يەلكەندەك.
دولقۇنلار يايلاقنىڭ يۇمران كۆكرىكى،
يامرايدۇ پادىلار ئاپئاق بۇلۇتتەك.

ناخشىغا ھېرىسمەن قىرغىز قىزلىرى
سۈت كەبى سەھەرنى ئۇيغىتار جىرلاپ.
داپخانىدەك ئەسەبىي يازنىڭ تەپتىنى،
توزۇتار مامۇقتەك قوزىلار چاپىناپ.
نەي چېلىپ كىمدۇر ئۇ مېنى چىللىغان،
نۇر ئىچرە تەۋرىنەر شۇ غېرىب چوپان.

### سونىت

چۈشۈمدە كۆردۈم سېنى قىش كېچىسى،
توڭلىغان زېمىندە كۆيىدۇ قۇياش.
تۇماندەك سوزۇلغان قارا سايەڭگە،
سۆزلىشىم، مېڭىشىم نەقەدەر ئوخشاش.
نازۇك تار ئۈستىدە يەنە شۇ سايەڭ،

### يىلتىزنى ئىزدەش

خوشلاشتىم ھەسرەتلىك ئەسلىرىم بىلەن،
بىناۋا كۆڭلۈمگە چۆككەندە تاشلار.

مۇزىكا زالىنى جىمجىت كېزىدۇ.
يىلپىزدەك پەيلىڭگە ئامراقمەن، بىراق
سەن كەتتىڭ، سۈكۈتۈڭ قەلبىم ئېزىدۇ.

سىلايتتىم قىلىچتەك قاڭشالىرىڭنى،
ياشلىقىم دەرياسىغا رەڭ بەردى شەپەق.
ياشلىرىڭ كۆيدۈردى ئالقانلىرىمنى،
ھەسرەتلىك كۆلەڭگەڭ ئوتقاشتۇر بەرھەق.
ئاھ، سايەڭ كېلىدۇ نۇرغا ئەگىشىپ،
مۇزىكا قەسرىمگە شولىلار چېچىپ.

## قىشتىكى دالا

كۆمۈش ئىز ئالدىمدا ياتار سوزۇلۇپ
شۇ قەدەر تىپتىنچ پايانسىز دالا
قاقاقلاپ كۈلىمەن، بۇ مېنىڭ ئەركىم.
ئاڭلايمەن پەقەت ئۆز ئاۋازىمنىلا
تومۇزغا كۆيىدەك قايتىدۇ سادا
كۆلەڭگەم كېزىدۇ چىمەنلەر ئارا
قىزىل گۈل جىلۋىسى مۇزغا ئايلانغان
ئۇ چاقناپ سۇسقىنە تۆكىدۇ زىيا.

# غەزەللەر

**مۇتەللىپ ماگسۇر (ئۇۋچى)**

جۇنۇن زىلتارىدۇر سۆيگۈ، جۇنۇن چەكتى ساتارىمنى،
ناۋالار تىلسىمى توزغۇپ خازان قىلدى باھارىمنى.

ۋۇجۇدۇم ئىچرە سەيياھلار پۈتەر روھىمغا بىر يازمىش،
غېرىبلىق بەھرىگە قاندەك گويا پىنھان تامارىمنى.

بۇ قاننىڭ شولىسى سەترەم ئارا چاقنايدۇ گۈگۈمدەك،
گۈگۈمدۇر قىز، كېتەر دەسسەپ ئاڭا پۈتكەن تۇمارىمنى.

تۇمارلار سەتھىدە بىر كۆي، چۆكەر بۇ كۆيگە قىشلاقلار،
يىغىپ سايەمنى قىشلاقتىن چاچارمەن تۈنگە زارىمنى.

كېچە ئەينەكلىرى كۆپچۈپ، شەكىللەر قۇببىدىن چۈشتى،
پەسىللەر ئۆركىشى يوقلاپ ئۆتۈپ خىلۋەتتە غارىمنى.

جاراھەت گۈللىرى يۈلتۈز، ساتارىنىڭ شاخىغا قونغان،
زامان تۇترۇق قىلىپ كەلدى بېسىپ بولماس خۇمارىمنى!

نىگاھىڭ غەمزىسىدىن بۇ سۇنۇق كۆڭلۈمدە ئوت پەيدا،
تەبەسسۇم شاخىغا قونساڭ بولۇر باغىمدا قۇت پەيدا.

* * *

ساچىڭ زەنجىرلىرىدە بەنت قىلىنغان بىر غېرىب قۇشمەن،
جۇدالىق لەھزىدە ئاخشام بولۇر خانەمدە دۇت پەيدا.

قاچان دەملەر لىۋىدە سەن گۈزەل سايەڭنى چالغىتتىڭ،
چېچىلدىم خۇددى توزغاقتەك بولۇپ روھىمدا جۇت پەيدا.

پىراقىڭ ئايدىڭى توزغۇپ، سەھەر باشىمغا قار ياغمىش،
بۇ سەۋدا ئۆچمىسە دىلدىن بولۇر ھىجراندا بۇت پەيدا.

شېئىر ئەييامى مەيلەرنى تىلاۋەت تەختىگە تۆكتى،
ھىدايەت چۆلىدە ئاخىر بولۇپ ئازغۇن ۋۇجۇد پەيدا.

* * *

زامان بەرقىدە تۈزلاندى، بۇ تۈزلار جىلۋىسى سەندە،
دىلىمدىن ھۆركىدى ۋەھدەت، بۇ ۋەھدەت قىبلىسى سەندە.

نىگاھىم يالقۇنى ئۆتكەن خۇنۇك تاڭلار ئارا قەبرەم،
شاراب كەيپىدە مۆگىلانغان مۆگۈمنىڭ شولىسى سەندە.

پەسىل پەرۋازىدىن ساقىپ قاتار تۈيغۇمدا شۇ ئاۋاز،
جاراھەت ئەۋجىدە كۆيگەن كۆيۈمنىڭ نەرگىسى سەندە.

كېسەل گۈللەر ئۇچار لەيلەپ دىلىستان شەھرىدە مەغرۇر،
توزارمەن خۇددى توزغاقتەك... بۇ توزغاق بەرگىسى سەندە.

چۈشۈم سەكراتىدا يوللار، ھەۋانىڭ كۆزىدىن چۈشكەن،
ھامان شۇ يولدا سەرسانمەن، بۇ روھىم ئەركىسى سەندە.

زامان بىر ئوت، بۇ ئوت ئۆززە ئۆزۈمنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن،
كۆلۈم ئوكيانىنىڭ مەڭگۇ يوقالماس ئەۋجىسى سەندە!

* * *

كۆيۈك سەھرادىمەن... باشىم ئارا بالقىيدۇ مىڭ سەۋدا،
ۋۇجۇدۇم چېگرىسىدىن ھەم يىراق ھالقىيدۇ مىڭ سەۋدا.

قاناتسىز ئارمىنىم تاڭلار چۆلىدە كەزگۈچى سەيياھ،
بۇ سەيياھ روھىدىن قاندەك گويا ساقىيدۇ مىڭ سەۋدا.

ئۆلۈمكار مەنىلەر ئەينەك، تىرىكلىك تىلسىمى ئەكسى،
بۇ ئەينەك سەتھىدە ھەر تۈن يەنە چالغىيدۇ مىڭ سەۋدا.

زامان قونغان تېنىم شاخى سەھەرلەر سىلكىنەر ئۇندا،
سەھەرلەر ئەۋجىدىن كۆككە هامان قاڭقىيدۇ مىڭ سەۋدا.
غېرىبلىق لەززىتى بىر گۈل، بۇ گۈلنىڭ سايىسى هەۋا،
بۇ گۈللەر بەرگىدىن ئۇنسىزگىنە ئاڭقىيدۇ مىڭ سەۋدا...

# ئۆلۈم قۇشىنىڭ تىنىقلىرى

**غەيرەت غوپۇر**

## هېچكىم بىلمەس ئادەم دېگەننى

هېچكىم بىلمەس «ئادەم» دېگەننى،
تەبىئەتتە قايسىدۇر «ئادەم»؟
«ئادەم» دەمدۇق ئادەم يېگەننى،
تىلىڭ بولسا جاۋاب بەر ئالەم.

هېچكىم بىلمەس «ئادەم» دېگەننى،
بىلسە پەقەت بىلىدۇ تەڭرى.
سۇرۇشتۇرەي «ئادەم» كۆرگەننى،
دۇنيا ئاسمان، ئاسماندەك كەڭرى.

هېچكىم بىلمەس «ئادەم» دېگەننى،
بۇ ئادەم دەپ كۆرسەتكىن قېنى؟
كۆرسەڭ ئەگەر پەيغەمبەرلەرنى،
سوراپ باققىن ئادەملىكنى.

هېچكىم بىلمەس «ئادەم» دېگەننى،
ئۆزۈمنىمۇ «ئادەم» دېمەيمەن.
بۇزۇۋېتەي يىرتىپ تېرەمنى،
بولۇۋالاي قىپقىزىل بەدەن!

هېچكىم بىلمەس «ئادەم» دېگەننى،
ئادەملەرنى پەقەت بىلمەيمەن.
كۆلدۈرمەن خاقان ئىگەمنى،
ئويۇن قويۇپ شەيتانلاردەك مەن.
هېچكىم بىلمەس «ئادەم» دېگەننى،
«ئادەم» ئەمەس ئادەملەر هامان.
«ئادەم» دەيدۇ ئادەم ئادەمنى،
بۇڭا قانداق قارايدۇ هايۋان؟

هېچكىم بىلمەس «ئادەم» دېگەننى،
ئادەم دېگەن سۆزلىگەن هايۋان.
ئادەم ئوۋلاپ يەيدۇ جەرەننى،
بۇ هايۋاندەك تەرىپى هامان.

هېچكىم بىلمەس «ئادەم» دېگەننى،
«ئادەم» دېگەن خىيال ياكى دىت.
هېچكىم بىلمەس «ئادەم» دېگەننى،
«ئادەم» بەلكىم نامەلۇم بىر ئىت...

## سەرگەردان راجىغا

تام تاملارغا سوقۇلۇپ شامال،
قاينام ياسار بۇلۇڭلاردا هەي.
بولدۇم راجى ساڭا ئوخشاش جىم،
بولدۇم سەندەك شۇنچە بىتەلەي.

هىندىستاننىڭ كوچىلىرىدا،
شامال بىلەن بولدۇڭ قەلبداش.
سېنى بىرلا چۈشەندى شۇ ئىت،
كۆزلىرىدىن چاچرىتىپ مۇڭ، ياش.



شۇنداق، بۇ زور پانىي ئالەمدە،
ئىتلار بىلىپ قالىدۇ بىزنى.
چۈشەنمەيمىز ئىتنى بىز بەلكىم،
ئوخشاش دېمەي يۈرىكىمىزنى.

ئىتلار بەزەن ياخشى بىر ئادەم،
ئىچ ئاغرىتار سوغۇق كەچلەردە.
غەزەپكە تەڭ بولدى بۇ ئالەم،
بىز ئويلىساق شۇنى ئەسلىدە.

بولدۇڭ رىتا ئالدىدا خۇشال،
قىزلار بەزەن چۈشىنەر بىزنى.
قىزلار بەزەن يارقىن ياقۇت زال،
چاقنىتىدۇ نەم كۆزىمىزنى.

سېنى سۆيدى ئاشۇ ئىككى جان،
ئۇلار ئىلاھ بولدى بىر قېتىم.
بەزەن، ئاتا بولماس بىزگە خان،
بەزەن مەڭگۈ قالىمىز يېتىم.

بىزمۇ ئۆلۈپ تاپارمىز نىجات،
لېكىن ئەقىل مەڭگۈ سەرگەردان...

**مەن يىغلايمەن مىسكىن مومامغا**

مەن يىغلايمەن مىسكىن مومامغا،
ئورماندىكى خىلۋەت بۇلاقتەك.
ھەم ئوخشايمەن جىمجىت ئورمانغا،
كۆك بەرگىنى ئۈشۈك سوققاندەك.



ئۇ قاناتسىز قۇشلارغا ئوخشاش،
ئۇچالمىدى كۆكتە بىمالال.
تەبرىلەرگە تۆكۈپ پەقەت ياش،
تىلى تۇتۇق بوپ قالدى شامال.

ئايالمىدى كۆلكە ھېچقاچان،
ئۆرتەنسىمۇ يۈرىكى ئوتتا.
ھەم تاشلاپلا كەتمىدى جاھان،
كەلدى ياشاپ ئۇنتۇلغان يۇرتتا.

ئىستەيدۇ ئۇ يېشىل ئۆمرىنى،
تەڭرىگە ئاھ ئۇرۇپ ياش بىلەن.
ھەم ئىستەيتتى سۇنغان قەدرىنى،
قۇرۇپ كەتكەن ئۆلمەس باش بىلەن.

ئۈچ بىر تۇغقىنى كەتتى بىر بىرلەپ،
قەبرە بولۇپ ئۇندى تۇپراقتا.
ئۇنى ماتەم شۇنداق سېھىرلەپ،
سۇندۇرماقتا، قۇرۇپ سۇنماقتا...

مومام بىلمەس غەرب شەرقنى،
دۇنيا نېمە بىلمەس ئاھ، پەقەت.
قۇل قىلمىدى ئاھ، كىملەر كىم كىمنى،
قۇربان بولدى قانچە ھەقىقەت؟...

ئۇ شەھەرنى ئايلانمىدى ھەم،
شۇ ئاخشامقى چۈشىدىن بۆلەك.
ئەسلىرىدە كۆرمەتتى ھەردەم،
چوقۇناتتى يېرىلىپ يۈرەك.

مەن تۇنۇگۈن مومام ئالدىدا،
تۆكۈپ ئالدىم ئەڭ قەدىرلىك ياش.
بۇنى بىلىپ ئالار شۇ خۇدا،
چاقنىۋالدىم بولۇپ بىر قۇياش.

مومام ئاشۇ ئۇنتۇلغان يۇرتتا،
مېنى يۇيۇپ كۆز يېشى بىلەن؟
ئۇزاتتى بىر ساماۋى دۇرتتا،
ئۇنتۇلغۇسىز كۆز يېشى بىلەن.

تەقدىم قىلاي ھەممىنى ئەتە،
موما ھايات تۇرغىن يازغىچە؟...
بىراق بىلىپ قالما دەردىمنى؟
تىرىك باراي ئۆلۈپ بارغىچە...

**قەھرىمان**

يىپى ئۈزۈلسە پارتلايدۇ بەس،
تىنچسىز جەڭدە ئاتقان گرانات.
ئېغىر تاغلارنى دەيسەن تەۋرىمەس،
كۆرستەر تاغلار ئۇرۇشتەك ھايات.

ئۆرۈك گۈلىنى كۆرستەر ئەگەر،
سوقما تاملاردا كۆرۈنسە باھار.
ئوپئوق سۆزلەر گۈزەل شۇ قەدەر،
قارا كېچىلەر تۇغىدۇ ناھار.

بىراق بىر ئادەم قېرىدى بۈگۈن،
ئاشىق كۆڭۈلنى تۇغالماي پەقەت.

ئوت يۇرىكىدە ئىبرىيتتى چۆيۈن،
سىماب سۈيىدەك كۆيەتتى دەھشەت.

ئۇنىمۇ ئىزلەپ كەلگەنتى ئاخشام،
شاھ مەلىكىسىدەك تۆت- بەش پەريزات.
دولقۇن ئەگىگەن بولاتتى قاينام،
قىلاتتى روھىي غەلىيان ۋە پەرياد.

قايسى بىر موماي كۆمۈپ قويغاندەك،
بوسۇغىسىغا كوزا ئالتۇننى.
ئاھ، ئۇ ئادەم مىسكىن قايغۇدەك،
چاچمىدى قىزىل گۈلخان، يالقۇننى.

ئۇنىڭ يۇرىكى ئاجايىپ يۈرەك،
يوشۇرالىدى كۆيۈك ياشلىقنى.
دېدىڭ: بىر سېنى سۆيۈشى كېرەك،
بىھوش قىلدى ئۇ كامان قاشلىقنى...

# يۈشەك يالغىن مەھشەر كۆنۈمگە

**ئۆمەرجان سىدىق ( مىسكىن )**

**جىمجىتلىق**

جىمجىتلىق
پەرۋاز قىلار تاملار ئۈستىدە.
دېرىزىدە لاۋۇلدايدۇ ئوت،
قۇياش بەرگى تۆكۈلەر سىم-سىم،
تۈيغۇ مەركىزىدە ھۆكۈم سۈرەر جۇت.

ئورۇندۇقلار، ئۈستەللەر،
چۈشلەر كەلگۈنىگە بولۇپ كەتكەن يەم.
غېرىپسىنغان كىيىم ئاسقۇچمۇ
خىرە كەلگۈسىگە تۇتىدۇ ماتەم.

جىمجىتلىق مەركىزىدە،
دەھشەتلىك چىرقىرايدۇ بىر مىسكىن يۈرەك.
ئۇ سۆرىلىپ يۈرەر قەغەز ئۈستىدە،
تامچە قانلاردىن ياساپ ھەم پۈرەك.
ئۇنىڭ تىترىشىدىن،
تەۋرەيدۇ قەلەم، تەۋرەيدۇ ھەممە.
بىراق جىمجىتلىق،
ئۈستەل ئۈستىدە ئۈينايدۇ ئۇسسۇل.
مىسكىن يۈرەك،
قۇرلار قىسمىقىدا بولماقتا چۇل-چۇل.

**ئايال**

شەكىلسىز زىندانىنىڭ گۈندىپايىسەن،
رايىش ئەر
سېنىڭ مەھبۇسىڭ.
تۆزۈملەر پۈرەكلىگەن كىچىك دۇنيادا
تەنتەنە قىلار تەنھا نوپۇزۇڭ.

سۇلياۋ كەبى ياسالغان يۈزۈڭ،
ساختا تۈيغۇلارنى قىلىدۇ جەۋلان.
مەنپەئىتىڭنى چىشلەپ چۆمۈلە
بىرتىلسا نىقابىڭ
كۆزۈڭدە تېپچەكلەيدۇ ۋەھشىي ھاياجان.
مۇلايىملىقىڭ
قاغجىراق قەلبلەرنىڭ سىم-سىم يامغۇرى.
لېكىن
ئۇنىڭدىن باشلانغان دەھشەتلىك توپان،
ۋەيران قىلار ھەتتاكى نوھنى.

بېپىپىگى گالستۇك، پاك-پاكىز پايپاق،
سېنىڭ غۇرۇرۇڭ.
رەڭدار لىباس ئاستىدىكى ساختا شۆھرەتلەر،
پۈتمەس ھۇزۇرۇڭ.

زەنجىرلەنگەن پىرومىتى،
ئوت ئوغرىلاش ئۈچۈن ئىنتىلەر سىرتقا.
سەن كۆندەشلىكنىڭ باياۋانىدا،
ئايلىنىسەن شۇ مىنۇتلاردا،
كۆسۈكقا كىرگەن غالجىر بىر ئىتقا.



### مىسكىنلىك جەۋلانى

چاچماقچى بولۇپ مىسكىنلىكىمنى،
قانسىز جىسمىمغا ئۇردۇم شەمشەرنى.
ھەر بۆلىكىمدە بىر مىسكىن يۈرەك،
ياساپ چىقتى چەكسىز مەھشەرنى.

ئۇندا كۆيەر روھىم لاۋۇلداپ،
ئۇچۇپ چىقار يالقۇندىن ئەنقا.
خاسىيەتلىك قانتى بىلەن
مەجرۇھ يۈرەكلەرنى
سىپاپ ئۆتەر تىۋشىسىز، بوشلا.

ئاھ، ئازاب سۆيىدە ياشىرىدۇ جان،
مىسكىنلىكتىن جۇشقۇنلايدۇ قان.
مەن ئەنقانىڭ ئۇنتۇلغان پېيى،
ياساپ چىقىمەن ئۆزۈمنى قايتا.
شەمشەر، ئوت، تامچىلىغان قان،
ئوربېتامدا ئايلىنار ئاستا.

مىسكىنلىكىم جەۋلان قىلار ئەبەدىي،
ئادەملىكىم تېپچەكلەيدۇ ئەسەبىي.

### تۈننى سېغىنىش

خىياللارنىڭ ئىسكەنجىسى، جىم
مېنى بىردىن قىلغاندا پايخان.
قىزىلگۈلگە ئايلىنىپ تېنىم،
قىز كۆكسىدە ياسايدۇ گۈلخان.

بەرگىلەرنىڭ چاقنىشى يارقىن،
ياپراق ئۆزرە قاننىڭ سايىسى.
مۇزدەك چۈشلەر ئالالمايدۇ تىن،
گۇمران بولار تۈننىڭ غايىسى.

تېپچەكلىمەس بۇندا يۈرىكىم،
يا رېتىمدىن چىقمايدۇ تىنىق.
شۇنچە روشەن، نەپرەتلىك ئىسىم،
چۈشەكەيدۇ ۋىجدانىنى ئېنىق.

قۇياشلىق كۈن، قانلىق يوپۇرماق،
بېغىشلىماس ھاياجان ھەرگىز.
تېنىم بىھوش، ھېسلىرىم چاڭقاق،
ناھات، قېنى مەن سۆيمىگەن قىز؟!

### روھ قۇشى



خوش دېمەيمەن ساڭا ئەي باھار،
كەتسەڭ يەنە كېلەرسەن چوقۇم.
پەيلىرىڭدىن توزىغان ئاق قار،
بولار مېنىڭ ئاداققى ئوقۇم.

ئاتتىم ئوقنى، يىقىلدىم ئۆزۈم،
بۇلدۇقلىدى كۆكرىكىمدىن ياش.
ئىمانىڭغا ئايلاندى سۆزۈم،
مەسخىرەڭدىن قارايدى قۇياش.

سوۋۇغان تەن ئۇچۇردى قۇشنى،
ئۇ سايرايدۇ كۆكسۈمگە قونۇپ.
چالغىتمىغىن ئىمكانسىز چۈشنى،
ئاھ، سىلاپ قوي بېشىنى تونۇپ.

خوش دېمەيمەن ساڭا ۋە لېكىن،
خوش دېيىشكە مەجبۇر ئۆزۈمگە.
قەپىسىڭگە مىخلاندى روھىم،
سەنمۇ قۇچاق ئاچقىن ئۆلۈمگە،
پۇشتەك چالغىن مەھشەر كۈنۈمگە.

# ئالقاندىكى يول

ۋارىسجان قاسىم

(1)

قىنىمدا ھۆۋلىغان تۇنىنىڭ خىتابى مەي خۇمار ئەتتى،
سىرىق ئالۋۇندا چايقالغان پىراق قانىنى تۇمار ئەتتى.

يېپىلغان شوللار چاچراپ تىكلىنەر ئۇچقۇن ئارا ھەيۋەت،
قىيامەت ياشىدىن مارجان ياساپ جان ئىنتىزار ئەتتى.
سۆكۈتنى بۇندا مىڭ ئەجدەر ئېچىرقاپ خام تالاش قىلسا،
پەلەك تاشقىنلىرىدىن گۇمراھ كۆزىدە شەرمىسار ئەتتى.

تىنىق سۇبھى گۈلابى ناز ئوتىدا قاينىسا ناخۇش،
گۈگۈمنىڭ مەيلىنى ئۇۋلاش ئۈچۈن بىدارى تار ئەتتى.

ئەجەبلەنمەڭ بۇگۈن مەيخانىنىڭ باشىدا مىڭ ئاتەش،
چېچەكتىن ئۆرلىگەن مۇڭنى شۇئان ئۈستىگە قار ئەتتى.

سۇنۇق كوزا جاراڭلاپ يالتىراق تىترەكنى چالغىتسا،
كىشەندىن بالقىغان ئۇچقۇن خىرىداردىن دىدار ئەتتى.

ئەقلىنىڭ تەشۋىشى گۈلدۈرلىسە ئوكيان گويا تامچە،
قىرانلار شەۋكىتىگە بىل سېنى كىم تاجدار ئەتتى؟!

كۆرۈك جەننەت مۇقامى پەردىلەردىن نائۇمىد بولمىش،
يوقالغان زەر سىماب ئاپتاپلىرىڭنى ساڭا دار ئەتتى.



(2)

چايقىلار يۇلتۇز كۆزىدە ئىگرىغان ئاسمان بۇدەم،
يىلتىزىغا شوللاردىن سىر بېرەر بوستان بۇدەم.

كوھىقاپ زەنجىرلىرىدە بىگۇناھ جان ئۆركىشى،
كۆركى يېگانە دېڭىزنىڭ ئىشقى سەرگەردان بۇدەم.

بىر شامال كەلسۇن يىراقتىن تەڭگە ياپراق بەختىگە،
بىھايا ئىتلار قاراقىدا خۇنۇك جەۋلان بۇدەم.

قوغلىنىپ ئازغۇن گۈگۈم سۇمرۇغ گىياھىنى يۇتار،
تىپتىنىق يالقۇن تىلى ئىچرە مۆكەر ئارمان بۇدەم.

سېھىرگەر پاسىق قەدەھ قارىنىدا مەينىڭ تەشۋىشى،
چاپچىغان قەيسەر خۇمارىمغا ئۆلۈك قالقان بۇدەم.

ئاقتى ھىجران كوچىسىدا شەۋكىتى شانلىق ئەلەم،
لالىگۈن بوشلۇق كۆيۈپ قاينار تۇمەن جەريان بۇدەم.

ئىشتىياقىمنىڭ قۇياش ئۆگدەر بۇلاقى قايدادۇر،
چەرىخ ئۇرارىمنىڭ ناۋاكەش تارىدۇر جانان بۇدەم.

(3)

چاڭقىشىم زەرگۈن بۇلۇتقا مەھلىيا مەپتۇن ئەمەس،
يانمىغان چۆللەر قېنىدا بىناۋا، مەجنۇن ئەمەس.

كەلسە ئاتەش تەلقىنى ئويناق پەلەك زارى ئارا،
تاپسا ئالەم مىڭ پاناھ، مۇدھىش ساما كەلكۈن ئەمەس.

قاغجىراق روھ جىلۋىسى مەينىڭ گۈلىدە كۆكلىسە،
تىپتىنىق دولقۇن تىلىدىن يامرىغان شاۋقۇن ئەمەس.

ئاھ، ئوقى بىرلە ئېتىلسا لالەرەڭ ھارغىن سەھەر،
تالە-تالە چاچرىمدىن سىرغىغان ئۇپقۇن ئەمەس.

ئاقتى ئۆركەش پۇرمىسىدە ناتىۋان تۈن كەچمىشى،
خۇرسىناق ياپراقتا قاتقان شوللار گۈلگۈن ئەمەس.

نەگە تاشلار ئاي ئۆزىنى، جاندا ھۆۋلار تىلسىمى،
قىرغىقى كۆيدى پايانسىز، جەزبىدار، تۇتقۇن ئەمەس.

ئەي كۆڭۈل بىل نۇر تولا يوللار خىرامىندۇر ھامان،
ھالقا-ھالقا ياشلىرىم پەيكانى جان، يالقۇن ئەمەس.

(4)

قۇياشنىڭ ھالقىسىدىن سىيرىلىپ تۈنلەرگە چۆككەن كىم؟
ئاياغلار ئاستىدا قالغان يوچۇن ئاتەشكە مۆككەن كىم؟

جۇنۇن شەيتان تومۇرى ئىچرە نەينىڭ سىھرىنى پۇۋلەپ، ئۇنۇپ چىقسا چاراسلاپ قەترە ياشىمدىن تۇمەن يۇلتۇز،
سەمەندەر ناخشىسىدىن چالغىتىپ ئاھىنى تۆككەن كىم؟ گويا قاغا قاناتىدەك ۋۇجۇدىن قايتا سۆككەن كىم؟

قويۇق زەڭگەر تۇمان جان بوشلۇقىدا ئويىنسا مەستان، تىنىق مەينىڭ جۇلاسى ھەر زامان توپانىنى دەۋرەتسە،
ئېچىلماس سىرنى سەرچەشمە ناۋا پەيزىگە چۆككەم كىم؟ سۈكۈت قىرغاقىدا ئەللەي مۇقامىغا كۆنۈككەن كىم؟

# ئىككى شېئىر

**ئابلىكىم شىرزات**

## نېسۋە

قۇشلارنىڭ تىلىدا سۆزلەيدۇ كېچە،
تەشۋىشلەر كۆي تۆككەن چىغىر يول ئارا.
بۇ كېچىك ھۇجرامنىڭ چېكى يوق تۇرۇپ،
ئاھ، لېكىن ئۆزۈملا ياشايمەن تەنھا.

تامماقتا ياش بولۇپ تەنگە رېئاللىق،
گويا مەن دۇنيادىن بولغاندەك غايىب.
گۇناھسىز ئەيىبكە ئايلانغان دەمدە،
سۇۋاقسىز تاملارنى سىلايمەن كايىپ.

نەلەرگە مۆكۈندى بايامقى تىۋىش،
ئەڭ نازۇك ئۈمىدتە تىكىلدىم كۆككە.
جەسەتسىز قەبرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدەك،
بىر دەرد بار ئورنىشىپ كەتكەن يۈرەككە.

## تىلخەت

سايرىماقتا چاقۇرغۇم ئۈنسىز،
تۇتقۇن بولغان ۋاقىتنى سوراپ.
تۈنىنىڭ مېھرى شۇ قەدەر سۈرلۈك،
غۇۋا بىر چوغ تۇرار يېلىنجاپ.

كۆيگەن چېغى ۋۇجۇدۇم بەرگى،
جىلۋىسى يوق سەھەرگە ئوخشاش.
ھەممە نەرسە تولۇق تۇرسىمۇ،
ھۆكۈم سۈرەر يەنە قاغجىراش.

چالۋاقىما خانىش شەھرىزات،
چۆچەك سوراپ كەلدىم سېنىڭدىن.
ئاھ، گۇۋاھچى بولغاچقا يوللار،
بولمايدىكەن كېچىشكە جاندىن.

# كۈز

**غەيرەتجان ئابىت**

ئۈچۈپ كىردى ئوماق بىر قىزدەك،
دېرىزەمدىن سۇلغۇن كۈز پەسلى.
يۈرىكىمنى ئەزمەكتە ئەجەب،
كۆيدۈرۈلگەن غازاڭ پۇرىقى.

ئوخشاپ قالار كۈز پەسلى چوقۇم،
مۇنچىدىكى ھاكاۋۇر گۈزەل،
ئورماندىكى يالغۇز دەرەخكە.

كۈز پەسلىدە قۇياش نۇرىدا،
موماي بولۇپ كۆرۈنەر قىزلار.
يوتىلىرى ئاپئاق بولسىمۇ،
سارغايغاندەك كۆرۈنەر ئەمما.

ئۆچۈرگەندەك خاتىرىسىدىن،
غازاڭ كەبى ئەسلىمىلەرنى.
سۈپۈرىدۇ چۈشكۈن بىر ئايال،
ئۆزىدەكلا غېرىب غازاڭنى.

يۈرىكىمگە ئوخشايدۇ جەزمەن،
ئۆرۈمچىدە مۇشۇ كۈز پەسلى.



# شېئىر ۋە شائىر ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز

بوغدا ئابدۇللا

## ھايات ، ئۆزلۈك ، غۇرۇر

ھايات مۇساپىسىنى ئۇزۇن ياكى قىسقا دېيىشمۇ مۇمكىن، مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، شائىر ئۆلۈم ئېڭى ئالدىدا ئەكس ئەتتۈرۈشكە تېگىشلىك نېمىلەرنىڭ قالغان قالمىغانلىقى ئۈستىدە ئويلانماي قالمايدۇ، ۋاقىت بەرىبىر ئۇنى ئالدىرىتىدۇ.

شائىر ئۆزىنىڭ ئۆزلۈكى ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك، تاكامۇل شائىرلار بۇ مەسىلىنى مەيلى قەدىم ۋە مەيلى ھازىر ھەل قىلغان بولىدۇ.

ئۆزلۈك ئۇنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ھاياتىي كۈچىگە ئىگە نۇقتىئىنەزەر، پىكىر، ئاڭ، قەتئىيەت روھىنىڭ ئومۇملىشىش ياكى خاسلىققا ئىگە بولۇشىدۇر. شائىر ئۆزلۈكنى يارىتىدۇ.

شائىرنىڭ ئۆزلۈكنى ئىپادىلەش جەريانى خۇددى ھەسەل ھەرىسىنىڭ پائالىيىتىگە ئوخشايدۇ. ھەسەل ھەرىسى ياز بويى تۈرلۈك ـ تۈمەن چېچەكلەردىن ھەسەل يىغىدۇ، تىنىمسىز ئىشلەيدۇ، يولدىن ھەرگىز قايتمايدۇ. كەچكۈزنىڭ رەھىمسىز سوغۇق شامىلى گۈركىرىگەندە ئۇنىڭ سۈزۈك، يالتىراق قاناتلىرى پۈتمەس تۈگىمەس قاراڭغۇلۇققا كىرىپ كېتىدۇ.

شائىر ئەلۋەتتە ئۆز پىكىرلىرىنىڭ ئىگىسى، ئۇ سەنئەت جەھەتتە ئىزدىنىشى، ئۆز ئۆزىنى داۋاملىق ئىنكار قىلىپ تۇرۇشى، تەپەككۇر جەھەتتە بىر چوڭقۇرلۇقتىن يەنە بىر چوڭقۇرلۇققا تەلپۈنۈشى كېرەك. ئاڭ ماددىدىن كېلىدۇ. بىر شەيئىنى ھەر خىل چۈشىنىش ۋە تەساۋۋۇر قىلىش مۇمكىن، لېكىن شائىر ئەسلىگە سادىق بولۇشى كېرەك. «راست گەپنى قىلىش قىيىن» دەيدىغان گەپ بار. دۇنيادا يالغان گەپكە ئادەتلىنىپ قالغان كىشىلەرمۇ ئاز بولمىسا كېرەك.

كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ بۇ دەۋرلەرگىچە يېتىپ كېلىشىدىكى سىر ئەلۋەتتە ئۇلاردىكى پىكىرنىڭ چىن، ساددا، ئەبەدىي بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئۆمۈر، ئىنسان، ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتى، گۈزەللىك، ياخشىلىق، رەزىللىك، مۇھەببەت، يورۇقلۇق، قاراڭغۇلۇق، بىۋاپالىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىنسانغا، دەل ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇۋاتقان، تەقدىرى ھەققىدە قاقشاۋاتقان، يىغلاۋاتقان كىم، پەقەت شائىر. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل تاكامۇللۇققا شائىر ئاددىي روھ بىلەنلا يېتەلمەيدۇ. ئۇ، بۇ نۇقتىغا كەلگەندە بىر خىل يۈكسەك ساماۋى روھقا ئېرىشىشى كېرەك. مەن بۇ يەردە، ئۇ يەنە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك دېمەكچىمەن. بۇ خۇددى زېۋىس ئوغرىلاپ كەلگەن ئوتتىن جىمى ئادەم بەھىرلەنگەندەك، جۈملىدىن شائىرلار بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەندەك، ساماۋى روھ يالغۇز بىر مىللەتكىلا تەۋە نەرسە ئەمەس. بىر مىللەتنىڭ شائىرى ئۆز مىللىتىنىڭ ھەممە نەرسىسىگە ۋارىسلىق قىلىشتىن باشقا تارىختىكى ھەم ھازىرقى زاماندىكى ئالدىنقى قاتاردىكى مىللەتلەرنىڭ پايدىلىق ھەممە نەرسىسىنى ئۆزلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.

ساماۋى روھ قەدىمكى مىللەتلەردىمۇ بولغان، ئۇنىڭسىز دۇنيانى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى ياكى ئىزنالىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى قىيىن.

شائىرنىڭ ئۆزلۈكىگە تەكەببۇرلۇق ئارىلاشقان بولىدۇ. ئۇ غۇرۇر بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسە. غۇرۇر ئادەم تۇرماق تەبىئەت ھايۋانات دۇنياسىدىمۇ مەۋجۇت. ئاققۇ غۇرۇرى بىلەن بالىسىنى قوغدىيالايدۇ. جۈپتىدىن ئايرىلسا ئۆلۈمگىمۇ تەۋەككۈل قىلالايدۇ.

غۇرۇر ۋە ئۆزلۈك ھاياتنىڭ مەسخىرە، ئۇچۇغدىشى ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىقى كېرەك.

شائىر ئۆزلۈكىنىڭ يىلتىزى باۋايى زامانلىرىمىزدىن باشلىنىدۇ. بىر مىللەتنىڭ غۇرۇرى يەنە بىر مىللەتكە ئوخشىمايدۇ. تارىختا غۇرۇرلۇق مىللەتلەرنىڭ غۇرۇرسىز بولۇپ كەتكەنلىكى، غۇرۇرسىز مىللەتلەرنىڭ غۇرۇرلۇق بولۇپ كەتكەنلىكىگە دائىر مىساللار ناھايىتى كۆپ، غۇرۇر ئويقۇغا كېتىدىغان ھەم ئويغىنىدىغان نەرسە. ئىرادە، غۇرۇر زور بىر مىللەتنى ئويغىتىدۇ. شائىردىكى ئۆزلۈك مانا شۇ.

## شېئىر سان ھەم سۈپەت

جەمئىيەتتە ئۆزىنى مەن شائىر دەپ يۈرىدىغان ئادەملەر يوق ئەمەس، يازغان ئەسەرلىرىمۇ ئاز ئەمەس، ئەمما ئۇلار سۈپەت دېگەن بىر مەسىلىگە ئانچە كۆپ ئېتىبار بەرمەيدۇ. سۈپەت دېگەن سۆز ئاڭلاشقا گەرچە ئاددىي بىلىنسىمۇ، بىراق مەن ئۇنى ئاجايىپ چوڭقۇر گەپ دەپ ھېسابلايمەن. دۇنيادا مەيلى بۇرۇن ئۆتكەن بولسۇن ياكى ھازىر ياشىغان بولسۇن، مەشھۇر، ئۇلۇغ، ئۆلمەس ئەسەرلەرنى قالدۇرغان شائىرلار خېلى نۇرغۇن، ئەمما بىزدىكى شېئىرلاردا كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىيالايدىغان، كىشىلەرنىڭ كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان، كىشىلەرنى ئويغىتالايدىغان، كىشىلەرنى ئويغا سالالايدىغان مەزمۇنلار بەك كەم. بىر شائىر ئۆمرىدە يازغان شېئىرلىرى مەيلى كۆپ، مەيلى ئاز بولسۇن، لېكىن يۇقىرىقى شەرتلەرگە ماس كېلىدىغانلىرىدىن يىغسا، شۇنداق ئېسىلىدىن بىر ياكى بىرقانچە چىقىدۇ، مانا بۇ سۈپەت. مەن ئويلايمەنكى، سۈپەتنى ياخشىلاش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ئۇ شائىرنىڭ مىجەز ـ خۇلق، تېگى تەكتى، دۇنيا قارىشى، سەممىيىتى، تەبىئەت ۋە ئىنسانغا بولغان مۇھەببىتى ۋە خەلقنىڭ مەدەنىيىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. شائىر ئۆزىنىڭ شۇنداق ئېسىل شېئىرلىرىنى قانداق يېزىپ چىققانلىقىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلالماي قالىدۇ. بۇ بىر غايىب ئىلھام. بۇ تەڭرىنىڭ شۇ شائىرغا قىلغان ئىلتىپاتى. بۇ تەقدىر، بۇنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بۇنى ھېچكىم دورىيالمايدۇ، بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. مانا بۇ يەنە شېئىردىكى سۈپەتتۇر. لېكىن كۆپ شېئىرلارنى كىتابخانلار بىر ئوقۇيدۇ، ئەمما كاللىسىدا ھېچنېمە قالمايدۇ. بۇنداق شېئىرلار ۋاقىتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئاتاقتا، كۆرۈنۈشتە شېئىردەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما بۇنى ھەقىقىي شېئىر ئۈچۈن ئەمەس، سان تولۇقلاش ئۈچۈن يېزىلغان دەپ ھېسابلاش مۇمكىن. شېئىر ساننىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ، لېكىن سان شېئىرنى پەيدا قىلالمايدۇ. بىر ياخشى شائىر پۈتۈن ھاياتىدا مەيلى ئون پارچە شېئىر يازسۇن، مەيلى يۈز پارچە شېئىر يازسۇن، سۈپەتكە چوقۇم كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. بولمىسا ئۇ ئۆزىنى مىڭ شائىر دەپ يۈرسىمۇ، ئاخىرىدا ئۆزىنى ۋە كىتابخانلارنى ئالداشتىن باشقا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

## قارلىغاچ

(ھېكايە)

زۇلخۇمار ئۆمەر

ئالبومنى ۋاراقلاۋاتىمەن. ئۇنىڭدا تۈرلۈك ـ تۈمەن سۈرەتلەر ساقلانغان، خۇددى تۇرمۇش ئالبومىغا ئوخشاش.

تۇيغۇلىرىم ئىرادەمگە بويسۇنمىدى. قاراپ قالغىنىم يەنە شۇ سۈرەت: بۈدۈر چېچى، كۆكۈش كۆزلىرىدىن تېخى ئۈنتۈلۈپ كېتىلمىگەن چۈچۈمەل ئۆتمۈشۈمنى كۆرۈۋاتىمەن. تىترىگەن بارماقلىرىم بىلەن سۈرەتنى ئاستا سىلىدىم. زەررىچە چاڭ قونمىغانلىقىغا قارىماي، چىرايى ھامان غۇۋا كۆرۈنەتتى.

ئوغلۇمنىڭ يىغلامسىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئالبومنى ياپتىم.

ـ ئاپا، قارىغىنە. ئۇنىڭ قولىدا قارلىغاچنىڭ ئۆلۈك بالىسى تۇراتتى.

بىزنىڭ ئۆگزىدىكى قارلىغاچنىڭ بالىسى ئىكەن. تۈنۈگۈن ئاپىسى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. بۈگۈن نېمىشقا ئۆزىمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ؟

ئوغلۇمنىڭ ئۆلگەن قارلىغاچ بالىسىغا خۇددى ئەڭ يېقىن دوستىدەك ھېسداشلىق قىلىپ سەبىي كۆزلىگە لىققىدە ياش ئېلىۋاتقىنىغا قاراپ كۆلۈۋېتىشكە تاس قالدىم.

ـ قارا، بالام، ئاپىسى ئۆلۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا دان بېرىدىغان باشقا قارلىغاچ بولمىغاچقا، قورسىقى ئېچىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. كۆمۈپ قويغىن.

ئوغلۇم بۇنىڭغا قايىل بولمىدى.

ـ دادىسىچۇ؟ ئۇ دان بەرسە بولمامدۇ؟...

ئوغلۇمنىڭ مۆلدۈرلەپ قارىشىغا بەرداشلىق بېرەلمىدىم. ئۇنى باغرىمغا بېسىپ دادىسىغا بارغانسېرى ئوخشاپ قېلىۋاتقان بۈدۈر چاچلىرىغا لېۋىمنى ياقتىم. يۈرىكىم شىۋىرلاۋاتاتتى: «سەن بىلمەيسەن، بالام، قارلىغاچنىڭ دادىسى بالىسىنى باقمايدۇ. ئۇنىڭ دادىسى يوق!...»



# ئىبراھىم مۇتىئى:

# مەن كەچكەن كېچىلەر

(خاتىرە ئەدەبىياتى)

ئىبراھىم مۇتىئىنىڭ ئاغزاكى بايانلىرىغا ئاساسەن رەتلەندى

غەيرەتجان ئابىت، رەتلىگەن

## مۇقەددىمە ئورنىدا

تارىخنىڭ جۇدۇن-چاپقۇنلىرىدا تاۋلىنىپ، ئۆزى-نىڭ ياشلىقىنى يوقاتسىمۇ ياشلىقىدىكى ئوتلۇق يۈرىكىنى، ئۆز قەيسەرلىكىنى يوقاتماي ياشاپ كېلى-ۋاتقان مەتانەتلىك كىشىلىرىمىز ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك. پېشقەدەم تىلشۇناس، تۈركولوگ، ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئالىم ئىبراھىم مۇتىئى ئەنە شۇنداق كىشىلىرىمىزنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بى-رى. ئۇ تارىخىمىزدىكى بىر نەچچە سىياسىي ئۆزگى-رىشلەر ۋە ھاكىمىيەت ئالمىشىشلارنىڭ شاھىدى بو-لۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ يالغۇز بىلىملىرىلا ئە-مەس، كۆرگەن بىلگەنلىرىمۇ شۇ قەدەر كەڭ ۋە چوڭ-قۇر... ھالبۇكى، ئىبراھىم مۇتىئى ئاكا ئۆزى ياشىنىپ قالغان، يەنە كېلىپ ئالدىراش بولغاچقا ئۆز كەچمىش-لىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، تارىخ، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى بىلىملىرىنى كىتابخانلار بى-

**ژۇرنىلىمىز ئالاھىدە ئۇيۇشتۇرغان ئەسەر**

لەن ئورتاقلىشىش پۇرسىتى كەم بولىشى تەبىئىي. شۇڭا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالىمىمىزنىڭ ھاياتى ۋە ئى-دىيىسىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ، ئۆز ھاياتىنى تېخىمۇ غۇرۇر بىلەن ئۈمىدۋار ياشىشىغا ئازتولا تۈرتكە بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، دېگەن خالىس نىيەتتە ئۇنىڭ بايانلىرىنى ئەينەن قەلەمگە ئېلىپلا قويدۇق، خالاس.

## يېتىملىكتىن باشلانغان يوللار

مەن 1920-يىلى جۇجەم پىشقىدا تۇرپان كونا شەھەردە تۇغۇلغان. جۇجەم تۇرپاندا ئادەتتە 5-ئايلاردا پىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەن ئۆزۈمنى 1920-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى تۇغۇلغان دەپ ھېسابلايمەن. رەھ-مەتلىك ئاتام كېيىم ۋە جۇۋا تىكىدىغان، ئىگەر يا-سايدىغان ھۈنەرۋەن كىشى ئىكەندۇق. بىراق، بەختكە قارشى تەقدىر مېنى ئىككى ياشقا كىرگەن چېغىمدا ئاتامدىن مەڭگۈلۈك ئايرىۋەتتى. يارالمىشىمدىلا ئاللا پېشانەمگە يېتىملىكنى پۈتكەن بولسا كېرەك، ئاتام-دىن ئايرىلىپ بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مېھرى-لىك ئۆپۈشلىرى ۋە ئوتلۇق قۇچاقلىرى بىلەن جەن-نەت ھۇزۇرى ئاتا قىلىدىغان مېھرىبان ئاناممۇ مېنى تاشلاپ، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. بالىلىقىم ئەنە شۇن-

داق ئاتا ـ ئانا مېھرىگە قانماي ئۆتكەندى.

ئانام تۇگەپ كېتىپ بىر يىلغىچە تاغامنىڭ ئۆيىدە تۇردۇم. كېيىن يەنى، 1928 ـ يىلى تاغام مېنى ئۇرۇمچىدە تىككۈچىلىك قىلىدىغان ئاكامنىڭ قېشىغا ئەكىلىپ قويدى. شۇ چاغلاردا ئاكام مېنى ئۇرۇمچىدە تاتار مەكتىپىگە ئوقۇشقا بەردى. يېتىملىكتىن سۇنغان دىلىم، ئوقۇش ئارقىلىق ئۆز تەسەللىسىنى تاپتى. مەن تاتار مەكتىپىدە يەتتە يىل ئىجتىھات بىلەن ئوقۇدۇم. 15 ياشقا كىرگەن يىلى، يەنى 1935 ـ يىلى تاشكەنتكە ئوقۇشقا چىقىرىدىغان ئىش بولدى. ئۇ چاغلاردا، 16 ياشقا تولمىسا تاشكەنتكە ئوقۇشقا چىقارمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاكام يېشىمنى بىر ياش چوڭايتىپ مەلۇم قىلىپ، تاشكەنتكە ئوقۇشقا چىقىرۋەتتى.

1935 ـ يىلىدىن تارتىپ 1937 ـ يىلى يازغىچە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا دارىلفونىنىڭ مەمۇرى ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئىلىم تەھسىل قىلدىم. ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ، يەنى 1937 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەيىنلەندىم.

ئۇ ۋاقىتتا دارىلمۇئەللىمىندە مەخسۇس تىل ـ ئەدەبىيات سىنىپى يوق ئىدى. شۇ يىلى قارىسام، ھەر يىلى بىر سىنىپتىن ئېلىنىدىغان مىللىي ئوقۇغۇچىلار، ئىككى سىنىپ بولۇپ ئېلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن مەكتەپ مۇدىرىغا ئىككى سىنىپتىن بىرىنى تىل ـ ئەدەبىيات، بىرىنى پىداگوگىكا سىنىپى قىلساق، دېگەن تەكلىپنى بەردىم. مەكتەپ مۇدىرىمىز جۇ خۇڭمىڭ دېگەن كوممۇنىست ئادەم ئىدى. ئۇ بۇ تەكلىپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بۇنى مائارىپ ئىدارىسىغا مەلۇم قىلساق رەسمىيەت ئۆتەش تەس بولىدۇ. مەن ماقۇل بولسام، سىلەر شۇ ئىككى سىنىپنى ئېچىپ ئوقۇشنى باشلاۋەرسەڭلار» دەپ يول قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر سىنىپنى پىداگوگىكا، بىر سىنىپنى تىل ـ ئەدەبىيات سىنىپى قىلىپ دەرس باشلاپ كەتتۇق. شۇ يىلى قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، ئۆز ئىختىيارى بويىچە سىنىپلارغا بۆلدۇق.

مەن بالىلارغا رۇس ئەدەبىياتى، تاتار ئەدەبىياتى ۋە جۇڭگو ئەدەبىياتىدىن دەرس ئۆتەتتىم. ئوقۇغۇچىلار مېنىڭ دەرسىمنى بەك قىزىقىپ ئاڭلايتتى. مەن لۇشۈننىڭ «ئا Q نىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىنى رۇسچە ئوقۇغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىپ، تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا لۇشۈننى تونۇشتۇردۇم. شۇنداقلا جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن چۈيۈەن، لى بەي قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردۇم.

مېنىڭ ئۆيۈمدە مەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېلىپ كەلگەن رۇس ئەدەبىياتى كىلاسسىكلىرىنىڭ، سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاتاقلىق يازغۇچىلارنىڭ، تاتار يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى تولۇق بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ ئۆيۈم ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۇتۇپخانىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئوقۇغۇچىلار دەرستىن سىرتقى چاغلاردا ئۆيۈمگە يىغىلىپ ئەدەبىيات ھەققىدە خىلمۇخىل مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ باراتتى. كىتابلىرىمنى ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇيتتى. مەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئىككى كۈنلۈك، بەزىلىرىگە ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن كىتابلىرىمنى بېرىپ تۇراتتىم. بەزى كۈنلىرى بالىلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئارىلاپ چىقسام، بەزى بالىلارنىڭ يوتقانىنىڭ ئىچىگە شام ياندۇرۇۋېلىپ، كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. ئۇ بالىلارنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقى تولىمۇ يۇقىرى ئىدى. ئەنە شۇنداق ئىجتىھات بىلەن ئوقۇش نەتىجىسىدە، ئۇ بالىلار شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم ئېچىلغان مەخسۇس تىل ـ ئەدەبىيات سىنىپىدا ئوقۇغان يۇقىرى سەۋىيىلىك زىيالىيلار بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئەلقەم ئەختەم، ئابلىز نازىرى قاتارلىقلار ئەنە شۇ سىنىپنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

## مەھبۇس ئوقۇتقۇچى

1940 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى بولغىنىم ۋە قارا دىللارغا مەرىپەت نۇرى چاچقىنىم ئۈچۈن، شىڭ شىسەي مېنى قولغا ئالدى.

مەن شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە قامىلىپ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن شىڭ شىسەي ساقچى مەكتىپىدە بىر تەرجىمانلىق سىنىپى ئېچىپتۇ، لېكىن پۈتۈن زىيالىيلارنى تۈرمىگە ئالغان بولغاچقا، جەمئىيەتتىن تىل ـ ئەدەبىيات ۋە ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس بېرىدىغان مۇئەللىم تاپالماپتۇ. شۇ سەۋەب، ئامالسىزلىقتىن مېنى تۈرمىدىن ئەچىقىپ شۇ سىنىپقا مۇئەللىم قىلىپ بەلگىلەشتى. كۈندە ئىككى ئەسكەر مېنى ساقچى مەكتىپىگە يالاپ ئېلىپ بېرىپ، سىنىپقا كىرگۈزىۋېتەتتى، سىنىپتا بولسا ئىككى ئوفىتسېر ئولتۇرۇپ دەرسكە نازارەت قىلاتتى.

مېنى ئۇ سىنىپقا مۇئەللىم قىلىپ بەلگىلىگەن چاغلار قىش كۈنلىرى ئىدى. تۈرمىدە ئىككى يىل

يېتىپ تۇزۇك كىيىملىرىمىزمۇ قالمىغاچقا ئۇلار ماڭا بىر قۇر ھەربىيچە قىشلىق كىيىم تېپىپ بەردى. شۇنى كىيىپ سىنىپقا كىردىم. دەرس ئۆتۈشتىن ئاۋۋال ئۇلار ماڭا، ئۆزۈمنى تونۇشتۇرماسلىق، دەرسكە كىرىش سۆزى قىلماسلىق قاتارلىق شەرتلەرنى قويدى. مەن ماقۇل بولغاندىن كېيىن سىنىپقا كىردىم. قارىسام ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ ئىلگىرىكى ئوقۇغۇچىلىرىمدىن ئىبراھىم ئۆمەر، ئابلىمىت سۇلتان قاتارلىقلار بار ئىكەن. ئۇلار مېنى تونۇپ بەكلا ھەيران قالدى. لېكىن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشقا ئىمكان بولمىغاچقا ھەم ئارتۇق گەپ قىلىشقىمۇ يول قويۇلمىغاچقا، ئۇلارغا ئارتۇقچە ئىپادە بىلدۈرمىدىم. شۇنداقتىمۇ دەرس باشلاشقا كىرىش سۆز قىلىش كېرەك ئىدى. نېمە دەپ باشلاشنى بىلەلمەي ئويلىنىپ تۇرغىنىمدا، خىيالىمدىن ئابدۇللا توقاينىڭ بىر شېئىرى كەچتى. شۇنىڭ بىلەن دوسكىغا:

«ياز ئەزىز ئوغلۇم قارا تاختايغا سەن ئاق بور بىلەن،

ھەم قارا كۆڭلۈڭنى يالت ئەتكۈز سىزىپ ئاق نۇر بىلەن.» دەپ يېزىپ قويدۇم ۋە :

— مەن سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلەرنى ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس بېرىش بىلەن يورۇتماقچىمەن، دېگىنىمچە دەرسىمنى باشلاپ كەتتىم.

مەن ئۇلارغا فونىتىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس قاتارلىقلاردىن ئىككى يىل دەرس ئۆتتۇم. دەرسلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم تۈرمىدە تەييارلاپ، ساقچى مەكتەپنىڭ باسما زاۋۇتىدا باستۇردۇم. شۇ چاغلاردا ئۇيغۇر تىلى سەرفى، ئۇيغۇر تىلى نەھۋى، تىل - ئەدەبىيات قائىدىلىرى قاتارلىق ئۈچ كىتاب تۈزگەن ئىدىم. سامان قەغەزگە تىزغان ئۇ كىتابلىرىمنى ئابلايوپ دېگەن كىشى تىزىپ بەرگەن ئىدى (ئۇ ئادەم ھازىرمۇ بار). مېنىڭ بىرىنچى قېتىم تىل - ئەدەبىيات توغرىسىدا يازغان كىتابىم، ئەنە شۇ تەرجىمانلىق سىنىپتا دەرس قىلىپ ئۆتكەن ئۈچ پارچە كىتاب بولۇپ قالدى. ئەنە شۇ ئوقۇغۇچىلىرىمدىن پەيزۇللا راخمان قاتارلىق 70 كە يېقىن تەرجىمان يېتىشىپ چىقتى. مەن ئۇلارغا ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئوقۇتقان ئىدىم. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار تىلدا پىششىق يېتىلىپ غول تەرجىمان، غول تەھرىرلەرگە ئايلاندى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر گېزىتچىلىكى، نەشرىياتچىلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۆھپىسى ناھايىتى زور بولدى. مەن شۇ دەرىجىدە ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلىگىنىمدىن ھېلىھەم پەخىرلىنىمەن.

مەن تۈرمىدىن چىققاندا، يەنە شۇ سىنىپقا مۇئەللىم بولۇپ بەلگىلەندىم. كېيىن ئۇ سىنىپ تەرەققىي قىلىپ شىنجاڭ تىل مەكتىپىگە ئايلاندى. كېيىنكى چاغلاردا بولسا تىل فاكۇلتېتى بولۇپ قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىگە قوشۇۋېتىلدى.

1948 - يىلى بۇرھان ئەپەندى مېنى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىغا مەخسۇس كۇرس مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىدى، كېيىن ئىنىستىتۇتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ چاغلاردا شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇيۇشمىلارنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرگىلى قەشقەر، خوتەنلەرگە بارغان چېغىمدا بۇرھان ئەپەندىمنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۆزۈم بىۋاستە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ئەكەلدىم. قوبۇل قىلىنىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىنىستىتۇتنىڭ تولۇق كۇرسىغا ئەمەس، مەخسۇس كۇرسىغا قوبۇل قىلىپ، قانۇن، مىدىتسىنا، تىل - ئەدەبىيات قاتارلىق ئۈچ سىنىپنى ئاچتىم. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم مىدىتسىنا سىنىپىنى مەن ئاچقان بولدۇم. ئۇلارغا ئۈرۈمچىلىك دوختۇرلارنى تەكلىپ قىلىپ، دەرس ئۆتكۈزدۈم. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ شىنجاڭنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى قانۇن، مىدىتسىنا قاتارلىق جەھەتلىرىدىكى رولى چوڭ بولدى. بۇلارنى ئويلىسام ھاردۇقۇم چىقىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن.

## ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى

ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئەينى چاغلاردا سوۋېتتىن كەلگەن مەنسۇر ئەپەندى ئاتلىق مەسلىھەتچىنىڭ شىڭ شىسەيگە بەرگەن تەكلىپى بىلەن قۇرۇلغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا لېنىن دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان سىياسىي مۇختارىيات، مەدەنىي مۇختارىيات دېيىدىغان بىر گەپ بار ئىدى. لېنىن مەدەنىي مۇختارىياتنى يەھۇدىيلار تەشەببۇس قىلغان نەرسە، بىز بولشېۋىكلار ئۇنى تەشەببۇس قىلمايمىز، بەلكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي مۇختارىياتىنى تەشەببۇس قىلىمىز، دەپ تەنقىد قىلغانىدى. ئەمما شىڭ شىسەي دەۋرىدە سىياسىي مۇختارىياتنى تەشەببۇس قىلىش مۇمكىن بولمىغاچقا، مەدەنىي مۇختارىياتنى تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغانىدى. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولدى. بىر مەزگىل ئۇيغۇر مائارىپىنى

ئاساسەن شۇ ئۇيۇشما تەرەققىي قىلدۇردى. ھۆكۈمەتنىڭ ئاچقان مەكتىپى بىر بولسا، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاچقان مەكتىپى يۈزلەپ بولدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر مائارىپى بىر مەزگىل ناھايىتى تېز گۈللەندى. شۇ چاغلاردا مازارلارنىڭ، مەسچىتلەرنىڭ ۋەخپىلىرىگە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئىگىدارچىلىق قىلاتتى ھەم پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە قۇربانلىق قوينىڭ تېرە-ئۈچەيلىرىمۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا تاپشۇرۇلاتتى. بۇ ناھايىتى كۆپ پۇل ئىدى. ئۇيۇشما شۇ پۇللار بىلەن مائارىپنى، تىياتىرچىلىقنى، ئەدەبىيات-سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرغانىدى. ھەتتا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تارقىتىۋېتىلگەندە ئۇيۇشمىنىڭ ئىقتىسادىدىن ئېشىپ قالغان 650 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇلغا، ئەسئەد ئىسھاقوپنىڭ تەكلىپى بىلەن ھازىرقى «ئىتتىپاق تىياترخانىسى»نى سالدۇرغانىدى. كۈلۈبنىڭ ئورنىمۇ ئۇيۇشمىنىڭ زېمىنى بولۇپ، يازلىق كۈلۈب ئىدى. ئۇ كۈلۈب تاكى ھازىرغىچە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ يادىكارى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

گەرچە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۇيغۇر مەدەنىي گۈللىنىش تارىخىدىكى دەقىقىلىق چاقناش بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى مەڭگۈلۈك پارلاشقا زور دەرىجىدە ئاساس يارىتىپ بەردى.

## «ئەخمەت ئەپەندىم سىزگە ئىشىنىمەن، سىزنى ھۆرمەتلەيمەن، بىراق...»

1946-يىلى مەن مۇخبىرلىق سالاھىيىتىم بىلەن بېيجىڭ، نەنجىڭ، تەيۋەن قاتارلىق جايلارغا باردىم. شۇ چاغلاردا ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىقلارمۇ گومىنداڭنىڭ نەنجىڭدا ئېچىلغان قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارغانىكەن. شۇ چاغلاردا، سۇڭ مېيلىڭ خانىمنى زىيارەت قىلغىلى بارغان چېغىمدا قارىسام، سۇڭ خانىم شىنجاڭ ۋەكىللىرىگە چاي تەييارلاپتۇ.

كېيىن مەن قايتىدىغان چاغدا، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ مېنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ۋە ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ بىر قانچە چامادانىنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىشىمنى ھاۋالە قىلدى. ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ يۈكۈممۇ 16 كىلوغا توشۇپ بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئەكىتەلمەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرسەم، ئابدۇكېرىم «بىر ئامال قىلغىن» دېدى. ئاخىر بولماي ئابدۇكېرىمگە يول كۆرسەتتىم.

- سەن فۇمىشۇجاڭ، ئايروپىلاننى بولسا لىيۇمىڭچۈن مىشۇجاڭ ئىجارىگە ئالغان. شۇنىڭغا ئېيتساڭ سەپ قويىدۇ، -دېدىم.

دېگەندەك بېرىپ لىيۇمىڭچۈنگە دېۋىدى، ئۇ:

- يۈكنىڭ قاتارىدا سالغىلى بولمايدۇ. ئەمما لىيۇتچىكلارنىڭ بۆلمىسىگە سەپ بېرەي. ئۈرۈمچىگە بارغاندا مۇتىئى شۇلاردىن تاپشۇرۇۋالسۇن، -دېدى.

بۇ مەسىلە ھەل بولۇۋېدى، ئابدۇكېرىم:

- مەن ئۆزۈمنىڭ چامادانىنى تەييارلاۋېرەي، سەن كىرىپ ئەپەندىمگە ئېيتىپ قويغىن، -دېدى.

مەن كىرسەم ئەخمەت ئەپەندى چامادانىنى تەييارلاپ بولۇپ قۇلۇپىنى ئەمدى ئېتىپ تۇرغان ئىكەن، ئەپەندىمگە:

- چامادانىڭىزنى ئەكىتىدىغان بولدۇم، -دېدىم.

- سەن مېنى زىيارەت قىلىمەن دېۋىدىڭ، بىراق ۋاقىت چىقىرالمىغانىدىم، مانا بۈگۈن ۋاقتىم بار. ئەمما سەن ئەتە ماڭىدىكەنسەن، بەلكىم تەييارلىقلىرىڭ باردۇر، -دېدى.

- ئەپەندىم، ھەرقانچە ئالدىراش ئىشىم بولسىمۇ، سىزنى زىيارەت قىلىشتىن ئارتۇق ئىشىم يوق، -دېدىم-دە، قويىنۇمدىن دەپتىرىمنى چىقىرىپ، سورايدىغان سوئاللىرىمنى باشلىدىم. سائەت ئالتىدە باشلانغان سۆھبەت كېچە سائەت 12 لەرگىچە داۋام قىلدى. مەن ئەپەندىمدىن نۇرغۇن سوئاللارنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەقدىرىنى ۋە سوۋېتتىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم. ئەپەندىم بەزى سوئاللىرىمغا:

- جاۋاب بەرمىسەم، سەن قايىل بولمايسەن، ئەمما جاۋاب بەرسەم مەتبۇئاتتا ئېلان قىلمايسەن، دەپ ۋەدە ئېلىۋېلىپ، سۆزلەپ بەردى. ئارىلىقتا ئەپەندىم مەندىن:

- ئۈچ ۋىلايەتكە نېمىشقا بارمىدىڭ، بىزگە ئىشەنمەمسەن دېۋىدى، مەن:

- ئەپەندىم، سىزگە ئىشىنىمەن ھەم ھۆرمەتلەيمەن، بىراق ئارقىڭىزدىكى ئېيىقتىن قورقىمەن، -دەپ جاۋاب بەردىم. ئەپەندىم تۇرۇپ كېتىپ:

- سەن ياپپاش تۇرۇپ (ئۇ چاغلاردا مېنىڭ 26 ياش ۋاقىتلىرىم ئىدى) مەسىلىلەرنى نېمانداق چوڭقۇر ئويلايسەن. قورقما، ئېيىققىمۇ كۈچىمىز يېتىدۇ، -دېدى.

بىز دېۋاتقان «ئېيىق» ئەينى ۋاقىتتىكى رۇسلارنى كۆرسىتەتتى.

شۇ چاغلاردا مەن كۆپ ئادەملەرنى زىيارەت قىلغان ئىدىم. ئۇلار توغرىلىق گېزىتتە خەۋەرمۇ بەرگەن. جەنۇبقا قىلغان سەپىرىمدىمۇ «ئالتىشەھەر بويلاپ» دېگەن ماۋزۇ بويىچە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنى يازغان ئىدىم. بۇلار گېزىتنىڭ ئون نەچچە سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. هازىر ئۇ گېزىتلەر يوق، مەن ساقلاپمۇ قالالماپتىكەنمەن. قاملىپ كەتكەندىن كېيىن بارلىق ماتېرىياللىرىمنى جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى مۇسادىرە قىلىپ ئەكەتكەنىكەن. كېيىن سوراپمۇ تاپالمىدىم. كىتابلىرىمنىڭ بىر قىسمىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، بىر قىسمىنى ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىكەن. كېيىن ئۇ يەردىنمۇ تاپالمىدىم. شۇ چاغلاردا يازغان خاتىرىلىرىم، شۇ قاتاردا ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن قىلغان سۆھبەت خاتىرەممۇ يوقاپ كېتىپتۇ. كىتاب، خاتىرىلىرىمنىڭ يوقاپ كەتكىنىدىن هازىرغىچە ئەپسۇسلىنىمەن.

## جۇئېنلەي: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇنداق خەلقئارالىق رولى بارلىقىنى ئويلىماپتىمەن» دېدى

مەن بېيجىڭغا ئۆلكە يېڭى ئازات بولغان چاغدا بارغان. شۇ چاغدا ئاسىيا ـ ئافرىقا ئاياللار يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلغانىدى. مەن شىنجاڭ ۋەكىللىرىدىن رەشىدە خانىم، زەينەپ خانىم قاتارلىقلارغا تەرجىمان بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يولداش پېڭ دېخۇەيىنىڭ شىنجاڭغا بارغان مەخسۇس ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، بېيجىڭغا بارغانىدىم. شۇ قېتىملىق يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن مېنىڭ جۇئېنلەي ئائىلىسى بىلەن چوڭقۇر ئالاقەم ئورنىتىلىپ قالدى.

يىغىندا مەن رەشىدە خانىملارغا تاتارچە سۆزلەپ تەرجىمە قىلىپ بەرگەنىدىم. ئۇ يىغىندا ئىراق، سۈرىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ۋەكىللەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار تەرجىمان ئېلىپ كەلمىگەچكە، شۇنداقلا يىغىندىمۇ تۈرك، ئەرب تەرجىمانلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلمىغاچقا، ئۇلار يىغىن مەزمۇنىنى ئاڭلاپ چۈشىنىشتە قىينىلىپ قاپتۇ. دىققەت قىلىش ئارقىلىق، مېنىڭ تاتارچە تەرجىمەم، ئۇلارغا تونۇشلۇق ئاڭلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يىغىنىنىڭ مىشۇجاڭى دېڭ يىڭچاۋغا ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۆزلىرىنى مېنىڭ ئەتراپىمغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلىپتۇ. دېگەندەك، دېڭ يىڭچاۋمۇ دەرهاللا ئۇلارنىڭ ئورنىنى مېنىڭ ئەتراپىمغا ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن مەنمۇ تاتارچە تەرجىمىنى، ھەممىگە ئورتاقراق بولغان تۈركچە قىلىپ ئۆزگەرتىۋېدىم، ئۇلار ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن قۇرۇلتايدىكى 5 ـ 6 دۆلەتنىڭ تەرجىمانى بولۇپ قالدىم. بۇنى دېڭ يىڭچاۋ جۇزۇڭلىغا مەلۇم قىپتۇ.

يىغىندىن كېيىن جۇزۇڭلى تەرجىمانلارنى ئۆيىگە زىياپەتكە چاقىرتىپتۇ. شۇ قاتاردا مەنمۇ بار ئىدىم. جۇزۇڭلى:

ـ بۇ دۆلىتىمىز ئازات بولغاندىن كېيىن ئېچىلغان تۇنجى قېتىملىق خەلقئارالىق يىغىن. بۇندىن كېيىن مۇنداق يىغىنلار كۆپلەپ ئېچىلىدۇ. شۇڭا تەجرىبىلەرنى ئوبدان يەكۈنلەڭلار، ـ دېدى ۋە ماڭا قاراپ ھەيران بولغان هالدا، ـ بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى. سىزنىڭ تەرجىمىڭىزنى 5 ـ 6 دۆلەتنىڭ ئادەملىرى ئاڭلاپ چۈشىنىپتىغۇ، ـ دېدى.

ـ زۇڭلى، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك يېرى يوق، بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركىي تىللار بولۇپ، بىر ـ بىرسىگە يېقىن كېلىدۇ. خۇددى سىچۈەن شىۋىسى، گۇاڭجۇ شىۋىسى ئورتاق تىلغا ئوخشاشلا چوڭ پەرقتىن خالىي، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سەل ئورتاقراق تىلدا تەرجىمە قىلىۋېدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشەندى، ـ دېدىم جاۋابەن.

ـ هوي، ئۇنداقتا ئۇيغۇر تىلىغا ئېتىبار بەرمەسەك بولمىغۇدەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇنداق خەلقئارالىق رولى بارلىقىنى ئويلىماپتىمەن. بۇندىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ نەشرىياتچىلىق، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، مەتبۇئاتچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرساق بولغۇدەك، ـ دېدى جۇ زۇڭلى ۋە ماڭا يەنە، ـ ئەمدى سىز ئۈرۈمچىگە قايتىماي مۇشۇ يەردە قېلىپ، مىللەتلەر نەشرىياتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىڭ، ـ دېدى.

دېگەندەك مەن بېيجىڭدا قېلىپ، ئىككى يىل تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن، زۇڭلىنىڭ تەشەببۇسى بويىچە، مىللەتلەر نەشرىياتى رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئىشقا كىرىشتى.

مىللەتلەر نەشرىياتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەن تۇنجى بولۇپ، «خان ئوردىسىدا ساقلانغان مانجۇچە بەش تىللىق لۇغەت»نى ئىشلەشنى تەشەببۇس قىلدىم. ئۇ كاڭشىنىڭ ۋاقتىدا تۈزۈلگەن كونا تىل يادىكارلىقى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ 17 ـ 18 ـ ئەسىرلەردىكى تىل ئالاھىدىلىكى ساقلانغانىدى. ئەمما بۇ كىتابنى سۈرەتكە ئېلىپ، نەشر قىلمىسا بولمايدىغانلىقى سەۋەبىدىن 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراق پۇل كېتىدىكەن. شۇ چاغدا مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ بىر

يىللىق سەرمايىسىمۇ، بۇنچىلىك ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن نەشرىيات باشلىقى ساۋكۈڭلىياۋ بۇ ئىشقا قوشۇلمىدى. مەن ئۇنىڭدىن جۇزۇڭلىغا ئېيتىپ بېقىشنى ئىلتىماس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم جۇزۇڭلىغا ئېيتىپتۇ. زۇڭلى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بۇنداق مۇھىم كىتاب بولسا، چوقۇم چىقىرىڭلار، قانچە پۇل كېتىشىدىن قەتئىينەزەر مەن تەستىقلاپ بېرىمەن، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇئېنلەينىڭ بىۋاستە غەمخورلۇقىدا بۇ كىتاب نەشردىن چىقتى. ئارقىدىن مەن «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك»نى پىلانغا كىرگۈزگەنىدىم. بۇنىڭ بىلەن نەشرىياتتا ئىككى خىل كۆزقاراش ئوتتۇرىغا چىقتى. بەزىلەر: «بۇ كونا ئەسەر ئىكەن، بۇنى نەشر قىلدۇرساق قانداق بولىدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر پارچە ئىلتىماس يېزىپ، ساۋ كۈڭلىياۋ ئارقىلىق جۇزۇڭلىدىن يوليورۇق سورىدىم. زۇڭلى ئىلتىماسنى كۆرگەندىن كېيىن «ئەگەر، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنداق كىلاسسىك ئەسىرى بولسا، چوقۇم چىقىرىڭلار» دەپ تەستىق ساپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتىم. بۇ كىتابنى تۇنجى قېتىم، قەشقەردە سەيپۇللايۇپ، ئەھمەد زىيائى، مۇھەممەدوپ پەيزى قاتارلىقلارغا تەرجىمە قىلغۇزغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ماڭا ئەۋەتىپ بېرىشىنى ھاۋالە قىلىپ، خەۋەر قىلدىم. ئەپسۇس ئۇ كىتاب يېتىپ كەلگۈچە، «كونا كىتابلارنى تەكشۈرۈش ھەرىكىتى» دېگەن ھەرىكەت جەريانىدا، مەن كىلاسسىك ئەسەرلەرنى تەشەببۇس قىلغىنىم ئۈچۈن، بوھتان چاپلىنىپ تۈرمىگە كىرىپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشمۇ توختاپ قالدى.

## «دېڭ يىڭچاۋ ماڭا، ‹سەن ئاغىنىدارچىلىقتا يارىمايدىكەنسەن!› دەپ خەت يازدى»

شۇ چاغلاردا «ئېچىلىپ سايراش» ئەۋج ئالغانىدى. لېكىن مەن «سايرىمىغان» ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن شۇ چاغدىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ باشلىقى ئۆزى پىكىر سوراپ كەپتۇ. ئۇ ماڭا:

— ئىبراھىم، سەن باشتىن ئاخىر پىكىر بەرمىدىڭ، پىكىر بەرگىن. ئاشكارا ئېلان قىلمايمىز. بۇ سىنىڭ پارتىيىگە قىلغان ياردىمىڭ بولۇپ قالىدۇ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن قورسىقىمغا يىغىلىپ قالغان گەپلەرنى ساپدىللىق بىلەن قويماي سۆزلىدىم:

— سىزگە پىكرىم بار، — دېدىم. ئۇ چاغدا ئۇ گەپ قىلماي يېزىپ ئولتۇرغانىدى. كېيىن ئۇ، ئەڭ چوڭ ئوڭچى، مىللەتچى، بۇ يەردە بېسىلىپ قالغانىكەن دەپ، ئۇنىڭ ئالغۇغا ئېلىۋالغان سۆزلىرىمنى چوڭ يىغىندا ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كىلاسسىك ئەسەرلەرنى تەشەببۇس قىلغىنىم ھەم يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى قىلغىنىم ئۈچۈن يەنە 15 يىل تۈرمىدە ياتتىم.

شۇ چاغدا، يەنى مېنى تازا قىزىپ تەنقىد قىلىۋاتقاندا مۇنداق بىر ئىش بولدى: مەن باش بولۇپ چىقارغان «مانجۇچە بەش تىللىق لۇغەت» لېپسىگدا ئېچىلغان خەلقئارا كىتاب كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپتۇ ھەم نۇرغۇن مەملىكەتلەرنىڭ ئاكادېمىيىلىرى، تۈركلوگلار تېلېگرامما ئەۋەرتىپ: «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنلا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇشۇنداق يادىكارلىقىنىڭ نەشر قىلىنىشى، كاتتا ئىش بوپتۇ» دەپ تەبرىكلەپتۇ. شۇ چاغدا بىر ئايال مۇخبىر دەرھاللا شىنخۇا ئاگېنتلىقىدىكى بارلىق تەبرىك تېلېگراممىلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، جۇئېنلەيگە ئەۋەرتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇئېنلەي مۇشۇ كىتابنى چىقىرىشقا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى مۇكاپاتلانسۇن دەپ تەستىق ساپتۇ. بۇ خەۋەر مېنى يەتتە كۈن ئۇلاپ كۈرەش قىلىۋاتقان چاغدا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەت سەھنىدە ئوقۇلۇۋېدى، مېنى كۈرەش قىلىۋاتقانلار جىمىپلا قالدى. ئەپسۇس، شۇ چاغدىكى سول سىياسەت ۋە بەزىلەرنىڭ ناھەق زىيانكەشلىكىدىن، مەن يەنىلا 15 يىللىق تۈرمە ھاياتىدىن ساقلىنالمىدىم.

مەن 12 يىل تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن، يەنە ئۈچ يىل رىجىم ئاستىدا ياشىدىم. شۇ چاغدا جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى مېنى ئۈرۈمچىگە تەرجىمانلىققا ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەن. ئەمما كېيىن بۇنداق خەتەرلىك ئادەملەرنى ئۈرۈمچىدە تۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ، دەپ كورلىغا يۆتكىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن كورلىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدىم.

شۇ چاغدا ئوبلاستلىق كادىرلار ئىدارىسىنىڭ قۇربان دەيدىغان بىر باشلىقى بار ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىن نېمە قىلىدىغانلىقىمنى سورىسام ئۇ ئادەم:

— سىز بۇ يەرگە كېلىپ جىم تۇرسىڭىز، خىزمەت كۆرسەتكەن ھېسابلىنىسىز، خىزمەت قىلسىڭىز جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىسىز، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئايدا سىياسىي كېڭەشكە بېرىپ، 50 يۈەن مۇئاشىمنى ئېلىپ ئۆز ئىشىم بىلەن مەشغۇل بولدۇم.

مەن ئۇ يەردە ئويناپ يۈرسەم «خىزمەت كۆرسەت-كەن» بولغاچقا، كۈندۈزى شوپۇر ئاغىنىلىرىم بىلەن بەزمە-باراۋەت قىلىپ ئويىنىدىم. كېچىسى بولسا دېرىزىمگە پەردە تارتىپ قويۇپ، «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك»نى كارتوچكىغا ئېلىش بىلەن شۇغۇللاندىم.

12 يىل تۈرمىدە يېتىپ چىققاندىن كېيىن قارىسام، باللىرىم مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئالىي مەكتەپكە كىرەلمەپتۇ. بۇ ماڭا بەك ئېغىر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن رىجىم ئاستىدا تۇرۇپ، دېڭ يىڭچاۋغا: مەن 12 يىل تۈرمىدە يېتىپ چىقتىم. تۈرمىدە ياتقىنىمغا ئانچىۋالا زارىم يوق، ئەمما جان-جىگەر پەرزەنتلىرىمنىڭ خارۇ زار بولغىنىغا چىدىيالمىدىم، دېگەن مەزمۇندا خەت يازدىم. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن دېڭ يىڭچاۋدىن: سەن دوستلۇققا يارىمايدىغان ئادەمكەنسەن، نېمىشقا بۇ خەتنى قامالغاندا يازماي، تۈرمىدىن چىققاندا يازسەن. شۇ چاغلاردا يازغان بولساڭ، مەن بىر ئامال قىلالماسمىدىم. ھېلىھەم يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە خېتىڭنى چۈشۈرۈۋەتتىم. خاتىرجەم بول، دېگەن مەزمۇندا جاۋاب خەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ جۇئېنلەينىڭ سەكراتتا ياتقان چاغلىرى ئىكەن. شۇنداقتىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ ماڭا جاۋاب خەت يازغانلىقىدىن تولىمۇ تەسىرلەندىم.

شۇ ئىشلاردىن كېيىن مېنىڭ مەسلەم ئەمەللىشىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تىل ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئورۇنلاشتىم. بېيجىڭدا باشلاپ قويۇپ، لېكىن ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك»نى نەشر قىلىش ئىشىنى، مۇشۇ يەردە ئەمەلگە ئاشۇردۇم. «دىۋان» نەشردىن چىققاندىن كېيىن كۆپ يىللىق ئارزۇيۇمغا ئاخىرى يەتكەنلىكىمدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم.

خىزمىتىم ئەمەللىشىپ بولغاندىن كېيىن، خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭغا يەنە باردىم. شۇ چاغدا ماھىنۇر خانىممۇ موسكۋاغا بارماقچى بولۇپ، دېڭ يىڭچاۋدىن يولىيۇرۇق سورىماقچى بولۇپ تۇرغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن مەن ماھىنۇر خانىمغا، مەن ئۈچۈن دېڭ ھەدىگە رەھمەت ئېيتىپ قويۇشىنى ھەم شۇياقىنىڭ بىۋاستە غەمخورلۇقى بىلەن قىيىن كۈنلەردىن قۇتۇلغىنىمغا، مەن ھەم بالىلىرىمنىڭ تولىمۇ خۇرسەن ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويۇشىنى ھاۋالە قىلدىم. ماھىنۇر خانىم مېنىڭ رەھمىتىمنى يەتكۈزگەندىن كېيىن دېڭ ھەدە، مېنىڭ ھازىر نەدە ئىكەنلىكىمنى سوراپتۇ. ماھىنۇر خانىم مېنىڭ ھازىر شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتقاندىن كېيىن، دېڭ يىڭچاۋ ئۆزىنىڭ ئىسىم كارتوچكىسىنى بېرىپتۇ ۋە بىرەر ھەپتىگىچە ئورۇنلاشتۇرۇش جىددىي بولغاچقا، ۋاقىت چىقىرالمايدىغانلىقىنى، ئەمما بىر ھەپتىدىن كېيىن چوقۇم ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ كېتىشىمنى تاپىلاپتۇ. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا مەن ئايروپىلان بېلىتىنى ئېلىپ بولغانىدىم. شۇڭا دېڭ يىڭچاۋنىڭ كاتىپىغا تېلېفون بېرىپ:

- دېڭ ھەدىنى ئاۋارە قىلغۇم يوق، پەقەتلا ئۆز تەشەككۈرۈمنى يەتكۈزۈپ قوياي دېۋىدىم، بۇنى ماھىنۇر خانىم يەتكۈزۈپتۇ. ئايروپىلان بېلىتىنى بالدۇر ئېلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن كۆرۈشەلمەي كېتىدىغان بولدۇم، ئەپۇ سورايمەن،-دەپ سۆز قالدۇرۇپ قويدۇم.

تابۇتكۇنگە قەدەر شۇ پېشقەدەم دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ماڭا، ياق ماڭىلا ئەمەس بەلكى مەندەك كۈنلەرگە دۇچار بولغان بارلىق زىيالىيلارغا قىلغان سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا قىلغان غەمخورلۇقلىرىنى ئويلىغىنىمدا، كۆزلىرىم ئىسسىق ياشقا تولدۇ، ئۇلارنى سېغىنىش، ھۆرمەت ئىچىدە ئەسلەپ قالىمەن.

## بىزدىمۇ يارالمىش ھەققىدە ئەپسانىلەر بولغان

دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە دۇنيادا ئوخشىمىغان كۆزقاراشلار مەۋجۇت. بۇنىڭ بىرى غەرب كۆزقارىشى دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان گىرىك كۆزقارىشى. يەنە بىرى ئەرەب، يەھۇدى خەلقلىرىنى ئاساس قىلغان، ھام، سام خەلقلىرىنىڭ كۆزقارىشى. بۇ خىل كۆزقاراشتا دۇنيانىڭ يارىتىلىشىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ھالبۇكى، ئۈچ خىل كۆزقاراش، يەنى تۈركىي خەلقلەردىكى ئالتاي كۆزقارىشىدا بولسا، دۇنيانىڭ يارىتىلىشى «كىشى» ئەلەيھىسسالامغا باغلىنىپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىفولوگىيىسىدە ئەڭ بۈيۈك تەڭرى «قاراخان» دەپ قارىلىدىغان ئېتىقاد بولغان. قەدىمقى تۈركىي خەلقلەر «قاراخان»نى تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى، ئەڭ بۈيۈك تەڭرى دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. شۇ چاغدىكى كۆزقاراش بويىچە تۈركىي خەلقلەر باش تەڭرى «قاراخان»نىڭ قول ئاستىدا يەنە بىر قانچە تەڭرىلەر، مەسىلەن، ئانا باللارغا ھامىيلىق قىلغۇچى تەڭرى «ئۇماي»؛ ۋەتەن

ئېتىقادىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان «يەرسۇپ» تەگرىسى قاتارلىق چوڭ تەگرىلەر بار ئىدى. بۇ چوڭ تەگرىلەردىن باشقا يەنە «ئىل بىرىكمە تەگرىم»(ئەل، مەملىكەت بەخش قىلىدىغان تەگرىم)،بۆكە (دىۋە)، يەل بۆكە(بىر خىل دىۋە)، ئېلبى(سېھىر)، ئېلبىسلىگ(سېھىرلىك)، «ئۆتۈكەن قۇش» (ئۆتۈكەننى قوغدايدىغان تەگرى)، ئىدۇق قۇت (تۇرپان ئېدىقۇتلىرى مۇشۇ ئىسىم ئارقىلىق ئۆزلىرىنى تەگرىلەرگە باغلايدۇ) دېگەندەك كىچىك تەگرىلەرمۇ بار بولغان. ئۇندىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ زەڭگى بوۋا، ئويۇلقارا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۈچىنچى دەرىجىلىك تەگرىلىرىمۇ بولغانىدى.

«ئوماي» ئېتىقادى هازىرقى ماتېرىيالىستىك كۆز قاراش بويىچە قارىغاندا، ئەينى چاغدىكى ئانىلىق هۆكۈمرانلىقنىڭ ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى ۋەكىلى. مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ دىۋانىدا «ئوماي»غا ھەمراھ دەپ ئىزاھ بەرگەن. يەنى بالىغا هامىيلىق قىلىدۇ، بالىياتقۇ ھەمراسى دەپ قەيت قىلغان. مەھمۇد قەشقەرى بۇنى ئىسلامىيەتكە سەل ماسلاشتۇرۇپ ئىزاھ بەرگەن. ئەمەلىيەتتە بولسا «ئوماي» قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىفولوگىيەسىدىكى «قاراخان تەگرى»دىن قالسا، تۆۋەندىكى ئۈچ چوڭ تەگرىنىڭ بىرىدۇر. خەنزۇلارنىڭ «مۇتىيەنزى» «ئوماي» بىلەن كۆرۈشكەن دېيىلىدۇ. خەنزۇ ئەپسانىدىكى «ۋاگمۇنياڭ» دېگىنى دەل شۇ «ئوماي»دۇر. «ئوماي» ئانا باللارغا هامىيلىق قىلغۇچى تەگرى بولغاچقا، خەنزۇلار ئۇنى «ۋاگمۇ» دەپ ئاتىغان. دېمەك بۇنىڭدىن ئەينى چاغدىكى مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن زىچ گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بەخت تەگرىسى قۇت (قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۆرە دېگەنلىك بولىدۇ، هازىرقى تىلىمىزدا بەخت مەنىسىدىكى «قۇت» سۆزى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن) ئىنسانلار ئارىسىدا «كۆك بۆرە» شەكلىدە پەيدا بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى شۇ «قۇت»قا باغلىنىدۇ. «قۇت» ياكى «كۆك بۆرە» جەڭلەردە يول باشلىغۇچى، خەلق بېشىغا كۈن چۈشكەندە، ئۇلارغا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسەتكۈچى بولغان. شۇڭا، قەدىمكى ئۇيغۇرلار «كۆك بۆرى»نى خانلارنىڭ هىمايىچىسى دەپ قاراپ، ئۇرۇش تۇغلىرىنىڭ بېشىغا «قۇت»(بۆرە) ئوبرازىنى بېكىتكەن. بۇ خىل ئېتىقادنىڭ قالدۇقى چارۋىچى خەلقلەر ئارىسىدا هازىرمۇ مەۋجۇت، قويغا بۆرە تەگسە، ئاپەت دەپ قارىماستىن ئامەت كېلىدۇ دەپ قاراش ئەنە شۇنىڭ بىر مىسالى.

ئۇرۇش تەگرىسىگە تېۋىنىش تارىخىمىزمۇ بەك ئۇزۇن. قەدىمقى تۈركىي خەلقلەردە جەڭ يۈرۈشلىرىگە ئاتلىنىشنىڭ ئالدىدا «قاراخان تەگرى»گە، شۇنداقلا ئانا باللارنىڭ هامىيسى «ئوماي»غا، ۋەتەنگە سىمۋول بولغۇچى «جەڭ تەگرىسى»گە نەزىر بېرىپ، دۇئا ئالىدىغان ئادەت بولغان. تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمقى جەڭ يۈرۈشلىرىدە سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى تۇغنىڭ ئاستىدا بىر ئاق بوز ئات يول باشلاپ ماڭغان. ئۇنىڭغا هېچكىم مىنمەيدىغان بولۇپ، «جەڭ تەگرىسى» شۇ ئاتقا مىنىپ، جەڭلەردە زەپەر ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارالغان. مەسىلەن، بايقال تاغلىرىدىكى بىر سىنتاشقا سىزىلغان رەسىمدە بىر قانچە ئاتلىق ئادەمنىڭ ئالدىدا تۇغ قادالغان بىر ياۋىداق ئاتنىڭ سەپ ئالدىدا ماڭغانلىقى تەسۋىرلەنگەن(ئۇ بۇندىن 6000 يىل ئاۋالقى رەسىم). بىزگە مەلۇم، چىڭگىزخاننىڭ ئۇرۇش سەپلىرىدە سەپنىڭ ئالدىدا هېچكىم مىنمەيدىغان بىر ئاق ئاتنىڭ تۇغ بىلەن بىللە مېڭىشى، ئەنە شۇ دەۋردىكى ئۇرۇش تەگرىسىگە بولغان ئېتىقادتىن كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خانلىرىنىڭ دەرەختىن تۇغۇلغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت خەلقىمىز ئارىسىدا ئورمان تەگرىسىگە بولغان ئېتىقادنىڭ مىسالى. ئورمان تەگرىسىگە تېۋىنىشنىڭ قالدۇقلىرى خەلق ئۆرپئادىتىدە هازىرمۇ بار. مەسىلەن، ئۇيغۇر دېھقانلىرى هويلا يېنىدا كەڭ يىلتىز تارتىپ باغجانلاپ كېرىلىپ ئۆسكەن دەرەخلەرنى كېسىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ، يالغۇز ياكى ئېگىز ھەم چوڭ ئۆسكەن دەرەخكە «يۇرۇن»(پۇرۇچ) باغلاپ، ئۇنى «مازار تېرەك» دېگەندەك ئاتالغۇلار بىلەن ئاتاپ، تاۋاپ قىلىدىغان ئادەت بار. قەدىمي ئېتىقادتا بۇ خىل دەرەخلەرنى كەسسە، «يۇرتقا ياكى ئۆيگە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ چۈشىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ «دەرەخ تەگرىسى»نىڭ ئورنى دەپ قارىلىپ، ئۇلۇغلانغان. بۇلارمۇ خەلقىمىزنىڭ قەدىمي مىفولوگىيە ئېتىقادىنىڭ تارماقلىرى بولۇپ، هازىرقى زامان ئېتىقادىدا ئەنە شۇنداق ئىپادىلەرنى تاپقان. قەشقەر، خوتەن، يەركەن قاتارلىق جايلاردا شۇ خىل ئادەت هازىرمۇ ساقلانغان. مانا بۇلار تىپىك ئالتاي مىفولوگىيىسىگە كىرىدۇ. بۇ خىل كۆزقاراش موڭغۇل، مانجۇ، ئۇيغۇر، قىرغىز، قازاق قاتارلىق ئالتاي خەلقلىرىگە ئورتاق بولغان كۆزقاراشتۇر.

«تاغ تەگرىسى»گە تېۋىنىشتىمۇ ئالتاي ئەپسانىلىرى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تۈركىي خەلقلەرنىڭ خا-

قانلىرى «ئۆتۈگەن تېغى»نى مۇقەددەس بىلىپ، تەختكە ئولتۇرغاندا شۇ تاغدا ئولتۇرۇشى، «خان تەڭرى»نى مۇقەددەس بىلىشى، يەتتىسۇدىكى ئۇلۇغ تاغ، كىچىك تاغ(ئورتاغ، كىرى تاغ)لارنى تەڭرىلەر تۇرىدىغان جاي (تەڭرىتاغ) دەپ ئېتىقاد قىلىشى ۋە بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەر ئەنە شۇ تاغ تەڭرىسىگە تېۋىنىشنىڭ مىساللىرى. ئۇندىن باشقا بىزدە تاغنىڭ چوققىسىغا ياكى تاغنىڭ ئېگىزرەك يەرلىرىگە تەرەت قىلىشنى يامان كۆرىدىغان ئادەت بار. تاغنىڭ چوققىسى قەدىمىي ئېتىقادتا «تاغ تەڭرى»سىنىڭ تۇرار جايى دەپ قارالغان. شۇ خىل قەدىمىي ئېتىقاد مۇشۇنداق ئادەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئېتىقادىدا تەڭرىلەر كۆپ بولۇپ، يارىلىش ئەپسانىسىدىكى «كىشى»نى ئادەم ئاتىغا، «قارا خان»نى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى زېۋسقا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن. كۆپ تەڭرىگە بولغان ئىخلاس ۋە ئېتىقادنى ئۇيغۇرلار ھەر خىل تارىخىي دەۋرلەردە ئېتىقاد قىلغان زەردەش دىنى(ئوت - ئاتەشپەرەسلىك)، مانى دىنى(كۆن ۋە ئاي تەڭرىلەرگە تېۋىنىش) ۋە بۇددا دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەمما بۇنىڭغا قاراپلا ئالتاي كۆزقارىشىنى، «كۆپ تەڭرىلىك ئېتىقاد» دەپ ھۆكۈم چىقارساق بولمايدۇ. چۈنكى، باش تەڭرى «قاراخان» ئەڭ ئالىي تەڭرىدۇر. ئۇ نۇرغۇنلىغان جەمەتلەردە گىرىك كۆزقارىشىدىكى باش ئىلاھ «زېۋس» ۋە بۇددا كۆزقارىشىدىكى باش ئىلاھ «ساكيومونى» دىن كەسكىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى دەۋرلەردە، بىر تەڭرىلىك دىن بولغان ئىسلام دىنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئارىسىدا بىر قەدەر ئوڭاي قوبۇل قىلىنغان. ھالبۇكى، كۆپ تەڭرىلىك خەلقلەردە بولسا ئىسلام دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى، ئۇ دەرىجىدە ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتمىدى. مەسىلەن، ھىندىستاندا بۇددىزىم كۆپ تەڭرىلىك دىن بولغاچقا، ئىسلامىيەت پۈتۈن ھىندىستاننى مۇسۇلمان قىلىپ كېتەلمىدى. پەقەتلا ھازىرقى پاكىستان تەۋەسىدىكى بىر قىسىم خەلقلەرلا مەجبۇرى ئېتىقاد قىلغۇزۇش شەكلى بىلەن مۇسۇلمان بولدى. ئەمما بىزنىڭ تۈركىي خەلقلەردە ئىلگىرىدىن بىر تەڭرىلىك ئىدىئولوگىيە ھۆكۈمران بولغاچقا، ئىسلام دىنى ئاسانراق قوبۇل قىلىندى ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. بۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلامىيەتكە ئېتىقاد قىلىشتىكى كۆپلىگەن سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

ئالتاي مىفولوگىيىسىدە دۇنيانىڭ يارىلىشىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «قاراخان تەڭرى» ئەڭ ئالدى بىلەن تۇنجى جانلىقنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا «كىشى» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. (بۇ، ئالتاي تىلىدىكى گىزى، قازاق تىلىدىكى كىسى، ئۇيغۇر تىلىدىكى كىشى قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسىدۇر) ۋە ئۇنى دېڭىز ئاستىغا جايلاشتۇرۇپتۇ. كېيىنچە «كىشى» دېڭىز ئاستىدا تۇرۇۋېرىپ زېرىكىش ھېس قىلغاندىن كېيىن «قاراخان تەڭرى»گە نالە قىلىپ:«ئى، خۇدا، مېنى يا-



رىتىشنى يارىتىپ، دېڭىزنىڭ ئاستىغا مەھكۇم قىلىۋەتكىنىڭنى نېمىسى؟ مەن سۇنىڭ ئاستىدا تۇرېۋېرىپ زېرىكتىم، ماڭا قۇرۇقلۇقتىن يەر ئاتا قىلىپ، ساپ ھاۋادىن نەپەسلەنگەندۇرگەيسەن» دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاراخان تەڭرى ئۇنىڭغا دېڭىز ئاستىدىكى قۇمدىن قانچىلىك ئەپچىقالىسا، شۇنچىلىك ئەپچىقىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «كىشى» دېڭىز ئاستىدىن قاماللاپ، سۇ يۈزىگە ئېلىپ چىققان قۇملارنى ئالدىغا شۇنداق بىر قويۇپتىكەن، ئۇ قۇملاردىن قۇرۇغلۇقلار پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ، كۆپرەك قۇملارنى ئېلىپ چىقىش نىيىتىدە قوۋزىغىمۇ قۇم تۇشقۇزۇپ چىققانىكەن، ئۇنى قىرغاققا قارىتىپ بىر تۈكۈرۈپتۇ، ئۇنىڭ چېشلىرىنىڭ ئاراچلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان دانچەدانچە قۇملاردىن بەھەيۋەت تاغلار پەيدا بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشى زېمىندا كۆپىيىپ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىدىن دۇنياغا تارالغانكەن. شۇڭلاشقا ئېيتىمىزكى، ئالتاي مىفولوگىيىسى، گىرىك ۋە ھام - سام مىفولوگىيىلىرىدىن پەرقلىنىپ

تۇرىدىغان مۇستەقىل بىر كۆزقاراش.

ئەسلىدە ئالتاي تىللىرى بىر تىل بولۇپ، كېيىن بۇ تىل ئۈچ تارماق تىلغا ئايرىلغانىكەن. ئۇندىن كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا يەنە موڭغۇل تىلى، مانجۇ تىلى، تۈركىي تىللار بولۇپ ئايرىلغانىكەن. ھون دەۋرىدە، بولۇپمۇ غەربىي ھون ۋە جەنۇبىي ھونىنىڭ ئاساسىي تىلى شۇ بولغان ئىكەن. بۇ ھەقتە تارىخىي جەھەتتىكى كۆزقاراش مۇقىملىشىپ قالدى. شەرقتىكىلەر توڭگۇس ـ مانجۇ تىللىرى بولۇپ ئايرىلغانىكەن. ھازىرقى مانجۇلار، موڭغۇللار، بېرىنگىر، شۇلەر، شۇنداقلا شەرقىي شىمالدىكى بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ تىلى مۇشۇ تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ. موڭغۇل تىلىمۇ بىر ئەمەس بىر قانچە تارماقلارغا ئايرىلغان. شىنجاڭ موڭغۇللىرى، موڭغۇلىيە موڭغۇللىرى، موغۇللار قاتارلىقلارنىڭ تىلى بىر قانچە تارماق تىللارغا بۆلۈنگەن.

تۈركىي تىللار ئالتاي تىلىنىڭ بىر چوڭ تارمىقى. بۇ تىللار يەنە ئوغۇز تىللىرى، قىپچاق تىللىرى، ئۇيغۇر تىللىرى، ئۆزبېك تىللىرى دېگەندەك بىر قانچە تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بۇ تىللارنىڭ ھەممىسى تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققىياتىدا شەكىللەنگەن شاخاپچىلار. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئالتاي مىفولوگىيىسى ئالتاي خەلقلىرى يەنى موڭغۇل، مانجۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، قىپچاق... قاتارلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان كۆزقاراشتۇر.

ھازىر ئالتاي تىللىرىنى، بولۇپمۇ ئالتاي دەۋرىدىكى تىللار قانداق تىل ئىدى دېگەننى تەتقىق قىلىش ناھايىتى چوڭ بىر تېما بولۇپ قالدى. ھەتتا خەنزۇلارنىڭ شىمالىي شىۋىلىرىدىمۇ ئالتاي تىللىرىنىڭ تەسىرى بار دېگەن كۆزقاراش مەۋجۇت. نوپۇزلۇق ئالىملار بۇ توغرىسىدا نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن، تۆمۈر، خەنزۇ تىلىدا ( 铁 ) دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئەسلى تۆمۈر ئاتالغۇسى ئالتاي تىللىرىدا پەيدا بولغان ئاتالغۇ، قىسقارتىش ئارقىلىق ( 铁 ) دەپ قوبۇل قىلىنغان. مىسنى ئەسلى تۇچ دەپ ئاتايمىز. بۇ خەنزۇ تىلىدا تۇڭ ( 铜 ) دېيىلىدۇ. گومورۇ ئەپەندىمۇ بۇ خىل پاكىتلارنى كەلتۈرگەن. مەسىلەن، خەنزۇچە چۇ ( 曲 ) دېگەن سۆزنى، گومورۇ ئەپەندى تۈركىي خەلقلەردىكى «كۈي» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن دەپ قارايدۇ.

ئالتاي تىلى دەۋرىدە يەنى ھون دەۋرىدىن ئاۋۋالقى دەۋردە شىمالىي جۇڭگودا «دى» قەبىلىلىرى ياشىغان ئىدى. ھازىر بەزى ئالىملار «دى» دېگەن سۆزنى «تۈرك» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشىدىكى بىرىنچى سۆز دەپ قارىۋاتىدۇ. قىرغىز ئالىمى ئەنۋەر بايتۇر ئۆزىنىڭ «جۇڭگودىكى مىللەتلەر» دېگەن كىتابىدا، شىمالدىكى «دى»لار، تۈركلەر دەپ قەيت قىلىدۇ.

ئالتاي دەۋرىدە بىرىنگ بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، جەنۇبىي ئامېرىكىغا بارغان ئىندىئانلارنىڭمۇ ئالتاي خەلقلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىۋاتىدۇ، يېڭى دەلىللەر چىقىۋاتىدۇ. ئىندىئانلار ئاتلىق مىللەت. ئەسلى ئات مەدەنىيىتىنى ئالتاي خەلقى ياراتقان. يەنى ئات مەدەنىيىتى يارالغان دەۋردىن كېيىن ئىندىئانلار ئاندىن ئامېرىكىغا ئۆتكەن ۋە ئات مەدەنىيىتىنىمۇ بىللە ئېلىپ بارغان. بۇ توغرىلىق ھەر خىل ئىسپاتلاش ئېلىپ بارغان ئالىملار بار. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شىۋېتسىيىلىك بىر ئالىم ئالتاي خەلقلىرى بىرىنگ بوغۇزىدىن ئۆتۈپ بارغاندىن باشقا، يەنە سۇ يولى بىلەن بارغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىسىدىن شىمالغا قاراپ ئاققان بىر ئېقىنغا ئەگىشىپ، سال بىلەن ئالياسكىغا بارغان، ئالياسكىدىن ئاندىن جەنۇبىي ئامېرىكىغا ئۆتكەن. بۇ تەجرىبە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ ئىسپاتلاندى. شۇنداقلا قەدىمقى ئىندىئان قەبىلىلىرىنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ تۈركچە، يەنى ئالتاي تىلىدا بولۇشى تېخىمۇ ئىشەنچلىك پاكىتلارنى يورۇتتى.

ئامېرىكىلىق بىر تىلشۇناس ئالىم قانداق قىلىپ بىر ئاساسىي تىل بىر قانچە تارماق تىللارغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ ۋە يەنە قانداق قىلىپ بۇ تارماق تىللار مۇستەقىل تىلغا ئايلىنىدۇ دېگەننى تەتقىق قىلىپ، ئىندىئانلارنىڭ تىلىدىكى پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ يېڭى بىر نەزەرىيىنى پەيدا قىلدى. ئۇ تىلشۇناس ئىندىئان تىلى بىلەن ئالتاي تىلى، ئىندىئان مەدەنىيىتى بىلەن ئالتاي مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ ھەم شۇنداقلا ئۆرپ ـ ئادەت، ئانتروپولوگىيە قاتارلىق جەھەتلەردىن ھازىرقى ئىندىئانلارنى قەدىمقى ئالتاي خەلقلىرىگە باغلاۋاتىدۇ. ئىندىئانلارنى مۇستەقىل بىر مىللەت ئەمەس، بەلكى ئالتاي خەلقلىرىنىڭ بىرىنگ بوغۇزىدىن ئۆتكەن بىر قىسمى دەپ قاراۋاتىدۇ.

ياپون تىلىدىكى ئۈچ چوڭ شىۋىنىڭ بىرسى يەنى خوككايدۇ شىۋىسى ئالتاي تىلىغا مۇناسىۋەتلىك شىۋە

ئىكەن. بۇ توغرىدا ئامېرىكىلىق تىلشۇناس، ئاكادېمىك پوپپې ياپون تىلىنىڭ گراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىدا ئوخشاشلىق بار دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، جۈملىدىكى ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا كېلىش قوشۇمچىلىرىدا مەلۇم ئورتاقلىق بار، دەپ قارايدۇ. ياپونلارمۇ ئالتاي تىللىرى بىلەن ياپون تىلىدا مەلۇم دەرىجىدە يېقىنلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىمۇ ئۆزىنىڭ دىۋانىدا «جابىرقا» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ياپونىيىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن. پوپپىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى.

قەدىمىي قومۇلدا «ئىۋىرغول» نامى بىلەن ئاتالغان بىر خەلق ئۆتكەن. يېقىندا تەيۋەنلىك بىر ئالىم «ئىۋىرغول» دېگەن ئاتالغۇنى «ئۇيغۇر» نامىنىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى دەپ چۈشەندۈرى.

قەدىمىي خەنزۇ تارىخنامىلىرىدا چېۋزى دۆلىتى ( 车子国 ) دېگەن نام ئۇچرايدۇ. ھازىرقى تۇرپاندىكى يارغول خارابىسى ئاشۇ چېۋزى دۆلىتىنىڭ ( 车子 国 ) پايتەختى. چېۋزى سۆزى قەدىمىي خەنزۇ تىلىدا «گۈزى» دەپ ئوقۇلىدۇ. شۇ بويىچە بولغاندا، «گۈزىگو» دېگىنى غۇز دۆلىتى دېگىنى بولىدۇ. خەنزۇ تارىخچىلىرىمۇ تۇرپانىنىڭ يوغان تېرەك دېگەن يېرىدە غۇزلار ياشايتتى، دەپ ئىسپاتلايدۇ. دېمەك قەدىمقى ۋاقىتلاردا تۇرپاندا غۇزلار ياشىغان. غۇز دۆلىتى يەنە ئالدىنقى غۇز دۆلىتى ( 前车子国 )، كېيىنكى غۇز دۆلىتى ( 后车子国 ) دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. تۇرپان يارغولدىكىلەر ئالدىنقى غۇز، ئۈرۈمچى ئەتراپىدا ياشىغانلىرى كېيىنكى غۇز دەپ ئاتالغان. مۇشۇ بويىچە غۇز، ئوغۇز، غۇر، ئوغۇر، گۇر، كۇر قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ۋارىيانتىنى يىغىنچاقلاپ كەلگەندە «كۇر» دېگەن ئېتىنىڭ ئاتالغۇغا «كۇرىيە» نامى باغلىنىدۇ ھەم شۇنداقلا كۇرىيەنىڭ بۆلۈنگەن دەۋرى بىلەن ئوغۇزخان دەۋرى يېقىن كېلىدۇ. مۇشۇ بويىچە تەھلىلىمىزنى داۋاملاشتۇرساق، كورىيە تىلى ئالتاي تىللىرىدىن ئايرىلىپ چىققان بىر تىل، شۇنداقلا كورىيە تىلىنىڭ ياپون تىلىغا بولغان تەسىرى زور. گەرچە كېيىن كورىيەلىكلەرمۇ خەنزۇ يېزىقىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن جۈملە قۇرۇلمىسىدا يەنىلا ئالتاي تىللىرىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالغان.

مەن 1982 -يىلى تەكلىپ بىلەن ئامېرىكىغا بېرىپ، «ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتكە يېڭى كىرگەن دەۋردىكى قەشقەر ئىسلام مەدرىسلىرى» دېگەن تېمىدىكى بىر پارچە ماقالەمنى ئوقۇغانىدىم. بۇ ماقالەم شۇ يىغىنغا قاتناشقان ئالىملار تەرىپىدىن ناھايىتى يۇقىرى باھالانغان ئىدى. شۇ چاغدا مەن ئاكادېمىك پوپپې بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولغان ئىدىم. ئەسلىدە بېرىم سائەتلا بەلگىلەنگەن سۆھبىتىمىز، ئىلىم جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىمىزنىڭ ئوخشاشلىقى تۈپەيلى ئىككى يېرىم سائەت داۋاملاشتى. مەن پوپپېدىن ئالتاي تىللىرى توغرىسىدا ئىشلىگەن كىلاسسىك فىكاتسىيىگىز مۇقىملاشتىمۇ دەپ سورىسام، ئۇ:« يېقىندا ئىراندا بىر تۈركىي تىل تېپىلىپ قالدى. تىلنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى مېنىڭ كىلاسسىك فىكاتسىيەمگە سەل كىرمەيۋاتىدۇ. شۇنى كىرگۈزسەم تولۇقلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. مەن يەنە: «ئۇ قايسى خۇسۇسىيەت ئىكەن» دەپ سورىدىم. ئۇ «بۇ تىلدا ئا، ئە قاتارلىق سۆزلەرنىڭ بېشىغا ( ھ ) ھەرپىنى قوشۇۋالىدىغان ئادەت بار ئىكەن» دېۋىدى، مەن: «بۇ خىل ئادەت بىزنىڭ قەشقەردىمۇ بار. مەسىلەن، ئابلىز ئاخۇن، ئابدۇراخمان دېگەنلەرنى، ھابلىز ئاخۇن، ھابدۇراخمان دەيدۇ» دېسەم ئۇ ھەيران بولغان ھالدا: «مەن قەشقەردە بۇنداق تىل ئادىتىنىڭ بارلىقىنى پەقەت ئويلىماپتىمەن. سەن ماڭا زور يېڭىلىق ئەكەلدىڭ» دەپ خۇش بولۇپ كەتكەنىدى. پوپپې شۇ ۋاقىتلاردا 90 ياشلاردا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ئىزدىنىشنى توختاتمىغان ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ ۋاپاتىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇردۇم. بۇ مۆھتەرەم ئالىمنىڭ دۇنيا تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىغا، شۇنداقلا تۈركولوگىيە ئىلمىگە قوشقان تۆھپىسى ئۇنتۇلمايدۇ ۋە ئەبەدى ھۆرمەتلىنىدۇ.

## ئۈمىد ئىنساننىڭ جېنى

مەن ئەزەلدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، چۈشكۈنلىشىپ باققان ئەمەس. بەش يىل شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ياتقان چېغىمدىمۇ، كېيىن ناھەق زىيانكەشلىك بىلەن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا 15 يىل تۈرمىدە ياتقان چېغىمدىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ، چۈشكۈنلىشىپ باققان ئەمەسمەن. ھېلىمۇ يادىمدا، شىڭ شىسەينىڭ سوراقخانىسىدا 15 كۈن ئېسىقلىق تۇرغاندىن كېيىن، بىر زەمبىل گۆشتەك ھالەتتە كامىرغا ئېلىپ كىرىلدىم. شۇنداق شارائىتتىمۇ مەن يەنىلا ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئاخشىمى تەييارلاپ قويغان بىر داس سوغۇق سۇ بىلەن پۈتۈپ بەدىنىمنى ماساژ قىلاتتىم. ئاچلىق ئېلان قىلىپ ئەكىرىۋالغان كىتابلىرىمنى تۈرمە دېرىزىسىدىن چۈشۈپ تۇرغان غۇۋا يورۇقتا تۇتۇپ ئو-

قۇيتتىم، خەنزۇچە ئۆگىنەتتىم، يادلايتتىم. شۇ ۋاقىتلاردا مەن تۈرمىدىكى خەنزۇ مەھبۇسلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، يەرگە جىجاپ ئۆگەنگەن خەنزۇچە بىلىمىم، كېيىنكى چاغلاردا ماڭا زور دەرىجىدە ئەسقاتتى. مەن تۈرمىگە كىرگەندە خەنزۇچە بىلمەيتتىم. ئەمما تۈرمىدىن چىققاندا بولسا، خەنزۇچىنى پۇختا ئىگەللەپ چىقتىم. ئادەم قانداق ياشاشنى بىلىۋېلىشى كېرەك. بىر يۈكسەكلىككە بولغان ئىنتىلىش ئادەمنى ئادەمدەك ياشاشقا ئۈندەيدۇ. شۇڭا ئېيتىمەنكى، ئۈمىد ئىنسانىنىڭ جېنى!

مەن ھازىرقى ياشلىرىمىزغىمۇ ئۈمىد بىلەن قارايمەن. ياشلىرىمىزنىڭ ئىچىدىنمۇ نۇرغۇنلىغان تالانت ئىگىسى يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. مەسىلەن، مېنىڭ كەسپىم بولغان تۈركولوگىيە ساھەسىدە، موسكۋادا باسكاكوف، باراكوف، ئەلھەم تېنەشوف قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئېلىپ، دوكتۇرلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ كەلگەن ياسىن. ئۇ ھازىر بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئىشلەۋاتىدۇ. ئامېرىكىغا بېرىپ، تۈركولوگىيە كەسپىنى ئوقۇپ، دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ كەلگەن يەنە بىر يىگىتىمىز بار. ھازىر ئۇ گوۋۋېيۇەندە ئىشلەۋاتىدۇ. مېنىڭ خاتىرەمدىكى مەلۇماتلاردىن بىلىشىمچە بىزدىن ھازىرچە 20 دىن ئارتۇق دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن دوكتۇرلىرىمىز يېتىشىپ چىقتى. بۇلار كېلەچەك ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيىسىنىڭ تەرەققىياتىدا زور رول ئوينايدىغانلار دەپ قارايمەن. گەرچە بۇلار نوپۇسىمىزغا سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ ئاز سان بولسىمۇ، مەن بۇنىڭدىن يەنىلا ناھايىتى ئۈمىدۋار.

بىر زامانلاردا ئۆزبېكىستانىنىڭ دۆلەت ئاتىسى ھېسابلانغان مۇستاپا چوقاي دېگەن ئادەم: «نوپۇسى بىر مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تارىخ سەھىپىسىدىن ئىزناسىز ئۆچۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلاردىن ھەر دەۋردە تارىخنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان يارامىلىق ئادەملەر چىقىدۇ» دېگەن سۆزنى ئېيتقان. بۇ سۆز ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ 8 مىليونغا يېقىن نوپۇسى بار. مۇشۇنداق بىر مىللەتتىن يەنى چوڭقۇر ۋە كەڭرى مەدەنىيەت ئاساسىغا، تارىخى يىلتىزغا، شۇنداقلا ئاز بولمىغان نوپۇسقا ئىگە بولغان بىر مىللەتتىن ھەر دەۋردە چوقۇم شۇ دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان ئادەملەردىن كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، ئىلگىرىكى دەۋرلەردە مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋائى قاتارلىق ئىجتىمائىي پەن پېشۋالىرى يەنە باشقا نۇرغۇنلىغان تەبىئىي پەن پېشۋالىرى يېتىشىپ چىققان.

گومىنداڭ دەۋرىدە بولسا، لۇتپۇللا، ئەھمەد زىيائى، خوجىنىياز ھاجىم، مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىق ئىلغار زىيالىيلىرىمىز، قەھرىمانلىرىمىز يېتىشىپ چىققان ۋە تارىخ سەھىپىسىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. ھازىر بولسا تېخىمۇ ئېسىل ئادەملىرىمىز يېتىشىپ چىقتى، شۇنداقلا يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە مەن ھازىر يېتىشىپ چىقىۋاتقان 10 ـ 20 دوكتۇرلىرىمىزنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم ئۈمىد تۇيغۇسىدا شادلىققا چۆمدى. بۇلار خېلى بىر مەزگىل بۇرۇقتۇرما بولۇپ تۇرغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى. ئىشىنىمەنكى، پات ئارىدا مەدەنىيەت باغچىمىزدا پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان خۇشپۇراق گۈللەرنىڭ مۆجىزىكار خاسىيىتى بىلەن ئىلغار مىللەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالالايمىز.

## ئاخىرقى سۆز

ئۆمرىدە جۇجەمنىڭ 80 قېتىم پىشىپ يەرگە تۆكۈلگەنلىكىنى كۆرگەن بۇ مويسىپىت ئالىم ھاسا تاياقتىن خالىي ھالدا، يەنىلا ئۆزى سۆيگەن دىياردىكى ئاقباش چوققىلاردەك مەزمۇت ۋە مەغرۇر تۇراتتى. ئۇنىڭ بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزلىرىدىن كەلگۈسىگە بولغان چەكسىز ئىشەنچ ـ تەلپۈنۈش ئەكس ئېتەتتى. قەلبىم چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمۈلگەنىدى. مەن ئىچىمدە شۇنداق پىچىرلىدىم: «ئاللا ئۇنىڭغا ئاشۇ سۆيۈملۈك تاغلاردەك مەڭگۈلۈك ھايات ئاتا قىلغاي!».



# دادا، توختاپ تۇرۇڭ

پەرھات ياسىن

–قىزىم، كەچ بولۇپ قالدى، نېمىشقا ئىشىك ئالدىغا چىقىۋالىسەن؟ قايتىپ كىر، سوغۇق تېگىپ قالمىسۇن.

–ئاپا، توڭلىمىدىم، دادامنى ساقلاۋاتىمەن. دادام ماڭا قونچاق، ماشىنا ئەكىلىپ بېرىدۇ. كەلسە تېخى مېنى تاغقا ئەچىقىپ ئويناتماقچى، ئاپا، سىزمۇ بارىسىز ھە؟...

–سىزگە نېمە بولدى ئاپا، تولا يىغلايدىكەنسىز، يىغلىماڭ، سىز يىغلىسىڭىز مەنمۇ يىغلايمەن...

ئانا يىغىسىنى توختىتىپ قولىنىڭ كەينى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتتى. ئاندىن:

– قىزىم، ئاۋارە بولماي قايتىپ كىر، تاماق يەيمىز. داداڭ بۈگۈنمۇ كەلمەيدۇ، ـدېدى تىترەك ئاۋازدا.

دادام ئۈچ- تۆت كۈنگىچە كېلىمەن دېگەنتىغۇ، بۈگۈن دېگەن 6 ـكۈنى تۇرسا، ـقىز كىچىككىنە بارمىقىنى چىشلىگىنىچە نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ داۋاملاشتۇردى، ـھە راست ئاپا، دادام مېڭىشتىن بۇرۇن بىزگە نەگە بارىدىغان بولۇپ قالدىم دېدىيا؟

–ئاتپوسكىغا؟

– ئاتپوسكىغا؟ ئاتپوسكا دېگەن شۇنچە يىراقمۇ؟

–....

بىردىن ئانىنىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك، كۆزلىرىگە ياش ئەگىدى. چۈنكى قىزىنىڭ دادىسى يىقىندىن بۇيان پات ـ پاتلا « ئاتپوسكىغا بارىمەن» دەپ بىر چىقىپ كەتسە، نەچچە كۈنگىچە ئۆيگە كىرمەيدىغان، ئۆيگە كىرسە ھاراق ئىچىپ ئەتەي جېدەل چىقىرىدىغان بولۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئۆزگىرىپ قالغىنىنى بالا، ياق، ئانىنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

قىز ئۆيگە يېنىپ كىرگەن بولسىمۇ، «قورسىقىم ئاچمىدى، دادام كەلگەندە بىرگە يەيمەن» دەپ تاماق يېگىلى ئۇنىمىدى. بىرپەستىن كېيىن، سىرتتا بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. قىز بۇ تىۋىشنى تونۇپ «دادا» دەپ تۇۋلىغىنىچە ئىشىككە ئېتىلدى.

ـ دادا، سىز بىرقانچە كۈندىن بېرى بىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ـدەپ سورىدى قىز دادىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، ـئەمدى بىر يەرگە كەتمەڭ ھە، دادا!

دادا نېمىنىدۇر دېمەكچى بولدىيۇ، بىراق گېلىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك سۆزلىيەلمىدى.

ـ دادا، ماڭا ئويۇنچۇق ئەكىلىپ بېرىمەن دېگەنتىڭىز، قېنى؟

دادا قىزنى باغرىغا چىڭ بېسىپ بىرنەچچىنى سۆيۈپ قويدى ـ دە:

–بازار ئارىلىغۇدەك پۇرسەت چىقىرالمىدىم، ئەتە تاغقا چىقىشتىن بۇرۇپ چوقۇم ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىمەن، ـدېدى.

قىز ئەركىلەپ دومسايدى.

–سىز دائىم ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىڭ دېسەم، ئەتە، ئەتىلا دەيسىز، لېكىن ئېلىپ بەرمەيسىز.

ئانىنىڭ كۆزىگە غىلىلدە ياش كەلدى.

–بولدى قىزىم، داداڭغا جېدەل قىلىۋەرمە ! ـدېيەلىدى ئۇ تەسلىكتە.

–قىزىم، ئەتە چوقۇم ئېلىپ بېرىمەن، ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز...

ئىشىكنىڭ تۇيۇقسىز چېكىلىشى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

ـ ئاداش، سەمەت كىچاك مېھمان چاقىرىپتۇ، سېنى بىللە ئالغاچ كەل دېگەنتى، مېھمانلار ساقلاپ قالدى، يۈر، ماڭايلى! ـدېدى كىرىپ كەلگەن كىشى خۇددى دادىنى ئۇسال ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالماقچى بولغاندەك.

–مەن بېرىپ كېلەي.

دادىسىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان قىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ دادىسىنىڭ يوتىسىغا ئېسىلدى.

ـدادا، بارماڭ، بىزنى ئەمدى تاشلاپ كەتمەڭ...

دادىسىنىڭ يۈرىكى سىلكىنىپ بۇرنى ئېچىشتى. ئۇ ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ، قىزىنىڭ مەھكەم كىرىشكەن قوللىرىنى يوتىسىدىن ئاجراتتى. كىچاك بولماي باشقا بىرى بولغان بولسىغۇ بىر نېرى ئىدى!...

دادا چىقىپ كەتتى، سىرتتا ماشىنىنىڭ ئوت ئالدۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

قىز جىمبىلدىكى يېڭى پىشقان مانتىدىن بىرنى ئېلىپ دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن چاپتى.

–دادا، توختاپ تۇرۇڭ! دادا...

دادا «قىزىم ماڭا ئەگىشىۋالىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدىمۇ ياكى مېھماندارچىلىققا ئالدىرىدىمۇ، ئەيتاۋۇر شوپۇرغا قاراپ ئېگىكى بىلەن مېڭىش ئىشارىتىنى قىلدى.

ماشىنا يېنىككىنە قوزغالدى.

قىز ماشىنا قالدۇرغان قويۇق چاڭ ـتوزان ئىچىدە مانتىنى سۇنۇپ جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرگىنىچە تۇۋلايتتى:

–دادا، مانتا يەۋېلىڭ، مانتا!... دادا، توختاپ تۇرۇڭ!



# تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي قاراشلىرى

ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت

«تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى» دېگەن بۇ نام ئومۇمىيلىق جەھەتتىن تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئۆزىگە خاس بىر دىنىي پەلسەپە ھېسابلىغان ئىكەنمىز، ئۇنىڭغا قىسقىچە بولسىمۇ تەبىر بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

«تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى» «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» (بارلىقنىڭ بىرلىكى) تەلىماتىغا ئاساسلانغان پەلسەپىۋى تەلىمات بولۇپ، كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر گەرچە كۆرۈنۈشتە كۆپ بولسىمۇ، ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن بىرلا بارلىق (مەۋجۇتلۇق) بار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت يەككە بارلىق نەزەرىيىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مانا شۇ ماھىيەت سۈپىتىدىكى بىرلىك بىلەن ھادىسە سۈپىتىدىكى كۆپلۈك ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمما تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدىغان مەسىلە يەككە بارلىق بولغان ۋۇجۇدى مۇتلەق بىلەن ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ئەڭ مۇجەسسەملەشكەن ھالدىكى تەجەللىسى دەپ قارالغان ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى بارلىق پىكىر، چۈشەنچىلەر مۇشۇ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايىدۇ.

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئەڭ كۆپ كۆڭۈل بۆلگەن، ئىزدەنگەن مەسىلە دۇنيانىڭ ئەسلى مەنبەسى، ماھىيىتى مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى ئىزدىنىش ماھىيەتتە ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى چۈشىنىش يولىدىكى ئورۇنۇشلىرىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىدى. قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن تېلىس (Thales م.ب.547 ـ 624) ئالەمنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى «سۇ»دىن ئىزدەپ «بارلىق نەرسە سۇدىن پەيدا بولىدۇ ۋە سۇغا قايتىدۇ» دەپ چۈشەندۈرسە، ئاناكسىماندىر مۇقىم شەكىلگە ئىگە بولمىغان ماددا دەپ قاراپ بۇنى «چەكسىزلىك» دەپ ئاتىغانىدى. ئاناكسىمېن بولسا كائىناتنىڭ مەنبەسىنى «ھاۋا» دەپ قارىدى. ھېراكلىت ئەسلى مەنبەنى «ئوت» دەپ قاراپ، «كائىنات ئوتتىن پەيدا بولغان، ئاخىرى يوقىلىپ ئوتقا قايتىدۇ» دېسە، پىفاگور ئەسلى مەنبەنى «سان» دېدى. دېموكرىت «ئاتوم»دىن پەيدا بولغان دېسە، سوقرات ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى «مەقسەتچىلىك» نەزەرىيىسى بىلەن ئىزاھلىدى. پلاتون «ئىدىيە» بىلەن شەرھلىسە، ئارىستوتېل يۇقىرىدىكى قاراشلارنىڭ ھەممىسىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىقارغان «سۇبىستانسىيە» تەلىماتى بىلەن چۈشەندۈردى.

مەيلى شەرقنىڭ قەدىمكى پەيلاسوپلىرى بولمىسۇن ياكى غەربنىڭ بولمىسۇن، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان مەۋقەدە تۇرۇپ كائىناتنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ مەنبەنى كونكرېت بىر ماددىدىن، جىسىمدىن، شەيئىدىن ئىزدىسە، بەزىلىرى تاشقى ئالەمدىن ئىزدىگەن. كېيىنچە ماركسىزم كلاسسىكلىرى بۇ ئىزدىنىشلەرنىڭ ئومۇمىيلىق جەھەتتىن ئىككى خىل يۆنىلىشكە

ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، بۇ ئىككى چوڭ يۆنىلىشنى «ماتېرىيالىزم» ۋە «ئىدېئالىزم» دەپ ئاتىغانىدى. بىزگە مەلۇم، ماركسىزم كلاسسىكلىرى ھېچقاچان ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىدىيىۋى مىراسلارغا، مەيلى ئۇ ئىدېئالىستىك خاھىشقا ئىگە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى تۇتمىغان، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىلغار ئىدىيىلەردىن، دىئالېكتىك پىكىرلەردىن تەنقىدىي ئوزۇقلىنىپ ئۆزىنىڭ پەلسەپە سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان.

ئىسلام دىنى ئىچىدە دۇنياغا كېلىپ «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەرنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىۋى مەنبەسى قىلغان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ئالەمنىڭ ھەممىگە قادىر، قۇدرەتلىك ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى قەتئىي مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. شۇڭىمۇ ئۇلارنىڭ قارىشىدا، ئاللادىن باشقا ھېچقانداق بارلىق مەۋجۇت ئەمەس دەيدىغان يەككە بارلىق قارىشى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇلار «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىغا ئاساسلىنىپ، كائىناتتىكى مەۋجۇتلۇقلارنى، ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟ ئۇلار كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەرنى، ئالەمنى بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق بولغان «ۋۇجۇدىي مۇتلەق»نىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ھەر خىل شەكىللەردە كۆرۈنۈشىدىنلا ئىبارەت دەپ چۈشەندۈرىدۇ. تەسەۋۋۇپتا بۇ «تەجەللى» دېيىلىدۇ.

«تەجەللى» سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى «پارلاپ كۆرۈنۈش، جىلۋىلىنىش...» دېگەنلىك بولۇپ، تەسەۋۋۇپتا ھەق سۈپەتلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشى، كۆرۈنۈشىنى كۆرسىتىدۇ. تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ قارىشىچە، بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق بولغان ئاللا ئۆزىنى كۆرۈشنى ۋە كۆرسىتىشنى خالىغان ۋە مۇشۇ سەۋەبتىن كائىناتنى ياراتقان:

يار ئۆزىن كۆرمەككە ئاينە ئىجاد ئەيلەمىش،
سۈرەتى ئىجاد ئالەمدىن بۇ مەنىدۇر غەرەز. ①

دېمەك، ئۇلارنىڭ پىكرىچە «ھۆسنى مۇتلەق» (مۇتلەق گۈزەللىك) ئۆز ھۆسنىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەك سۈپىتىدە ئالەم، كائىناتنى ياراتقان بولۇپ، ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبىمۇ مانا شۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر.

تەسەۋۋۇپ ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆزىنىڭ زېمىنى بولغان ئىسلام دىنىنىڭ ئالەمنىڭ ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلىرىدا سوقراتقا ئاۋاز قوشۇپ تېلېئولوگىزملىق (مەقسەتچىلىك)مەۋقەسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ھەق ئۆز گۈزەللىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن زوقلىنىش ئۈچۈن كائىناتنى ئۆزىگە ئەينەك سۈپىتىدە ياراتقان. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىدا يەنە كائىناتنىڭ يارىتىلىش سەۋەبىنى ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەردىن چۈشەندۈرۈش خاھىشىمۇ ئەكس ئەتكەنىدى. بۇنىڭدىن سىرت، سوپىلار يۇقىرىدىكى ئومۇمىي مەۋقەسىدىن (يەنى مەقسەتچىلىك نۇقتىئىنەزەردىن) چەتنىمىگەن ھالدا، كائىناتنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى يەنە بىرقانچە نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. گروزىن ئالىمى ئې. د. جاۋەلىدزە تەسەۋۋۇپتىكى ئالەمنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدىكى قاراشلارنىڭ ئۈچ خىل نۇقتىئىنەزەرگە مەركەزلىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىكى ئاساسىي خاھىشلارغا ئاساسەن بۇ ئۈچ خىل قاراشنى «ئېستېتىك پرىنسىپ»، «ئىشقى پرىنسىپ»، «گېنوسېئولوگىيىلىك پرىنسىپ» (بىلىش پرىنسىپى) دەپ ئاتايدۇ. ②

«ھۆسنى مۇتلەق ئۆز ھۆسنىنى كۆرمەك ئۈچۈن ئەينەك ئورنىدا كائىناتنى ياراتقان» دېگەن قاراش تەسەۋۋۇپتىكى ئالەمنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبىنىڭ «ئېستېتىك پرىنسىپى» ئىدى. ئەمدى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ «ئىشقى پرىنسىپى» ۋە «گېنوسېئولوگىيىلىك پرىنسىپى»نى كۆرۈپ باقايلى.

تەسەۋۋۇپنىڭ قارىشىچە، ۋۇجۇدى مۇتلەق ئۆزىنىڭ تەجەللى قىلغان «ئەسما ۋە سىفات» ىگە ئاشىق، چۈنكى ئۇ كائىناتتىن ئىبارەت ئەينەكتە ئۆز ھۆسنىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆز ھۆسنىگە ئاشىق بولغان ھەم ئەينەك سۈپىتىدىكى كائىناتتا كۆرۈنگەن ھۆسنىنىمۇ ئۆزىگە ئاشىق قىلغان. بىز كۆرۈپ ئۆتكەن ئەزىزىددىن نەسەفىنىڭ «بۇ نۇر ئۆز كامالىنى، ئەسما ۋە سىفاتىنى ئۆز مەزھىرىندە (كۆرۈنىشىدە) مۇشاھىدە ئەتكىنى ئۈچۈن (كۆرگىنى ئۈچۈن)، ئۇلارغا (ئۆز كۆرۈنۈشلىرىگە) ئاشىقتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئادەمنىڭ روھىمۇ ئۆز جىسمىغا ئاشىقتۇر. چۈنكى ئادىمىي جىسىم ئادىمىي روھقا مەزھەردۇر (ئېرىشكەندۇر)» دېگەن سۆزلىرىدىمۇ بۇ قاراش ئوچۇق ئىپادىلەنگەنىدى. جالالىدىن رۇمىمۇ «ئادەمنى ئەزەلدىن ئۆزۈڭگە ئاشىق ئەتكەنىدىڭ، ئىشق غەلىيانى بىلەن ئالەم بارلىققا كەلدى» دەيدۇ. ③

دېمەك، ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ھۆسنى مۇتلەق كائىناتتىن ئىبارەت ئەينەكنى يارىتىپ ئۆز گۈزەللىكىنى

كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاشىق بولغان ھەم ئۇلار-
نىمۇ ئۆزىگە ئاشىق قىلغان. شۇڭا جالالىدىن رومى
«ھەق ئۈچۈن ئىشق ئۆلچەم بولارمىش»④ دەيدۇ ۋە
كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ھەرىكىتىنى ئىشق بىلەن
چۈشەندۈرىدۇ. تەسەۋۋۇپنىڭ مەۋجۇدىيەت قارىشىدا
ھەقىقىي بارلىق پەقەت بىر، يەنى ۋۇجۇدىي مۇتلەق
بولغانىكەن، ئۇ ھالدا مەنتىقە جەھەتتىن ئېيتقاندا،
ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى بۇ ئىشقنىڭ ئوبيېكتىمۇ،
سۇبيېكتىمۇ بىر، يەنى ئىشقىمۇ، مەشۇقىمۇ ئەسلىدە
بىر بولغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ قارىشىدا «ئىشق
ئاللانىڭ لۇتفى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەشۇق ئەزەلدە
بارلىقلارنى ئۆزىگە ئاشىق قىلىپ، ئاشىقلارنىڭ كۆز-
لىرىدە ئۆزىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلانغان:

چۈنكى سەن ئايىنەئى كەۋنە تەجەللا ئەيلەدىڭ،
ئۆز جەمالىڭ چەشمەئى ئاشىقدەن تەماشا ئەيلەدىڭ. ⑤
(سەن كائىنات ئەينىكىگە تەجەللى قىلدىڭ،
ئۆز جامالىڭنى ئاشىقنىڭ كۆزىدە كۆرۈپ تاماشا قىلدىڭ)

شۇڭا، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بىرلىكنىڭ كۆپ كۆرۈ-
نۈشىگە سەۋەب نەرسە مانا شۇ ئىشق. ئەگەر ئىشقتىن
ئىبارەت بۇ تۇيغۇ بولمىسا ئالەم پەقەت بىرلىك ھالى-
تىدە كۆرۈنگەن بولاتتى. ئىبنى ئەرەبى بۇ ھەقتە
«ئەگەر ئىشق بولمىغان بولسا بىرلىك ئۈزۈلۈپ قالمى-
غان (يەنى ئاشىق مەشۇق دەپ كۆپلۈك شەكلىدە
كۆرۈنمىگەن) بولاتتى» دەيدۇ. ⑥ جالالىدىن رۇمىمۇ
«جۈملە مەشۇقتىن ئىبارەتتۇر، ئاشىق پەردۇر، تىرىك
بولغىنى پەقەت مەشۇقتۇر، ئاشىق بولسا مۇردەدۇر»
دەيدۇ. ⑦

دېمەك، ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئالەمنىڭ پەيدا بولۇ-
شىنىڭ بىر سەۋەبى مانا شۇ ئىشق، شۇڭا ئۆزىنى
ئۇنتۇغان ھالدا شۇ ئىشق قاينىمىغا چۆكۈپ مەشۇق
بىلەن بىرلىشىپ كېتىش ئارقىلىق ئەسلىدىكى بىر-
لىك ھالىتىگە قايتىش تەسەۋۋۇپتىكى ئەڭ ئالىي غايە
بولغان.

مانا بۇ ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن
بىرى بولغان «ئىشقى پرىنسىپ» ئىدى. بۇلاردىن
باشقا، ئۇلار يەنە ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى
«ۋۇجۇدىي مۇتلەقنىڭ بىلىنمەكنى خالىغانلىقى ۋە
مۇشۇ سەۋەپتىن كائىناتنى ياراتقانلىقى» بىلەن چۈ-
شەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە بىر ھەدىس قۇدسى
⑧ دا ئاللا نامىدىن شۇنداق دېيىلگەن: «مەن بىر
يوشۇرۇن خەزىنە ئىدىم، بىلىنمەكنى ئىستىدىم ۋە
بىلىنمەك ئۈچۈن دۇنيانى ياراتتىم». ⑨

شۇڭا، تەسەۋۋۇپتا ئىنسانىنىڭ بىردىنبىر مەقسە-
تى ھەقنى تونۇش، بىلىش دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى
ئۇلارنىڭ قارىشىچە ھەق بىلىنمەك ئۈچۈن كائىناتنى
ياراتقان، يەنى تەجەللى قىلغان. شۇڭا كائىناتتىكى
بارلىق شەيئىلەردە ۋۇجۇدىي مۇتلەقنىڭ سۈپەتلىرى
ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. ئىنسانمۇ ھەقنىڭ تەجەللىسى،
ئۇنىڭدا ھەقنىڭ سۈپەتلىرى ئەڭ مۇجەسسەم ھالدا
تەجەللى بولغان. شۇڭا ھەقنى تونۇش ئىنساننىڭ
ئۆزىنى تونۇشىدىن باشلىنىدۇ.

مانا بۇ ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ «گېنوسېئولو-
گىيىلىك پرىنسىپى» (بىلىش پرىنسىپى) ئىدى. ئا-
لەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدىكى بۇ ئۈچ
خىل قاراش ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇپتىكى مەۋجۇدىيەت
قارىشى بولغان «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىنىڭ شەر-
ھىسى بولۇپ، بىردىنبىر بارلىق بولغان ۋۇجۇدىي
مۇتلەقنىڭ ھەر خىل كۆرۈنۈشلەردە تەجەللى بولۇش-
نىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشكە ئىنتىلىش ئىدى.
شۇڭا «بۇ ئۈچ پرىنسىپنىڭ ھەممىسى بىر بىرىنى
تولۇقلاپ، تەبىئىي ھالدا بىرلىككە ئىگە بولغان».⑩

مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ قارىشىچە، تەجەللىنىڭ قانداق
مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى ئاللادىن باشقا ھېچكىم
بىلمەيدۇ. چۈنكى دۇنيا ھەر دەقىقە يېڭىدىن تەجەللى
بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن تەجەللىلەرنىڭ قانداق
مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بىز
بولساق دۇنيانى جىمجىت، تۇرغۇن ھالەتتە ھېسابلاي-
مىز، ئەمەلىيەتتە بولسا كائىنات ھەر دەقىقە ئىچىدە
يېڭىدىن يارىتىلىپ، يوقىلىپ يەنە قايتىدىن يارىتى-
لىپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق بىر شەيئى بىر خىل شەكىل-
دىكى تەجەللىدىن يوقىلىپ، يەنە بىر خىل شەكىلدە
تەجەللى بولۇپ تۇرىدۇ.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىز تۇرۇۋاتقان بۇ ماددىي
دۇنيادىكى ھەر خىل سۈرەتلەردە كۆرۈنگەن شەيئىلەر
ۋۇجۇدىي مۇتلەقنىڭ ئەسما ۋە سىفاتىنىڭ بىۋاستە
ھالدىكى تەجەللىسى (كۆرۈنۈشى) بولماستىن، بەلكى
بىرقانچە باسقۇچلاردىن (يەنى بىرنەچچە ئالەمدىن)
كېيىنكى كۆرۈنۈشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بۇنى «ھە-
زەراتى خەمس» (بەش مەرتىبە) دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ
بۇ «بەش مەرتىبە»سى ۋۇجۇدىي مۇتلەقنىڭ ۋۇجۇدى-
نىڭ بەش مەرتىبى بولۇپ، ھەقنىڭ كائىناتنى يارى-
تىشتىن ئىلگىرىكى يېگانە ۋۇجۇدى (يېگانە بارلىقى)
ئۇنىڭ ئەسما ۋە سىفاتىنىڭ تەجەللى بولۇپ كۆپ كۆ-
رۈنۈشىنىڭ باسقۇچلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ بەش

مەرتىبە تۆۋەندىكىچە:(1) «ھەزەراتى غەيبى مۇتلەق» (مۇتلەق غايىبلىق مەرتىبىسى) بولۇپ، بۇ مەرتىبىگە «لاتەئەييۇن» (بىلىنمىگەن، مەلۇم بولمىغان، ئاشكارىلانمىغان)، «ئالەمى ئىتلاق» (ئەركىن ئالەم، ئازاد ئالەم)، «غەيبۇل غەيب» (غايىبلارنىڭ غايىبى)، «ھەقىقەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتنىڭ ھەقىقىتى)، «زاتى ئىلاھىيە» (خۇدانىڭ زاتى)، «ئەمايى مۇتلەق»[11]، «غوبى ھۇۋىييەت» (غايىب ھەقىقەت) ئىسىملىرى بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇزات مەرتىبىسى بولۇپ، ئىدراكنىڭ سىرتىدا بولغىنى، يەنى بىلىش مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ناملار بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇ «ئەيانى سابىتە ۋە ھەقايىقى ئىلمىيە» (ھەقىقەت ئىلمى) ئالەمى ھېسابلىنىدۇ.[12]

(2) «ئالەمى جەبەرۇت» (بۈيۈكلۈك ئالەمى) مەرتىبىسى بولۇپ، بۇ ئاللانىڭ ناملىرى ۋە سۈپەتلىرىنىڭ دەسلەپكى نامايان بولغان ئالەمى دەپ قارالغان. شۇڭا بۇ باسقۇچتا «تەئەييۇنى ئەۋۋەل» (بىرىنچى تەئەييۇن، دەسلەپكى ئاشكارىلىنىش)، «تەجەللىي ئەۋۋەل» (دەسلەپكى تەجەللى)، «ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە»، «ئەقلىي ئۇۋۋەل» (دەسلەپكى ئەقىل) «روھىي كۇللى» (ئومۇمىي روھ، پۈتۈن روھ)، «كىتابى مۇبىن» (ئاشكارا، ئوچۇق كىتاب) دېگەنگە ئوخشاش ناملار قوللىنىلغان. ئۇلارنىڭ پىكرىدە، بۇنىڭ «بۈيۈكلۈك ئالەمى» دېيىلىشىنىڭ سەۋەبى ناملار ۋە سۈپەتلەرنىڭ ئايرىم شەكىللەردە تەجەللى بولمىغانلىقى، زاتتىن ئايرىلىپ چىقمىغانلىقىدىن بولغان. شۇڭا ئۇلار بۇ مەرتىبىنى يەنە «ۋەھدەتى مۇتلەق» (مۇتلەق بىرلىك) دەپمۇ ئاتىغان.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ بىرىنچى تەئەييۇن «لاھۇت ئالەمى» (ئىلاھى ئالەم) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىرىنچى تەئەييۇندە (ياكى دەسلەپكى تەجەللىدە) مۇلك مەرتىبىسى مەلەكۇت مەرتىبىسىدىن، مەلەكۇت مەرتىبىسى جەبەرۇت مەرتىبىسىدىن، جەبەرۇت لاھۇتتىن ئايرىلمىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى تېخى ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەجەللى بولمىغان بولىدۇ.

(3) «ئالەمى مەلەكۇت» ياكى «ئالەمى ئەرۋاھ» (پەرىشتىلەر ئالىمى ياكى روھلار ئالىمى مەرتىبىسى بولۇپ، بۇنىڭغا «تەئەييۇنى سانى» (ئىككىنچى ئاشكارىلىنىش)، «سىدرەتۇل مۇنتەھە»[13] «بەرزاھى سۇغرا»[14]، «ئالەمى تەفسىل» (تەپسىلىي ئالەم، ھەممە نەرسە تولۇق ئاشكارىلانغان ئالەم)، «ئالەمى مىسال» (مىساللار ئالەمى) دېگەنگە ئوخشاش ناملار بېرىلگەن.

(4) «ئالەمى شەھادەت» (گۇۋاھلىق ئالەمى) مەرتىبىسى بولۇپ، بۇنىڭغا «ئالەمى مۇلك» (ئالەم، دۇنيا مەنىسىدە بولۇپ، ماددىي دۇنيانى، يەنى كۆز ئالدىمىزدىكى دۇنيانى كۆرسىتىدۇ)، «ئالەمى ناسۇت» (ئىنسانىي ئالەم)، «ئالەمى ئەناسىر» (ئۇنسۇرلار ئالەمى، ئېلېمېنتلار ئالەمى)، «ئالەمى ئەخلاق ۋە ئەنجۇم» (ئاسمانلار ۋە يۇلتۇزلار ئالەمى)، «ئالەمى مەۋالىد» (پەيدا بولۇش، مەيدانغا كېلىش ئالەمى)، «ئالەمى ھېس» (سەزگۈلەر ئالەمى، يەنى سەزگۈ ئەزالار بىلەن ھېس قىلغىلى بولىدىغان ئالەم) دېگەنگە ئوخشاش ناملارمۇ بېرىلگەن.

(5) «ئالەمى ئىنسانىي كامىل» مەرتىبىسى بولۇپ، بۇ ئالدىنقى مەرتىبىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن مەرتىبىدۇر.[15]

تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ قارىشىچە، زات مەرتىبى بولغان «مۇتلەق غايىبلىق مەرتىبىسى»دە پەقەت ئاللانىڭ زاتى مەۋجۇت بولۇپ، سۈپەتلىرى تېخى زاتتىن ئايرىلىپ تەجەللى بولمىغان. زات مەرتىبىسى ئەقىل-ئىدراكنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇنى بىلىش مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، يەنە ئۇنى مەلۇم ماكان ۋە زامان ئىچىگە قويۇپ تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا بۇ مەرتىبىگە «لاتەئەييۇن» (مەلۇم بولمايدىغان، ئاشكارا بولمايدىغان، يەنى مۇئەييەن ماكان، زامانغا تەيىن ئېتىشكە بولمايدىغان دېگەن مەنىدە) ئىسمى بېرىلگەن. شۇڭا ئۇلار زات مەرتىبىسى ئىدراكنىڭ سىرتىدا بولغىنى ئۈچۈن «ۋۇجۇدى مۇتلەق»نىڭ «ئەسما ۋە سىفاتى» تەجەللى بولغان مەرتىبىلەرنى ئۈچكە بۆلىدۇ. بۇلار «جەبەرۇت ئالەمى» (ئۇلۇغلۇق ئالەمى)، «مەلۇكۇت ئالەمى» (مەلەكلەر، يەنى پەرىشتىلەر ئالەمى) ۋە «مۇلك ئالەمى» (ماددىي ئالەم)دىن ئىبارەت.

ئەزىزىدىن نەسەفى بۇ ئۈچ ئالەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى شۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «زاھىرى ئالەمدە باتىنى ئالەمنىڭ ئالامەتلىرى بولىدۇ. مۇلكتە مەلەكۇتنىڭ بەلگىلىرى بولىدۇ... مۇلك مەلەكۇتكە ئوخشايدۇ. مەلەكۇتنىڭ ئاساسى جەبەرۇتتا بولىدۇ. چۈنكى مۇلك مەلەكۇتكە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، مەلەكۇت بولسا جەبەرۇتنى دەلىللەيدۇ»[16]، «جەبەرۇت ئالەمى مۇلك بىلەن مەلەكۇتنىڭ باشلىنىش مەنبەسى بولۇپ، ئۇ مۇلك بىلەن مەلەكۇتكە ئاشىق. چۈنكى ئۇ مەلەكۇت بىلەن مۇلكتە ئۆز ھۆسنىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى تاماشا قىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش مەلەكۇتمۇ مۇلۇككە ئاشىق. چۈنكى مۇلكتە مەلەكۇت ئۆ-

زىنى نامايان قىلغان. مەلەكۇتتە بولسا جەبەرۇت نامايان
بولغان بولىدۇ»⑰ .

نەسەفى بۇ ئالەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلانغانلىـ
قىنى، بىرى بولمىسا يەنە بىرىنىڭمۇ بولمايدىغانلىـ
قىنى ئېيتىدۇ: «مەلەكۇت بولمىسا مۈلكنىڭ بولۇشى،
مۈلك بولمىسا مەلەكۇتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس،
ھەر ئىككىسى بىرلىكتە بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن ئايـ
رىلمايدۇ» ⑱ . غەززالىي ھەم ئالەمنى ئۈچكە بۆلىدۇ:
«ئالەم بىرىنەچچە ئالەملەرگە بۆلىنىدۇ: مۈلك ئالەمى بۇ
تۇيغۇلارغا ئاشكارا ئالەم. مەلەكۇت ئالەمى ئىچكى
جەھەتتە ئەقىللەرگە مەلۇم ئالەم. جەبەرۇت ئالەمى ئاـ
رىدىكى ئالەم بولۇپ، بۇ ئىككى ئالەمنىڭ مەلۇم قىـ
سىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ». ئۇ يەنە ئىنـ
سانىنىمۇ خۇددى بۇ ئالەملەرگە ئوخشاش ئۈچكە بۆلىدۇ.
«ئالەم، مۈلك ...، مەلەكۇت، جەبەرۇت... ئالەملىرىگە
بۆلىنىدۇ. مۈلك ئالەمگە سېنىڭ بىلىشتە تايىنىدىغان
ھېسسىي ئەزالىرىڭ ماس كېلىدۇ. مەلەكۇتكە مۇۋاپىق
كېلىدىغىنى بولسا روھ، ئەقىل، كۈچ، ئىرادە قاتارـ
لىقلاردۇر. جەبەرۇت ئالەمگە ماس كېلىدىغىنى
ھېس ـ تۇيغۇلاردىكى سەزگۈ ۋە كۈچلەردىن ئىبارەتـ
تۇر». ⑲

تەسەۋۋۇپتىكى ئالەم قارىشى ئۇنىڭ «ۋەھدەتى
ۋۇجۇد» تەلىماتىنى تولۇقلىغان بولۇپ، ئۇ «ۋەھدەتى
ۋۇجۇد» قارىشىغا تايانغان ھالدا پۈتۈن ئالەمنىڭ پەقەت
بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق بولغان ئاللانىڭناملىرى ۋە
سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى
دەلىللەشكە تىرىشقان. ھەر قايسى ئالەملەرنىڭ مۇناـ
سىۋىتىنىمۇ مۇشۇ نۇقتىنى دەلىللەش ئاساسىدا چۈـ
شەندۈرگەن. شۇڭا ھەمزە پانسورى «ئەسرار ئەل ـ ئارىـ
فىن» (ئارىفلارنىڭ سىرلىرى) ناملىق ئەسىرىدە «ئۇـ
نىڭ مەيلى (ياكى خاھىشى، يەنى ئۆزىنى كۆرمەكنى
ئىستىگەنلىكى) پۈتۈن ئالەمگە نامايان بولغان (تەـ
جەللى قىلغان). ئەۋۋىلىدىن ئاخىرىغىچە، مەخپىيدىن
ئاشكارىغىچە ھەممىسى ئۇنىڭ (ئاللانىڭ) مەيلىنىڭ
تەجەللىسىدىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەس». «بارلىق
شەكىللەر ئۇنىڭ شەكىللىرى، بارلىق رەڭلەر ئۇنىڭ
رەڭلىرى، بارلىق ئاۋۇشلار ئۇنىڭ ئاۋۇشلىرى، چۈنكى
ئۇ يېگانە، ئۇنىڭ ھەمراھى (شېرىكى) يوق»㉑ دەيدۇ.
ھەزرىتى ئەبۇبەكرىمۇ «مەن قارىغان ھەرقانداق بىر
شەيئىدە ئاللانىڭ تەجەللىسىدىن باشقا بىرنەرسە
كۆرمىدىم»㉑ دېگەنىكەن.

شۇڭا مۇتەسەۋۋۇپلار بارلىقنىڭ ئەسلىدە پەقەت بىر
ئىكەنلىكىنى، ھەر تۈرلۈك سۈرەت شەكىللەرنىڭ مانا
شۇ يېگانە بارلىقنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى
ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق ھالدا دېڭىز سۈيى بىلەن
دولقۇنغا، سۇنىڭ ھەر خىل ھالەتلىرىگە سىمۋول قىـ
لىپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇنى پارس تەسەۋۋۇپ شېئىرىيـ
تىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان فەخرىددىن ئىراـ
قى (1213 ـ 1289)نىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىدە ئېنىق كۆـ
رىمىز: «ئىسسىقنىڭ تەسىرى بىلەن دېڭىز ئۈستىـ
دىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن سۇ زەررىلىرى ھور دېيىلىدۇ.
بۇلار يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ بىرىكىپ بۇلۇت ھاسىل
بولىدۇ. تامچە ـ تامچە بولۇپ تۆۋەنگە چۈشسە يامغۇر
بولىدۇ. يامغۇر سۇلىرى قوشۇلۇپ دەريا بولىدۇ. تەكرار ـ
تەكرار قوشۇلۇپ دېڭىز ھالىغا كېلىدۇ. دېمەك، دېڭىز،
مۇز، ھور، بۇلۇت، يامغۇر، سەل، ئۆستەڭ... ھەممىسى
سۇنىڭ تۈرلۈك كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ
ئەسلى سۇدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش كائىناتتا بار ھېـ
سابلانغان نەرسىلەرمۇ تەڭرى سۈپەتلىرىنىڭ باشقا ـ
باشقا كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ زاتى يەكـ
كىدۇر، يەنى ئاللادۇر»㉒ . ئۇ يەنە، «دېڭىز ھېچقاچان
ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇنىڭ قايناملىرىدىن دولقۇنلار كۆتۈرۈـ
لىدۇ. كىشىلەر بۇنى دولقۇنلار دېيىشىدۇ. ئەمما ھەـ
قىقەتتە بولسا بۇلارنىڭ (دولقۇنلار) ھەممىسى ئاشۇ
دېڭىزدىنلا ئىبارەت»㉒ دەيدۇ. ھەمزە پانسورىمۇ بۇنى
سۇ بىلەن سۇنىڭ يۈزىدىكى كۆپۈككە تىمسال قىلىپ
چۈشەندۈرىدۇ: «كۆپۈك سۇنىڭ كۆپۈشى بىلەن قوپال
(كۆرۈمسىز) شەكىلگە كىرسىمۇ، ئەمما سۇنى ئۆزىـ
نىڭ باشلىنىشى قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ماھىيىتى
نەپىسلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. پەقەت ئوكياننىڭ
يۈزىدە كۆپۈك قوپال ھالەتتە پەيدا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ
سۇدىن پەقەت مەجازى ھالدا پەرقلىنىدۇ. يەنى سۇنىڭ
كۆرۈنۈشى نەپىس (گۈزەل)، كۆپۈكنىڭ بولسا قوپال،
لېكىن كۆپۈك ھەقىقىي ماھىيەتتە سۇدىن پەرقلەنـ
مەيدۇ. ئۇنىڭ شەكلى ۋە ئىسمى سۇنىڭكىگە ئوخـ
شىمىغىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى كۆپۈك دېيىشىدۇ.
ئەمما ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى نۇقتىسىدىن قاـ
رىغاندا ئۇ شەكىلگىمۇ، بارلىققىمۇ ئىگە ئەمەس. ئۇـ
نىڭ ئىسمىمۇ پەقەت خىيالدىنلا ئىبارەت بولۇپ ھەـ
قىقىي ئەمەس، چۈنكى كۆپۈك ھەر دائىم سۇدا قايتاـ
قايتا يوقىلىپ تۇرىدۇ» ㉓ دەيدۇ.

شۇڭا ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىردىنبىر ھەقىقىي
بارلىق بولغان ۋۇجۇدىي مۇتلەق بىلەن ئۇنىڭ سۈـ
پەتلىرىنىڭ تەجەللىسى بولغان ئىنسان ئوتتۇرىسىـ

دىكى مۇناسىۋەتمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئىنسان ئەخلاقىي جەھەتتىن تاكامۇللىشىپ ئۆزلۈكتىن پۈتۈنلەي كېچىپ «فەنا» بولغاندا، كۆپۈك سۇنىڭ ئىچىدە غايىب بولغاندەك ھەقنىڭ ۋۇجۇدىدا يوقىلىپ كېتىدۇ. ئۇلار بۇ ۋاقىتتا «فەنا مەقامىغا ئېرىشىپ خۇددى تاشتەك مۇستەھكەم بولغاندا، تەۋھىدكە (بىرلىككە) قەدەم قويىدۇكى، بۇ خۇددى «يوشۇرۇن خەزىنە»دىكى بارلىقتا ياكى كۆپۈكنىڭ سۇدا غايىب بولۇپ، كۆپۈك بولمىغىنىغا ئوخشايدۇ. ئەمما «تەۋھىدكە قەدەم بېسىش» بۇ پەقەت ئىپادىلەش شەكلىدىنلا (يەنى ئىپادىلىگۈچى سۆزدىنلا) ئىبارەت. چۈنكى ماھىيەتتە، كۆپۈك بىلەن ھېچقاچان ئىككى نەرسە ئەمەس. (24)

تەسەۋۋۇپتىكى مانا شۇ يېگانە بارلىق بولغان «ۋۇجۇدىي مۇتلەق»نىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللى بولۇپ كۆپ خىل شەكىللەردە كۆرۈنىدىغانلىقى، ئەمەلىيەتتە بولسا بارلىقنىڭ پەقەت بىر ئىكەنلىكى توغرىسىكى «تەجەللى نەزەرىيىسى » ئاساسىدا شەيئىلەرنىڭ دەۋرى ھالدا ئايلىنىپ (بۇ يەردىكى ئايلىنىش بۇددا دىنىدىكى سانسار ئاتالغۇسى بىلەن ئوخشاش ) تۇرىدىغانلىقى، بىر خىل شەكىلدىن يەنە بىر شەكىلگە ئۆزگىرىدىغانلىقى، كۆپلۈكتىن ئەسلىدىكى بىرلىك ھالىتىگە قايتىدىغانلىقى ھەققىدىكى «دەۋرلىك نەزەرىيىسى» مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى مۇشۇ مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرگەن شېئىر تۈرىگە «دەۋرىيىيە»دەپ نام بېرىلگەنىدى.

«تەجەللى» نەزەرىيىسىگە ئاساسەن ۋۇجۇدىي مۇتلەقنىڭ سۈپەتلىرى ئۆز تەجەللىسىدىن پەيدا بولغان بىر قانچە ئالەمدىن ئۆتۈپ مۈلك ئالەمگە، يەنى بىز ياشاۋاتقان ماددىي دۇنياغا چۈشىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. «دەۋرلىك نەزەرىيىسى»گە ئاساسەن، «بۇ ماددىي ئالەمگە چۈشكەن يەككە بارلىق دەسلىپىدە» «جەماد» (مېنراللار)، ئاندىن «نەبات» (ئۆسۈملۈك)، ئاندىن كېيىن «ھايۋان»، ئۇنىدىن كېيىن «ئىنسان» شەكىللىرىدە تەجەللى قىلىپ، ئۇنىڭدىن «ئىنسانىي كامىل» شەكلىگە كىرىدۇ ۋە ھەققە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. يەنى «ۋۇجۇدىي مۇتلەق»تىن قانداق چىقىپ، بۇ خاكدانغا (بۇ دۇنياغا) چۈشسە، قايتىدىن بۇ يەردىن چىقىپ ئەسلىگە قايتىدۇ. (25) مۇتەسەۋۋۇپلار ۋۇجۇدىي مۇتلەقنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسىنىڭ ئالەملەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنى بولغان ماددىي ئالەمگە ياكى «ئالەمى سۇفلى» (تۆۋەنكى ئالەم)گە چۈشۈپ ھەر خىل شەكىللەردە كۆرۈنۈشى، بىر خىل شەكىلدىن باشقا بىر خىل ھالەتكە ئۆتۈش ۋە يەنە ۋۇجۇدىي مۇتلەققە قايتىشىدىن ئىبارەت ئايلانما ھەرىكەتنى خۇددى بىر چەمبەر شەكىللىك دائىرىگە ئوخشاتقان بولۇپ، بۇ دەۋر ھەرىكەتنى «قەۋسى نۇزۇل» ۋە «قەۋسى ئۇرۇج» دەپ ئىككىگە بۆلگەن. «قەۋسى نۇزۇل» ۋۇجۇدىي مۇتلەقنىڭ «ئەسما ۋە سىفات»نىڭ «ياي شەكلىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشكەن باسقۇچلىرىدۇر». (26) ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى بۇ باسقۇچلارنىڭ تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: «ۋۇجۇدىي مۇتلەق»تىن ئايرىلىپ چىققان «نۇرى ئىلاھى» (ئىلاھى نۇر) تەرتىپ بويىچە «ئەقلى كۇللى»دىن «ئۇقۇلى تىس» (توققۇز ئەقىل)گە، ئۇنىڭدىن «نۇفۇسى تىس» (توققۇز نەفس)كە، ئۇنىڭدىن «ئەفلاكى تىس» (توققۇز ئاسمان)كە، ئۇنىڭدىن «تەبايى ئەربا» (تۆت خىل تەبىئەت، يەنى ئىسسىق، سوغۇق، قورغاق، ھۆلدىن ئىبارەت تۆت خىل تەبىئەت)غا، ئۇلاردىن «ئەناسىرى ئەربا» (تۆت ئۇنسۇر)غا ئۆتىدۇ. بۇ مەبدە (باشلانغان جاي) ياكى «قەۋسى نۇزۇل» دېيىلىدۇ. (27)

«قەۋسى ئۇرۇج» تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ قەۋس (ياي) شەكلىدە قىلىنغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. «قەۋسى نۇزۇل» ئارقىلىق «ئالەمى غايىب»دىن «ئالەمى شۇھۇد»غا چۈشكەن بارلىق دەسلىپىدە مەدەنلەرگە (جەماد)، ئاندىن نەباتقا (ئۆسۈملۈك)، ئاندىن ھايۋانغا، ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسان سۈرىتىدە تەجەللى قىلىدۇ. ئىنساندىن «ئىنسانىي كامىل»غا ئۆتكەن «نۇرى ئىلاھى» ئارقىسىغا قايتىپ «ئىنسانىي كامىل»دىن ھەق تەئالاغا (ۋۇجۇدىي مۇتلەققە ئۇلىشىدۇ). (28) بۇ ئىككىنچى ئايلانما (دەۋر) بولۇپ مەئاد (قايتىپ بارىدىغان جاي) ياكى «قەۋسى ئۇرۇج» (ياي شەكىللىك يۇقىرى ئۆرلەش) دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ «ئىلاھىي نۇر» ئۆز «دەۋرە»سىنى (ئايلىنىشنى) تاماملايدۇ.

«دەۋرلىك نەزەرىيىسى» ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ئىسلام دىنىدىكى ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن روھنىڭ يەنە ئەسلىدىكى دەرگاھىغا قايتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەقىدىلەر ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، قىسمەن سىرتقى تەسىرلەر بىلەن تېخىمۇ تولۇقلانغان بولۇپ، روھنىڭ ئۆلمەي ئايلىنىپ يۈرىدىغانلىقى (تەناسۇخ) قاراشلارنىڭ راۋاجى ئىدى. شۇڭا ئىبنى ئەرەبىمۇ «ئەۋۋەلىدىن ئاخىرىغا قەدەر بارلىق مەۋجۇداتلار پەقەت يېگانە تەڭرىدىن پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قايتىدۇ» دەيدۇ(29)

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى دىنىي پەلسەپە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە يوقىلىشىنى ئۆزىنىڭ ئومۇمىي مەۋقەسى بولغان ئىدېئالىستىك مەيداندا تۇرۇپ كۆزىتىدۇ ۋە چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئالەمنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش جەريانلىرىنى «نۇرى ئىلاھىيە»نىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە تەجەللى قىلىشىدىنلا ئىبارەت دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ يەردە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى «دەۋرلىك نەزەرىيىسى» ئومۇمىيلىق جەھەتتە شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى سەۋەبى ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، شەيئىلەر تەرەققىياتىنى روھنىڭ ئايلىنىشىدىنلا ئىبارەت دەپ چۈشەندۈرسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مۇشۇ چۈشەندۈرۈشلىرى ئىچىدە كۆپلىگەن دىئالېكتىك پىكىرلەرنىڭ بىخلىرى كۆزگە چېلىقىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە.

«دەۋرلىك نەزەرىيىسى» بويىچە قارىغاندا «ۋۇجۇدى مۇتلەق»نىڭ «ئەسما ۋە سىفات»نىڭ تەجەللىسى بولغان كائىنات «ئىلاھىي نۇر» بىردىنلا يارىلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن بولماستىن، بەلكى بۇ نۇرنىڭ تەدرىجىي پارلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن. بۇ نۇرنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ تەجەللى قىلىش «قەۋسى نۇزۇل» بىلەن دەسلەپ ئەقلى كۇللى بارلىققا كەلگەن. تەرتىپ بويىچە ئەڭ تۆۋەنگە چۈشكەندە «تۆت ئەناسىر»، يەنى تۇپراق، سۇ، ئوت، ھاۋادىن ئىبارەت تۆت ماددا پەيدا بولغان. بۇ نۇرنىڭ يۇقىرىغا قاراپ تەجەللى قىلىشى بىلەن تۆت ئەناسىردىن تەدرىجىي ھالدا مىنراللار بارلىققا كەلگەن. ئاندىن تەرتىپ بويىچە ئۆسۈملۈك (نەبات)، ھايۋان، ئىنسان بارلىققا كەلگەن. تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ، بۇ نۇر يۇقىرىغا قاراپ تەجەللى قىلغاندىكى ھەرقايسى باسقۇچلاردا پەيدا بولغان مەۋجۇداتلار ئۆزىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىغا قارىغاندا بىر بالداق تەرەققىي قىلغان، مۇكەممەللەشكەن مەۋجۇداتلار ئىدى. جالالىدىن رۇمى «دەۋرلىك نەزەرىيىسى»نى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان:

ئەۋۋەل ئالەمگە كەلگەنتى جەماد،
جەماددىن بارلىققا كەلدى نەبات.
يىللارچە ئۆمۈر كەچۈرۈپ نەبات،
جەماددىن دۇنياغا كەلگىنىنى ھېچ قىلمىدى ياد.
نەباتتىن ھايۋانغا ئۆتكەندە بولسا،
نەباتتىكى ھالىنى ئەيلىمىدى ياد.[30]

مەۋلانە مەسنەۋىلىرىدىن بىرىدە يەنە شۇنداق دەيدۇ: «جەماددىن مۆردە دېگەن نامغا ئىگە بولمەن. ئۇنىڭدىن ھايۋان بولۇپ پەيدا بولمەن ۋە ھايۋاندىن ئۆلۈپ ئادەمگە ئايلىنىمەن (شۇنداق ئىكەن). ماڭا ئۆلۈپ يوقىلىپ كېتىشتىن ئەندىشە قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بەشەردە (ئىنسانلىقتا) ئۆلۈپ، پۈتۈنلەي يېڭى قىياپەتكە ئىگە بولۇپ مەلائىكىلەردىن بىر بەلگە ئېلىش ئۈچۈن قانات قاقىمەن. ئەمما مەلەكىنى ھەم تەرك ئېتىمەن. چۈنكى «ئۇنىڭ (ئاللانىڭ) ۋەجىدىن (يۈزىدىن) باشقا ھەممە ھالاك بولغۇچىدۇر (ئۆلگۈچىدۇر)»، مەلائىكىلەر ئالەمىدىمۇ مەن يەنە ئۆلىمەن»[31] .

بۇ مىساللاردىن «دەۋرلىك نەزەرىيىسى»دە ئىپادىلەنگەن دىئالېكتىك پىكىرلىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ كېيىنكى باسقۇچنىڭ ئالدىنقى باسقۇچنى ئىنكار قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كېلىشى ۋە ئالدىنقى باسقۇچتىكىگە قارىغاندا تاكامۇللىشىشقا قاراپ ماڭغانلىقى ئالاھىدە كۆزگە چېقىلىدۇ. «... سەن خاك (تۇپراق) ئىدىڭ، گىياھقا ئايلاندىڭ. نەباتات (ئۆسۈملۈك) دۇنياسىدىن بىر قەترە قان بولۇپ ھايۋانات دۇنياسىغا ئۆتتۈڭ. نىھايەت، ھايۋانات دۇنياسىدىن ئالەمى ئىنسانىيەتكە. مانا بۇ قالتىس مۆجىزە!» دەيدۇ جالالىدىن رۇمى[32] . مەۋلانىنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇنداق دىئالېكتىك ئۆزگىرىش جەريانى ئىپادىلەنگەن مىسرالارنى ناھايىتىمۇ كۆپ ئۇچرىتىمىز: «دەسلەپىدە جەماد پەيدا بولغانىدى، ئاندىن نەبات (ئۆسۈملۈك) بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭدىن ھايۋانغا ئۆتتۈڭ. لېكىن بۇ جەريانلار ساڭا نامەلۇمدۇر. ئۇنىڭدىن (ھايۋاندىن) ئىلىم، ئەقىل ۋە ئىمان ئىگىسى بولغان ئىنسانغا ئۆتتى. گەرچە ھەممىسى ئۇنىڭدىن (تۇپراقتىن) مۇكەممەللىشىپ بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، تەن يەنىلا خاكدانىنىڭ (تۇپراقنىڭ) بىر بۆلىكىدۇر»[33] .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇلارنىڭ «دەۋرلىك نەزەرىيىسى»دىكى «نۇرى ئىلاھى»نىڭ تەجەللى قىلىش تەرتىپى ئەمەلىيەتتە شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئاددىي ھالەتتىن تاكامۇللىشىشقا قاراپ ماڭىدىغانلىقى، كېيىنكى باسقۇچتىكى تەرەققىيات ھامان ئالدىنقى باسقۇچنى ئۆزىگە مەنبە قىلسىمۇ، يەنە ئۆزىنىڭ كونا ھالىتىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق يېڭى ھالەتكە ئۆتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت دىئالېكتىك ئۆزگىرىش جەر-

يانىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. گەرچە ئۇلار بۇ جەريانلارنى پەقەت «ۋۇجۇدىي مۇتلەق»نىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى دەپ چۈشەندۈرسىمۇ، لېكىن تەجەللىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچتىكى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇش، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە يوقىلىپ باشقا شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولۇشىدىن ئىبارەت تەرەققىيات جەريانلىرى ھەققىدىكى تونۇشىدا، ئاڭسىز ھالدا بولسىمۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ دىئالېكتىك قانۇنىيىتىنى ئىپادىلىگەنىدى. شۇڭا بىز تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى بۇ قاراشلارنى مەلۇم تەرەپلەردە بولسىمۇ ئىستىخىيلىك ھالدا شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ دىئالېكتىك قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشقانلىقى بىلەن يەنىلا ئىلغارلىقتا ئىكە دەپ قارايمىز ھەم ئۇنى تەرەققىياتنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدىغان مېتافىزىك قاراش «دەۋرىيلىك» قارىشىدىنمۇ قىسمەن پەرقلەندۈرىمىز.

①⑤⑨ ئاگاھ سىررى لەۋەند، 168 ـ بەت.

②⑩ ئې.د.جاۋەلىدزە، 51 ـ بەت.

③ سەلچۇك ئەرايدىن، 120 ـ بەت.

④ رادى فىش، «جالالىدىن رۇمى»، ئۈرۈمچى، 1991ـ يىل، 100 ـ بەت.

⑥ ھەمزە پانسورى، «ئەسرارئەل ئارىفىن»، م.ت.ستېپانيانىسىنىڭ كىتابىغا ئىلاۋە قىلىنغان رۇسچە تەرجىمىسى، شۇ كىتاب، 149 ـ بەت.

⑦ سەلچۇك ئەرايدىن، 109 ـ بەت.

⑧ ھەدىس قۇدىسى (مۇقەددەس ھەدىس) مۇھەممەد پەيغەمبەر ئاللانىڭ نامىدىن ئېيتقان، يەتكۈزگەن سۆزلىرى مۇقەددەس ھەدىس دېيىلگەن. بۇ ھەدىسلەرنىڭ سانى ناھايىتىمۇ چەكلىك.

⑪ مۇھەممەد پەيغەمبەردىن «ئاللا ئالەمنى يارىتىشتىن ئىلگىرى نەدە ئىدى؟» دەپ سورالغاندا، «ئەمادا» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنىڭغا «ئەما» دېيىلىشى ھەقنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئۇنى كۆرەلمەيدىغانلىقىغا قارىتىلغان بولسا كېرەك (ئاگاھ سىررى لەۋەند، 169 ـ بەتكە قارالسۇن).

⑫ ئاگاھ سىررى لەۋەند، 170 ـ بەت.

⑬ سەرەتۇل مۇنتەھا يەتتىنچى قات ئاسماندىكى بىر گۈزەل دەرەخ بولۇپ، بۇ ئىنساننىڭ ئاللاغا يېقىنلىشىشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى ھېسابلىنىدۇ دېيىلگەن. مىراج كېچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەرنى جەبرائىل مانا شۇ يەرگىچە ئېلىپ چىققانىكەن.

⑭ بەرزاھ جەننەت بىلەن دوزاخنى ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا، ئادەم ئۆلگەندىن تارتىپ تاكى قىيامەتكىچە بولغان ۋاقىت مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. «بەرزاھى سۇغرا» «كىچىك ئارىلىق، قىسقا ئارىلىق» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

⑮ بۇ بەش مەرتىبە ھەققىدە، سەلچۇك ئەرايدىن 125 ـ 126 بەتلەر؛ ئاگاھ سىررى لەۋەند، 170 ـ بەت؛ فۇئاد كۆپرۈلۈ، «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋۇپلار»، ئەنقەرە، 1991 ـ يىل (يەتتىنچى بېسىلىشى)، 308 ـ بەتتىكى ㉘ ئىزاھ؛ ئې.د.جاۋالىدزە، 56 ـ بەت؛ ئا.د. كىنىش، «ئىبىن ئەرەبىنىڭ دۇنيا قارىشى» «دۇنيادىكى دىنلار ـ»، موسكۋا، 1984 ـ يىل، 86 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑯⑰ نەسەفى، «زۇبدەتۇل ھەقايىق»، 41 ـ ۋە 56 ـ بەت.

⑱ نەسەفى، «زۇبدەتۇل ھەقايىق»، 65 ـ بەت.

⑲ غەززالى، «ئىھيائى ئۆلۈم ئەددىن» (رۇسچە تاللانغان تەرجىمە)، موسكۋا، 1980 ـ يىل، 299 ـ 300 بەتلەر.

⑳ ھەمزە پانسورى، (م.ت.ستېپانيانىسىنىڭ كىتابى)، 143 ـ بەت.

㉑ ھەمزە پانسورى، 138 ـ بەت.

㉒ شېرىپىدىن ئۆمەر، «ئۇيغۇرلاردا كىلاسسىك ئەدەبىيات»، ئۈرۈمچى، 1989 ـ يىل، 44 ـ بەتتىكى نەقىلدىن ئېلىندى.

㉓ ھەمزە پانسورى، 152ـ بەت.

㉔ ھەمزە پانسورى، 146 ـ بەت. (م.ت.ستېپانيانىسىنىڭ كىتابىنىڭ بەت نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ).

㉕㉗ فۇئاد كۆپرۈلۈ، «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋۇپلار»، 322 ـ بەت.

㉖㉘ ئابدۇراھمان گۈزەل، «تەككە شېئىرى» «تۈرك تىلى»، 1989 ـ يىل، (بىرلەشمە سان )، 445 ـ 450 سانلار، 322 ـ بەت.

㉙ ئىبىن ئەرەبى «فۇسۇسۇل ھىكەم» (ھېكمەت گۆھەرلىرى)، بېيرۇت، 1980 ـ يىل، 49ـ بەت (م.ت.ستېپانيانىسىنىڭ كىتابى، 19 ـ بەتتىكى نەقىلدىن ئېلىندى).

㉚ ئې.د.جاۋەلىدزە، 63 ـ بەت (شېئىر رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىندى. بەدىئىيلىكى راۋان بولماسلىقى مۇمكىن).

㉛ فۇئاد كۆپرۈلۈ، 323 بەت؛ ئې.د.جاۋەلىدزە، 63 ـ 64 بەتلەر.

㉜ رادى فىش، «جالالىدىن رۇمى»، تاشكەنت، 1986 ـ يىل، 238 ـ بەت.

㉝ فۇئاد كۆپرۈلۈ، 323 ـ بەت.

# ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ شېئىرلار توپلىمىغا كىرىش سۆز

جۇتاۋ

1

بۈگۈن مەن بەكمۇ خۇشال. چۈنكى ماڭا ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ «سالغا تېشى» ناملىق شېئىر توپلىمىنى ئوقۇپ چىقىش نېسىپ بولدى. مەن خۇددى شائىر شۆي جىمو تۇنجى قېتىم كۆزەينەك تاقىغىنىدا، كېچە ئاسمىنىغا بېقىپ ئاسماندا چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ شۇ قەدەر كۆپلۈكىنى بايقىغىنىدەك ھاڭ-تاڭ قالدىم! شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەن يازغۇچى ۋاڭ مېڭ ئىلىنىڭ بايانداي دېگەن يېرىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىللىرىدە، ئۇ ئولتۇرغان ئۆينىڭ خوجايىنى مۆمىن ئاتىنىڭ: «بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى ۋە شائىرى بولمىسا قانداق بولىدۇ؟» دېگىنىگە ئىشەندىم.

شۆي جىمو كىچىكىدىلا كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز بولغاچقا شۇ چاغقىچە يۇلتۇزلارنى كۆرەلمەي كەلگەنىكەن. ھالبۇكى، بىز ئوخشاش بىر يەر زېمىندا، ئوخشاش بىر شەھەردە بىللە ياشاپ تۇرۇقلۇقمۇ بۇنچىۋالا نۇرغۇن تالانتلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز قاپتۇق. چۈنكى بىزنىڭ ئىشلىتىۋاتقىنىمىز ئوخشىمىغان تىل-ئەدەبىيات، يەنە كېلىپ مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئالاقە تولىمۇ كەمچىل بولۇپ كەلگەن. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تالاي كاتتا شائىر ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى خەنزۇ ئوقۇرمەنلىرى ئارىسىدا باھا بېرىلىش ئاساسىدا تونۇشتۇرۇلۇپ، ئىنتايىن زور تەسىر پەيدا قىلدى. ئەپسۇس، ئۇزاق مۇددەتلىك پارلاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان ئۆز ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرۇشىمىز ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرىكىگە يەتمەيدۇ.

ئۆزئارا تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا پايدا يەتكۈزۈشلەر مەڭگۈ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە چۈشىنىشنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، مانا بۇ ناھايىتى چوڭ مەسىلە.

ۋاڭ مېڭ ئۆينى ئىجارە ئالغان مۆمىن ئاتىنىڭ «پادىشاھ بىلەن شائىرنىڭ ئوخشاش»لىق نەزەرىيىسىگە كەلسەك، بۇ ھەر بىر مىللەتنىڭ چوڭقۇر تارىخىي قىممەت قارىشىغا بېرىپ چېتىلىدۇ. رۇسلاردا پوشكىن پۈتكۈل مىللەتنىڭ سىمۋولى، كارموس پورتۇگالىيىنىڭ ئىپتىخارى، ئۇيغۇرلاردىمۇ مانا شۇنداق قىممەت ئەنئەنىسى بار، ئەمەلىيەتتە خەنزۇ مەدەنىيىتى شائىر لى بەي، دۇفۇلارنى قانداقمۇ ئەۋلىيا-ئەنبىيالار دەپ سانىمىسۇن؟ ئىنسان ھېسابلانغان ھەر بىر مىللەتنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش بالىلىق دەۋرى بولغان. شۇڭا مۆمىن ئاتىنىڭ غەرەزسىز ئېيتىلغان بۇ سۆزى نۇرغۇن ئالىملىرىمىزنىڭ «مىللەتلەر مەدەنىيىتى سېلىشتۇرمىشۇناسلىقى»دا يىرىك ماقالىلەرنى يېزىشىغا يېتەرلىكتۇر.

2

بۇ توپلامدىكى شۇنچە كۆپ سەرخىل ئەسەرلەرنى كونكرېت ئانالىز قىلىپ بەھىر ئېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىسقىغىنە كىرىش سۆزۈمنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلمىسىمۇ، بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ سەۋىيىسىگە نىسبەتەن يېڭى تونۇشقا ئىگە بولدۇم. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ شېئىرلارنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى دۆلەت ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەنزۇچە يېڭى شېئىرلارنىڭ سەۋىيىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، بۇ شېئىرلار ناھايىتى يۇقىرى شېئىرىي ساپا ۋە شېئىرىي گۈزەللىككە ئىگە بولۇپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قويۇق دىنىي تۇيغۇ ۋە تەبىئىي ئىلھامغا ئىگە. مانا بۇ شېئىرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان مۇھىم تەركىبلەر بولۇپ، دەل مۇشۇ تەركىبلەر بۇ شېئىر توپلىمىدا ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىسىنى تاپقان. مۇشۇنداق ياخشى شېئىرىيەتنىڭ ئۆزى كۆكلەپ، ئۆزى قۇرۇپ كېتىشىگە سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرۇش تولىمۇ ئېچىنارلىق ئىش. مەن «شېئىرىيەت ژۇرنىلى»نىڭ بۇ شېئىرلارغا مەخسۇس سان ئاجرىتىپ مەملىكەت مىقياسىدىكى شائىر ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزگە شېئىرنىڭ ھەقىقىي ھالىتىنى قايتىدىن تونۇتۇشىنى زۆرۈر دەپ قارايمەن.

بەزىلەر، ھازىرقى خەنزۇ يېڭى شېئىرىيىتىنى «ياۋروپا ئامېرىكا شېئىرىيەت ئېقىملىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى تەرجىمىسى» دېيىشىدۇ، مېنىڭچىمۇ شۇنداقراق. ئەگرى-توقاي يوللارنى كېزىۋەرگەنچە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەسلىدىكى مەنزىل ئۇنتۇلىدۇ. بۇ جەھەتتە، «سالغا تېشى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىكى ئەسەرلەر تىلنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ئۇنتۇمىغان، بۇ شېئىرلاردا دەۋرىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ

ئالاھىدىلىكى ۋە روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

بۇ شېئىرلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ مول ئىچكى دۇنياسىنى كۆرەلەيمىز، ئۇلارنىڭ يۈرەك سوقۇشلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ئۈمىدلىرىنى، ئۇلارنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىنى، ئۇلارنىڭ تەنتەنىسى ۋە يۇمۇرلىرىنى ئاڭلىيالايمىز... بىر مىللەتنىڭ تىلىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇرلاپ كىرگىلى بولمايدۇ، قەلبىگە چوڭقۇرلاپ كىرىش بولمىسا، بىر مىللەتنى مەڭگۈ چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئادەم بىلەن ئادەم شۇنداق، مىللەت بىلەن مىللەت تېخىمۇ شۇنداق. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش بولغاندىلا، ئاندىن چۈشىنىش، دوستلۇق ۋە ھېسداشلىق بولىدۇ، بەلكى بۇ چوڭقۇر ۋە بۇزۇلماس بولىدۇ. مەسىلەن، رۇس مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى جۇڭگوغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ بىر نەچچە ئەۋلاد كىشىلىرىمىزنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەندى.

شۇڭا، مېنىڭچە ھەرقايسى مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇقلاشنى كۈچەيتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا كاپالەت قىلىپ، دۆلىتىمىزنى روناق تاپقۇزۇشتىكى مۇھىم تەرەپ. بولۇپمۇ، خەنزۇ مەدەنىيىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىدىن ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئېلىشى، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ بېرىشى كېرەك. ئۇنداق قىلغاندا، تارىختا قارايدىغان بولساق، جۇڭگو كۆكسىي قارنىنى كەڭ تۇتۇپ، كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلغان مەزگىللىرىدە ئىنتايىن قۇدرەت تاپقان. ۋەھالەنكى، تار بېكىنمىچىلىك قىلىش ھامان ئارقىدا قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

3

ئۇيغۇرلارنى ئادەتتە «ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى» دېيىشىمىز، بۇنداق تەرىپلەش بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي تەرىپى ئۈچۈن ئېيتقاندا، يۈزەكىلىكتىن مۇستەسنا ئەمەس. ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر بولۇش يامان ئىش ئەمەس، ئەكسىچە ياخشى ئىش بولسىمۇ پۈتكۈل بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە تولىمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ.

جاھاندا مەيلى قانچىلىك ئىرق، مىللەت بولمىسۇن، ئۇلار قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلمىسۇن، قايسى خىل دۇنيا ئەنئەنىسىگە ئادەتلەنگەن بولمىسۇن ۋە مەيلى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتى ھەمدە پسىخىك ئالاھىدىلىكى بىر ـ بىرىدىن شۇنچە زور دەرىجىدە پەرقلەنمىسۇن، بىزنىڭ بىر ئورتاقلىقنى تېپىشىمىز ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئادەم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىلا ئادەملىك ۋۇجۇد ۋە ئادەملىك قەلب بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىلا ئادەملىك ھېس تۇيغۇ، ئادەملىك ئەقىل ئىدراك، ئادەملەردە بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ئالاھىدىلىك بار. مانا مۇشۇ ئاساسىي نۇقتا، «ئىنسانىيەتنىڭ چوڭ ئوخشاشلىقى»نى پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ شېرىن ئارزۇسىغا ئايلاندۇرغان.

دەل مۇشۇ نۇقتىدىن، 20 ـ ئەسىرنىڭ چوڭ داۋالغۇشلىرى، يۈكسەك تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرگەن. ئىنسانلار ئىلگىرىكىلەر تەتقىق قىلىش زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارىغان نۇرغۇن ھاياتلىق تېمىلىرىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولدى. بۇرۇن يەر شارى بەك چوڭ ئىدى، ھالا بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا كىچىكلەپ كەتتى، ئادەم بىلەن ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى، ئۇلارنىڭ بىللە ياشىشى مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇھىم ئىشقا ئايلىنىپ قالدى.

شۇڭا، ئەدەبىياتمۇ ئوخشاشلا بۇنداق يېڭى تېما ۋە سىناقلارغا دۇچ كەلگەنلىكتىن، ھازىر مەۋجۇت بولغان ھەر خىل تەشۋىق ۋاستىلىرى ئارقىلىق قانداق قىلغاندا ئادەم قەلبىگە تېخىمۇ ياخشى چوڭقۇرلاپ بۆسۈپ كىرەلەيدىغان شەكىلنى تېپىش جەھەتتە يۈزلەنمەكتە.

شېئىر ۋە شائىرلارمۇ يېڭى قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. مەن بۇ بۆسۈش ئېغىزىنى دەسلەپ ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئارىسىدىن تېپىۋېلىشنى ئىستەيمەن.

4

ئۆتكەن ئايدا رۇسىيىنى زىيارەت قىلغىنىمدا، پۇشكىننىڭ ئولتۇرغان ئۆيى ۋە ئۇنىڭ خاتىرە سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم. مەن رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىر ئاكادېمىكىدىن مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىشلارنى سورىغىنىمدا ئۇ ماڭا: «رۇسىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، پۇشكىن ھەممە دېمەكتۇر، قانچىلىك ئەمەس، بەلكى ھەممىدۇر!» دېگەنىدى. رۇسلارنىڭ ئۆز مىللىتىدىن چىققان گىگانت شەخسلىرىنى بۇ قەدەر قىزغىن سۆيۈشى قەلبىمنى چەكسىز ھاياجانغا سالدى. كېيىن، مەن خاتىرە سارىيىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا خاتىرە سارىيىنىڭ باشلىقى ماڭا بېغىشلىما يازغۇزدى. مەن مۇنۇلارنى يېزىپ قويدۇم: «پۇشكىننىڭ نەزەرى ۋە جاۋغايلىرىدا ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق قايغۇ ھەسرىتى ھەم غۇرۇرى چوڭقۇر يوشۇرۇنغان».

ھازىر مەن، بۇ سۆزۈمدىن مۇشۇ توپلامغا ئەسەرلىرى كىرگەن ياش ئۇيغۇر شائىرلىرى بىلەن ئورتاق بەھرىلىنىشنى خالايمەن.

ستۇدېنتلار



# مەخپىي خاتىرىلەر

لەيلى

بۇ خاتىرەمنى ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئادەمگە بېغىشلايمەن

198X ـ يىل 26 ـ ئۆكتەبىر.

مەن سېنى پاك قەلبىم، چىن ئەقىدەم بىلەن سۆيەتتىم. يالقۇنلۇق مېھرىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ياخشى كۆرەتتىم. مېنىڭ بۇ ياخشى كۆرۈشلىرىم، سۆيۈشلىرىم پۈتۈنلەي يوشۇرۇن ئىدى. قايسىدۇر بىر شائىرنىڭ يوشۇرۇن كۆيۈش توغرىسىدىكى مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرى دائىما ئېسىمدە:

يوشۇرۇن كۆيۈش، مەخپىي ئازاب،
شۇنچە تاتلىق لەززىتى.
بارمىدۇ مەندىن بۆلەك،
شۇنداق چۈشەنگەن بىر كىشى.(پوشكىن)

سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئاشۇ كۈنلىرىمنى ئەسلا ئۇنتۇيالمايمەن. مەن سېنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم. سەندىن كۆزلىرىمنى ئۈزەلمەيتتىم، ساڭا يەر تېگىدىن ئوغرىلىقچە قارايتتىم، بۈگۈنكى ئازابلىرىم ئەنە شۇ قاراشنىڭ نەتىجىسى بولسا خۇدا ھەقىقىي سېنى ئۇچرىتىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئىككى كۆزۈمنى ئويۇپ ئېلىۋېتىشكە رازى ئىدىم. تۇساتتىن ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. مەن ئۆزۈمنى باشقۇرالماي قالدىم، تەنلىرىم قىزىپ تەرلىمەكتە، قوللىرىم تىترىمەكتە ئىدى... مانا شۇ كۈندىن ئېتىبارەن سەن مېنىڭ قەلبىم تۆرىدىن ئورۇن ئالدىڭ. قەلب قەسرىمنىڭ يۇقىرى تەختىدىن ساڭا ئورۇن بەردىم، مېنىڭ قەلبىمدىكى ھۆرمىتىڭ چەكسىز، شۆھرىتىڭ يۈكسەك ئىدى.

سېنى دائىم ئويلايتتىم، ھەممىدىن ئاۋۋال كۆزلىرىڭنى ئويلايتتىم. مەن سېنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىڭنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن بەخت ئىزدەيتتىم. ئۇ كۆزلەردىن ئىقبالىمنى كۆرۈشنى خالايتتىم. سېنى دائىم ئۇچرىتىشنى ئويلايتتىم. بىر سەۋەبلەر بىلەن كۆزلىرىڭگە تىكىلەتتىم. بىراق چاندۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ قېشىڭدا ئۇزاق تۇرالمايتتىم. مەن سېنى شۇ تەرىقىدە ياخشى كۆرۈپ كەلدىم، تۇرمۇشۇمنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىدىمۇ سەن بار ئىدىڭ.

كېچىلىرى چۈشۈمدە، كۈندۈزلىرى ئويۇمدا، ئىشقىلىپ سەن بىلەن خىيالەن بىللە ياشايتتىم.

بىلمەيمەن. سېنى قانداقلارچە بۇنچە ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن. سەن مېنىڭ ياشلىق دەۋرىمنى، قەلب ئىشىكىمنى چەككەن تۇنجى ئىنسان سەن ئىدىڭ. سېنىڭ ماڭا بەخت ئاتا قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئەپسۇسكى، بۇ بەخت ماڭا نېسىپ بولمىدى. ئارىدىن بىر يېرىم يىل ئۆتۈپ سەن مەن كۈتكەننىڭ ئەكسىچە ئىش قىلدىڭ. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن كۆزۈمدىن زادىلا يېشىم قۇرۇمىدى. بۇ ئىش بىلەن ئۆزۈمنى دۇنيادا ئەڭ بەختسىز ھېس قىلدىم، ئۆزۈمنى تېگى كۆرۈنمەس ئازاب غارىدا، چېتى كۆرۈنمەس ھىجران دېڭىزىدا يۈرگەندەك ھېس قىلدىم. ئىچىمدە «خەير، مېنىڭ بەختىم، مەيلى سەن بەختلىك بولساڭلا مەيلى، مەن شۇنىڭدىن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن» دەيتتىم. ھالبۇكى، شۇندىن بېرى سېنى ئۇنتۇشقا تىرىشتىم. بىراق مەن سېنى، سېنى ئەسلا ئۇنتۇيالمىدىم. بۇ جەرياندىكى كۈلپەتلىرىمنى ساڭا سۆزلەشنى خالىمايمەن. بىراق خېلى ۋاقىتلار ئۆتۈپ مەنمۇ سېنىڭ ياخشى كۆرۈشۈڭگە مۇيەسسەر بولدۇم. ھېچنېمىگە قارىماي سەن بىلەن يۈردۈم. ئۇ كۈنلەردە خۇشلۇقىمدىن ئاغزىم يۇمۇلمايلا قالاتتى. تىنماي كۈلەتتىم، بىراق بۇ كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى. تاتلىق كۈلكە ئىچىدە ئاچچىق يىغا بولىدىغانلىقىنى نەدىنمۇ بىلەي؟! سەن مېنى تاشلاپ كەتتىڭ، مەن ساڭا سەجدە قىلدىم. بىلسەك بولىدۇ، مەن پەقەت

سىنى ياخشى كۆردۈم، قەدىرلىدىم، ھۆرمەتلىدىم، خالاس. كېچە تالاغا چىقتىم، گۈمبەزسىمان ئاسمان يۇلتۇزلارغا لىق تولغان. ئەڭ يورۇق بىر يۇلتۇزنى ساڭا ئوخشاتتىم. ئۇ يۇلتۇز ئېقىپ كەتتى. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى...

تاڭ سەھەر باغقا كىردىم، ئاجايىپ ئىش، كۆزۈم ئېچىلغان بىر جۈپ گۈلگە چۈشتى. بىراق گۈلنىڭ بىرى سولاشقان. گۈل بەرگىدە بولسا شەبنەم يالتىرايتتى. مەن ئەنە شۇ گۈلگە ئوخشاپ قالغانىدىم، سەن كەتتىڭ، مەن قالدىم. پۇشايمان، ئېچىنىش، دەرد ئەلەم ھىجران ئىچىدە قالدىم. مانا ئەمدى كۆزۈمدە ياش، دىلىمدا ئەلەم، يۈرىكىمدە بۇلارنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئىشقى ئوت، ئازاب زەنجىرىدە بوغۇلۇپ، ھىجران ئوتىدا كۆيمەكتىمەن.

بىر مەزگىل گۈل ئېچىلغان باغلارنى قىرو چۈشۈپ غازاڭلار قاپلىدى، تۇرمۇشۇم غەم-قايغۇغا چۆكتى. ئۆز ۋاقتىدا سەن ماڭا ھەمراھ ئىدىڭ. ئەمدىچۇ، ماڭا دەرد ھەمراھ، ئازاب ھەمراھ! ھە راست، ماڭا مەڭگۈلۈك ھەمراھ نەرسىدىن پەقەت بىرلا نەرسە قاپتۇ. ئۇ بولسىمۇ مەڭزىم بويلاپ چۈشۈۋاتقان پاك، غۇبارسىز ياشلىرىم، شۇلا ماڭا مەڭگۈلۈك ھەمراھ. خەير، ساڭا بەخت تىلەيمەن.

198X-يىل 27-ئۆكتەبىر (سەيشەنبە)

دۇنيادا مەن ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك بولغان «X»، مەن سىز بىلەن يۈرگەن كۈندىن باشلاپ كۈندىلىك خاتىرە يازمىغانىدىم. بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرنى خۇشال مىنۇتلار ئىچىدە ئۆتىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. ئەمدى ئويلىسام بۇ ئويلىرىم بالىلارچە، ئەجەب ساددا ئويلار ئىكەن. مەن سىزنى شۇنچە ئەقىدە بىلەن سۆيگىنىم ئۈچۈن ئېرىشكەن مۇكاپاتىم مۇشۇ بولسا كېرەك. ئالىي مەكتەپكە چىقىپ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرگىنىمگە توپتوغرا 35 كۈن بوپتۇ، بۇ كۈنلەرنىڭ قايسىبىر مىنۇتىدا سىزنى ئويلىمىدىم دەيسىز.

گەرچە سىز بىلەن ئەمەلىيەتتە بىرگە بولمىساممۇ خىيالىم بىللە، قەلبىم بىللە، بىراق سىز يەنە ئاشۇ تەبىئىتىڭىزنى ساقلايدىكەنسىز. مەن ئۆمرۈم بويى نامى بار جىسمى يوق يار بىلەن خىياللار ئارا بىللە ياشايدىغان ئوخشايمەن. «X» سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان كۆڭلۈمگە ھېلىھەم نەپرەتلىنىمەن. مەن «چالىقۇشى» رومانىدا «سېرىق ئادەملەر ۋاپاسىز كېلىدۇ، ھەر بىر ئىنساننى تۈرلۈك ئازابلارغا سالىدۇ» دەپ ئوقۇغانىدىم. مېنىڭچە، بۇ سۆز راست بولسا كېرەك.

ئېيتىڭكە، مەن سىزگە نېمە قىلدىم، بۇنچە پېشكەللىكلەرنىڭ مېنى كۈتۈپ تۇرۇشىنى ئويلىماپتىكەنمەن. ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ قەلب گاراھلىقى چىدام بىلەن تىرىشىشتا ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەسكەن. ھېلىمۇ مەن سىزنىڭ ئالدىمغا كېلىپ «خاپا بولما» دېگەن سۆزىڭىزگە تەشنا. خۇدايىم كۆڭلىڭىزگە ئىنساپ بېرەر، چۈنكى ھەممىگە خۇدا قادىر. ئەگەر سىز مېنى ئىزدەپلا قويسىڭىز، مەن سىزنى بېشىمدا كۆتۈرۈشكە رازى ئىدىم.

كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا بىرى بىلەن گەپ تالىشىپ قالدىم. ئەسلىدىلا سىزنى ئويلاپ ئولتۇرغانىدىم. ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك بولدى، ئۇنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن تەڭ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. ھازىر سائەت 12 بولاي دېدى، چىراغ بىر تۇتاش ئۆچۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بەلكىم ھازىر ئۆچۈپ قالار. ئەنە مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا مەن سىزنىڭ قېشىمدا بولۇشىڭىزغا قانچىلىك تەشنا ھە! ئەپسۇسكى، بۇ كۈنلەرگە ئېرىشەلمەيدىغان ئوخشايمەن. سىز شۇ تاپتا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا ياخشى چۈش كۆرۈڭ، خۇدا چۈشىڭىزدە مېنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلار.

198X-يىل 10-ئاينىڭ 28-كۈنى (چارشەنبە)

بۈگۈن مۇزاكىرىدىن بېشىم ئاغرىق دەپ، يېرىم سائەت ئولتۇرۇپلا يېنىپ چىقتىم. كۆڭلۈم بەكلا يېرىم، ياشلار كۆزۈمنى ئېشەيلا دەپ تۇرىدۇ، «ئۆزۈمنى تۇتۇۋالىمەن، سىزنى ئۇچرىتارمەن» دەپ ئۈمىد بىلەن ئۆيگە بارغانىدىم، ئۇچرىتالماي روھىم چۈشۈپ قايتىپ كەلدىم. ھېچكىمنىڭ قىلغىنى ئۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ. ھازىر كىمدە گۇناھ بار ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئېچىلمايدىغان سىر يوق ۋاقتى كەلسە كۆرىمىز.

198X-يىل 10-ئاينىڭ 29-كۈنى (پەيشەنبە)

بۈگۈن ئۆيدىن كەلگىچە «X» سىز بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ ۋاقىتتىكى خۇشلۇقىمنى ئىپادىلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. سىز بىلەن بىللە بېكەتكە كەلدىم.

– تاماكا چەكمەيتتىڭىز، – دېدىم.

– دەرد جىق «X»، – دېدىڭىز.

ئاشۇ جىق دەردلەرنى مەنمۇ بىلسەم، ھە راست، دەردىڭىز بار ئوخشايدۇ. ھەسرەتلىك كۆرۈنىسىز. رە-

سىمىنى سورىسام بەرمىدىڭىز، بۇمۇ ماڭا ئېغىر كەلدى. نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ رەسىمىنى ئالالمىغۇدەكمەن، ئۇنچىلىك ھوقۇق مەندە يوقمۇ؟ مېنىڭ ياخشى ئوقۇشۇمنى تىلىدىڭىز، بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتاي.

سىزدىن ئايرىلىپ مەكتەپكە كەلدىم. مۇزاكىرە باشلىنىپ بولغان، سىنىپقا چىققۇم يوق. كۆڭلۈم خېلى ئېچىلىپ قالدى. چۈنكى قانداقلا بولمىسۇن سىز بىلەن كۆرۈشەلىدىم. شۇڭا باشقا ئىشلارنى قويۇپ بالدۇرلا ياتاي دەپ ئورۇن سالدىم. بىراق كۆزۈمگە قانداقمۇ ئۇيقۇ كەلسۇن؟!

ئەھمىيىتى يوق ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىما.

198X ـ يىل 30 ـ ئۆكتەبىر (جۈمە)

بۈگۈن كۈن شۇنچىلىك تېز ئۆتتىكى كۈننىڭ قانداقلارچە كەچ بولۇپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەيلا قاپتىمەن. سەۋەبى، بەلكىم تۈنۈگۈن سىزنى كۆرگەنلىكىمدىن بولسا كېرەك. مەن سىزنى ياخشى كۆرگەندەك مېنى ياخشى كۆردىڭىزمۇ؟ شۇنداق بولسا قانداق ياخشى بولار ئىدى ھە! ئەتە ئىمتىھان، ياخشى تەييارلىق قىلاي، چۈنكى سىز مېنىڭ ياخشى ئوقۇشۇمنى تىلەيسىز ئەمەسمۇ؟

198X ـ يىل 1 ـ نويابىر (شەنبە)

مېڭەم چىگىش خىياللار ئىچىدە نېمىلەرنى ئويلاپ، نېمىلەرنى ئويلىماسلىقنى بىلمەيمەن. مېڭەمدە بىر كىشى، ئاغزىمدا بىر كىشى. ئۇ بولسىمۇ سىز، پەقەت سىزلا. «X» بۇ خاتىرىنى پەقەت سىز ئۈچۈنلا تۇتتۇم.

مەن سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىمەن، بۇنىسى سىزگە مەلۇم ئەمەس. سۆيگۈ سەۋداسى ھېچقانداق بىر قىز قەلبىنى مەندەك پۇچىلاندۇرمىغان بولغىيتتى. تاڭ بىلمىدىم، تۇنجى مۇھەببەت مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئەقلىم يەتمەيدۇ، سىزنىڭ نەرىڭىزنى بۇنچىۋالا ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن؟ باشقىلارنى كۆرسەم ئۇلار مەندە ھېچقانداق تەسىرات قوزغىيالمايدۇ. «X» سىزنى ياخشى كۆرىمەن دېسەم، بەلكىم بۇ باشقىلارنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئالغان تەجرىبە دەپ ئويلاپ قالماڭ. ياخشى كۆرۈش ۋە ياخشى كۆرگۈزۈشنىڭمۇ ئۇسۇلى باردۇر، ئەپسۇسكى، مەن ئىنتايىن دۆت ئوخشايمەن، ئۇنداق ئىشلارنى بىلمەيدىكەنمەن.

مەن ئۈچۈن ھازىر ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش سىزنى ئويلاش. ھازىر سىز نېمە قىلىۋاتقانسىز، مەن بىچارە ئالتە قەۋەت بىنانىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىنىڭ ئاستىدىكى كارىۋاتتا ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇپتىمەن.

مەن پات ـ پات ئۆز ـ ئۆزۈمنى شۇنداق ئاگاھلاندۇرىمەن: كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمە!

198X ـ يىل 3 ـ نويابىر (يەكشەنبە)

كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا سىز بىلەن بولغان ئىشلارنى بىر ساۋاقدىشىمغا سۆزلەپ بەردىم. بۇ باشقا بىرى ئەمەس، دەل مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ سىزدىن نەرى كەم، ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنى شۇنچە ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن كۆڭلۈم ئۇنى ئەمەس، سىزدىن بۆلەك ھېچ كىشىنى خالىمايدۇ. سىزچۇ؟ مەن سىزنى شۇنچە ياخشى كۆرسەممۇ سىزنىڭ ياخشى كۆرۈشىڭىزگە ئېرىشەلمىدىم. ئۇغۇ مەيلى، بىرەر قېتىممۇ ئىزدەپ قويمىدىڭىز، بولىدىلا سۆزلەپ نە قىلاي. بەربىر سىز ئاڭلىمىتىڭىز؟

198X ـ يىل 8 ـ نويابىر (يەكشەنبە)

ئەي پەلەك، سەن مەن بىلەن ئوينىشىۋاتامسەن؟ بۈگۈن شۇنچە نىيەت قىلىپ بارساممۇ ئۇنى ئۇچرىتالمىدىم، چوقۇم ئاچچىقىم يېنىپ قالغاندا ئۇچرايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا قىلىدىغان گېپىمنى تاپالماي قالىمەن... مەكتەپكە كەلدىم، جاۋابىمغا تەشنانى كۆردۈم. توۋا خۇدايىم، مېنىڭ كۆڭلۈم ھەممە نەرسىدىن يانغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بىچارىلارچە چىرايىغا قارىسام ئىچىم ئاغرىيدۇ. ياق، ماڭا كىمنىڭ ئىچى ئاغرىپتىكەن؟ ئۆز ۋاقتىدا دۈشمەنلەرنىڭ غەيۋىتىگە ئۇچرىساقمۇ دوستلىرىمىزنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگەنىدۇق. ئەمدى ئاشۇ كۈنلەر نەگە كەتتى؟ ماڭا پەقەت دەرپەردە ئارقىسىدىكى غۇۋا ئەسلىمىلا قالدى، خالاس.

198X ـ يىل 28 ـ نويابىر (شەنبە)

بىر ھەپتە بولدى. دوستۇمدىن بىر گەپ ئاڭلىدىم، راستىمىدۇ؟ ئۇ راست شۇنداق قىلارمۇ؟ قەتئىي ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئۇنداق بولۇشىنى مەن خالىمايمەن، قويغان تۇتقىنىمنى بىلمەيلا قالدىم. گويا نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغان كىشىلەرگە ئوخشاش، ئۇنىڭ گەپلىرىدىن قارىسا ئۇنداق ئەپتى يوق. شۇنداقتىمۇ ئىشەنمەي نېمە ئامال، بولغۇلۇق بولغان. توۋا، ھەجەپ ئادەملەر بولىدىكەن ھە! پەس، بەكمۇ پەسكەنسىز، راستىنلا ئاشۇنداق قىلدىڭىزما؟ ئاشۇنداق قىلىپ كۆڭلىڭىز قانچە خۇش بولغاندۇ ھە؟ قانچىلىك راھەت

كۆرگەنسىز؟ ئەگەر سىز... شۇنچە زار بولۇپ كەتكەن بولسىڭىز، مېنى ئىزلىسىڭىز مەن سىز ئويلىغاندىنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بېرىشكە تەييار ئىدىمغۇ؟!...

خۇدادىن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ تىلەيمەن.

198X ـ يىل 6 ـ دېكابىر (يەكشەنبە)

نەچچە كۈنلەردىن بېرى خاتىرە يازمىغانىدىم، يېزىشنى خالىمايتتىم. بۈگۈن ئۆزۈمچىلا يېزىشنى خالاپ قالدىم. مەن سىزنى ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئويلايمەن، ئويلىغۇچىلىك يەرلىرىڭىز بارمىدۇ؟ مېنىڭ سۆيۈشۈمگە ئەرزىمىسىز؟ سىزنى قانچە ئۇنتۇيمەن دېگەنسېرى شۇنچە ئەسلەيمەن. ئۇنتۇشقا ھەرقانچە ئۇرۇنساممۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم. بۈگۈن سىزنى چۈشۈمدە كۆردۈم، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ قالدى، ئىختىيارسىز قولۇمغا قەلەم ئالدىم... مەن سىزگە نېمە قىلدىم؟ ئەجەب مېنى خورلىدىڭىز، ئازابلىدىڭىز، مېنىڭ قىلغان ئەقىدىلىرىمگە قانداقمۇ جاۋاب بېرەرسىز؟

198X ـ يىل، 15 ـ دېكابىر (سەيشەنبە)

ئىككى كۈن بولدى. مىجەزىم يوق. «X»، سىز توغرۇلۇق بىر خەۋەر ئاڭلىدىممۇ بولدى، ئازاب دەستىدىن گاراخ بولۇپ ياتقىنىم ياتقان، ئېزىلگىنىم ئېزىلگەن. ئەجەب بولۇپ قالدىم. ھازىرغۇ ئانچە ئاھ ئۇرۇپ كەتمەيمەن. ئاھ ئۇرۇپ نېمە قىلاي! ئۇنىڭ ئاھ ئۇرغۇچىلىك يەرلىرى بارمۇ؟ ئەپسۇس، ئاغزىم ئۇنداق دېگەن بىلەن كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. ۋاپاسىزنىڭ نەرىنى شۇنچە ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدىمكىنتاڭ؟ كۆك كۆزلەرنىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئاشۇ كۆزلەردىن ئۆز ئىقبالىمنى، ئۆز بەختىمنى كۆرەتتىم. ئەمدىچۇ؟ نېمىدەپ سىز بىلەن يۈرگەندىمەن، دەرد تارتاي دەپمۇ؟

198X ـ يىل 22 ـ دېكابىر (سەيشەنبە)

ئۇھ... ئىچىمدىن ئېتىلىپ چىققان ئۇھلاردىن كىشى بىر قاراپلا قانچىلىك ئازابتا ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلالايدۇ. تۇۋا، مەن سىزنى بۇنداق قىلار دەپ ئويلىماپتىمەن. بۈگۈن كۆڭلۈم خېلى ئېچىلىپ قالدى. 18 يىللىق ئۆمرۈمدە كۆرمىگەننى بۈگۈن كۆردۈم، جۇ كىرگەن بولسىمۇ ئاسماندىن قار ئورنىغا يامغۇر چۈشتى. ھاۋانىڭمۇ ماڭا ئىچى ئاغرىغان، تەقدىرىمگە ئېچىنىپ كۆز ياش تۆكۈۋاتقان بولسا كېرەك. سىزنى ئويلاشتىن ئەڭ ئاۋۋال كۆزلىرىڭىزنى ئويلايمەن. ئەقلىم يەتمەيدۇ، بۇ كۆزلەر قايسى ۋاقىتتا مېنى ئۆزىگە شۇنچە ئەسىر قىلىۋالغاندۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا مەن ئاشۇ كۆزلەر ئۈچۈن قانچىلىغان كېچىلەرنى يۇلتۇزلارغا قاراپ خىيال بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزمىگەن؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىغان كۆز ياشلىرىمنى تۆكمىگەن؟ ھايات سەپىرىمدە نېمىدەپ سىزگە ئۇچرىغاندىمەن، ھازىر بولسا سىزدىن ئايرىلىپ قالدىم. ھە دېسە ئۆلۈۋېلىشنىلا ئويلايمەن، بىراق ئۆلۈۋېلىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەسكەن. تۇرۇپ يەنە كەلگۈسىنىڭ بۈگۈنكىدىن ھامان گۈزەل بولىدىغانلىقىغا ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىمەن. چۈنكى سىزدىن ئايرىلغان بولساممۇ مەن مۇشۇ ئاق كۆڭۈللۈكۈم، پاكلىقىم بىلەن دۇنيادا يەنىلا بەختلىك ياشىشىم مۇمكىن.

بىلەمسىز؟ مەن سىزنى مەڭگۈ سۆيەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلغاندا قانچىلىك تولغانغانلىقىمنى، يۈرىكىمنىڭ پۇشايمان ئوتىدا كۆيۈپ، ھىجران ئىچىدە تولغانغانلىقىمنى بەلكىم سىز تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز.

كېچە. ھەممە ئۇيقۇدا، پەقەت مەنلا خىيال ئىلكىدە. جىمجىت ياتاق، ئاق داكىلار تارتىلغان كارىۋاتتىكى قىزلارنىڭ ئۇخلىغان ئاۋازلىرى قۇلاق تۈۋىمدە، ئۈستەلدىكى شام ياتاقنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرىدۇ. دېرىزىلەر قېلىن مۇز تۇتقان، مېنى خىيال باسقان. خىيال قىلغانسېرى مېنى قورقۇنچ باسىدۇ. ئۆمرۈم گويا ئاشۇ قورقۇنچلۇق خىيالىمدىكىدەك بولىدىغاندەك. ئاخىرى خىيالىمنى ئەتەي چالغىتىپ ئۈزۈپ تاشلايمەن ـ دە، كۆزۈمنى چىڭگىدە يۇمۇۋالىمەن. يۈرىكىمنى تۇتتۇم. ئۇ تەقدىر تەرىپىدىن مۇجۇۋېتىلگەن بەختسىز قىزنىڭ ئاجىز، ئەمما تەپتى كۈچلۈك سۆيگۈ ئوتى بىلەن يەنىلا يېنىپ تۇرماقتا. بىراق ھازىر بۇ ئوتلارغا ئازاب ۋە ئېچىنىش ئارىلاشقان. ئۆز ئۆزۈمگە نەسىھەت قىلىمەن:

بولدى، ئۇنى ئۇنتۇغىن! پاك ـ پاكىز ئۇنتۇپ كەتكىن!

بىراق، ئۇنى قانداقمۇ ئۇنتاي؟!

سۆيگۈ دېگەن كۆيۈپ ئۆچىدىغان تېزەك، كۆڭۈل دېگەن زەرگەر ياسايدىغان بېزەك بولمىسا...

ياق، ياق، ئەمدى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس، ئىككىمىزنىڭ بىرگە بولغان كۈنلىرى ئانچە ئۇزاق بولمىسىمۇ، مەن سىزنى تەپەككۇر كۆزلىرىم بىلەن كۆرۈپ ئىلگىرىلىگەنىدىم. سىزنىڭ كۆزلىرىڭىز ماڭا ھاياتلىقنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرىنى

ئۇقتۇرغانىدى. مەن ئۆزۈمنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلغان كۈنلەر ئىيۇنىنىڭ ئاخىرى، يەنى كۈن ئۇزۇن، تۈن قىسقا تومۇز كۈنلىرى بولسا، ئازابلىق كۈنلىرىم دېكابىرنىڭ ئاخىرى، يەنى تۈن ئۇزۇن، كۈن قىسقا كۈنلەر بولدى. ھېچقانداق بىر ئوغۇل بالا ئالدىدا ئېگىلمەس مەغرۇر قەددىم سىزنىڭ ئالدىڭىزدا يادەك ئېگىلگەن. ئۇنى تۈزلەشكە مەندە نە ماغدۇر، نە كۈچ بولسۇن، ھازىرمۇ كۆزۈمدە ياش، قەلبىمدە سېغىنىش. مەن بۇنچە ئازابلانساممۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. بىراق سىزنىڭ ئۇنداق قىلىشىڭىزغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئەمما بولغۇلۇق بولغان، ئىشەنمەي نېمە ئامال، مېنىڭ بەختىم. ئۇنداق ئاتاشقا مېنىڭ ھازىر ھەققىم يوق. بۇ مېنىڭ سىزنى ئاخىرقى قېتىم ئاتىشىم بولۇپ قالار. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن ئەپۇ سورايمەن.

سىزدىن باشقا يەنە بىرىنى ياخشى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەسكەن. ئەمدى مېنىڭ يۈرىكىم ئايرىلىشنىڭ چىدىغۇسىز ۋە دەھشەتلىك ئازابى بىلەن مۇجۇلماقتا. ئەمدى خوش، مېنىڭ بەختىم. سەن مېنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقۇمنى، بارلىق بەختىمنى بىرگە ئېلىپ كەتتىڭ. خەير ساڭا بەخت تىلەيمەن، ئاللا ساڭا مەدەت بەرسۇن. سەن بىلەن بىرگە ئۆتكەن كۈنلىرىم قانداق شېرىن ھە؟ ئەمدىچۇ بۈگۈنكىدەك ئايرىلىش ئازابىدىن تولغىنىپ ياتىدىغان تاڭ ئاتماس كېچىلەر نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ھە؟ ھازىر مېنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقىم خىيال. ئۆزۈممۇ ھەيران، خىيال بىلەن ياشاشنىڭ سىرى نەدىدۇر؟

مەن ھازىر يىغلايمەن، ئازاب ئىسكەنجىسىدە بوغۇلىمەن. كۆزۈمدىن تۆكۈلگەن ياشلار كۆزۈمدىن ئەمەس، يۈرىكىمدىن تۆكۈلىدۇ. ئىنسان ھەقىقىي مۇھەببەتنى چۈشەنگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىدىكەن. لېكىن مەن تولىمۇ كېچىكتىم، ئەمدى سىز يوق. مەن ئەمدى ئەبەدىي يالغۇزلۇق ۋە سېغىنىشنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ تۈگەيدىغان ئوخشايمەن. كىشى چىرايلىق بولغىنى ئۈچۈن سۆيۈملۈك ئەمەس، بەلكى سۆيۈملۈك بولغىنى ئۈچۈن چىرايلىق، دېيىشىدۇ. ئادەم دۇنيادا ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈن ياشىغاندا قەدىرلىك بولىدۇ. ھازىر سىزمۇ ئازابلىنىۋاتامسىز؟ بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ؟ بەلكىم خۇشالدۇرسىز، مەن سىز ئۈچۈن سىزنىڭ كۆڭۈل خۇشىڭىز ئۈچۈن قانچىلىك ئازابلانساممۇ مەيلى، سىزگە ھەرگىز توسالغۇ بولمايمەن. ئېرىشەلمىگەن سۆيگۈ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ياش تۆكەيمۇ؟ ياق، ئۈمىدسىزلىك ئىنساننىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى ئەمەس.

198X -يىل 7 -يانۋار (پەيشەنبە)

خالىس مۇھەببەت غەۋغاسىز، شاۋقۇنسىز بولمايدۇ. بۇ ئايرىلىش كۈنىنىڭ يېتىپ كېلىشى يامغۇرنىڭ يېغىشىدەك ھېچقانداق تەدبىر قوللىنىپ ئالدىنى ئالغىلى بولمايدۇ. بۇ تەقدىر، سىز ۋە مەن بۇنىڭ ئالدىدا ئامالسىز. ئادەم بالىسى بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىمۇ بولدى، ئۆمۈر بويى ئۇنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىدىكەن. كۆڭلۈمدە سىزگىلا باشقا ھېچكىم ھېس قىلمىغان تۇيغۇ بار. ئەڭ شېرىن چاغلارنى جۇدالىقتا ئۆتكۈزگەنىنىڭ نېمە مەنىسى بار؟ قەلبىم بوش ئىدى، سۆيگۈ ئوتى بىلەن ياناتتى، سىزنى نازۇك قامىتىڭىز، كۆك كۆزلىرىڭىز بىلەن كۆز ئالدىمدا كۆرگىنىمدە ھەممە نەرسىنىڭ رەڭگى ئۆزگەردى. نەپرەتلەنگەن ئادەمدىن كەلگەن، كېلىشى مۇمكىن بولغان خەتلەرنى ھەر دائىم قەلبىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىشكە مەھكۇم بولغان تەلەيسىزدۇر. «سېرىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ۋاپاسىز كېلىدۇ. ھەر بىرى كىشىلەرنى تۈرلۈك ئازابلارغا سالىدۇ. ھايات رەسۋاگەرچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس دېگۈچىلەر نېمىدېگەن توغرا ئېيتقان ھە؟!»

كىمنى ئۈمىد قىلسام شۇ يوقىلىدۇ. نېمىنى ياخشى كۆرسەم شۇ ئۆلىدۇ. كۆڭلۈم باشتىن ئاخىر ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ئۆلۈكلىرى بىلەن تولغان. بۇ تەلۋە قىزلارغا گەپ ئاڭلىتىش مۇمكىن ئەمەس. سىلەردەك قۇرۇق سۆلەت يىگىتلەرنىڭ نېمىسىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدىكىنىتاڭ، بىلەلمىدىم.

198X -يىل 10 -يانۋار (يەكشەنبە)

«X»، سىزدىن بۈگۈن شۇنچىلىك رەنجىدىم. كەچتە بارىمەن دېگەندىكىن بارسىڭىز بولمامدۇ ياكى چىقمايمەن دېسىڭىز بولمامدۇ؟ سىزگىمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ، بىراق ماڭا نېمە ئامال؟ سۆيگۈ دېگەن ھەر كىمنىڭ قەلبىدە ئۆزگىچە ياشايدىكەن. باشقىلارنىڭ دەخلى قىلىش ھوقۇقى بولمىسا كېرەك. مەن سىزنى ھازىر ياخشى كۆرمەيمەن ئەمەس، ياخشى كۆرىمەن. بەلكىم ئۆمرۈم بويى ياخشى كۆرۈشۈم مۇمكىن. لېكىن مەن ياخشى كۆرسەممۇ ماڭا ئامال يوق. كۆزۈمدە ياشلار پىلدىرلاپ تۇرغان، مېنىڭ قانچىلىك غېرىبسىنىپ ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيسىز. ۋاي خۇدايىم، مەن نېمىلەرنى يېزىپ كەتتىم ھە! ياق، يازىمەن، قاچان سىز خاپا بولما دېگەنگە قەدەر يازىمەن. چۈنكى مەن شۇن-

داق قىلىشقا ھەقلىق، گەرچە كۆرۈنۈشتە ئۇنداق بولمىسىمۇ. خىيالىم نەدە؟ ئۆزۈم نەدە؟ بىلمەيمەن، بىلىشنىمۇ خالىمايمەن. ئۆيدىن كېلىپ سىنىپقا چىقتىم. باللار تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. سىنىپ ماڭا دوزاخ كۆرۈنىدۇ. ياتاققا چىقىپ خاتىرىنىڭ داۋامىنى يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن. ئىچىمنى قانداقتۇر بىرنېمە تاتىلىغاندەك، بىرنېمە قىرغاندەك قىلىدۇ. ھازىر يەنە سىنىپقا چىقاي. ئولتۇرسام ئېزىلىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. بۇنداق ئولتۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى، سىنىپقا چىقاي. بەلكىم مېڭەم ئېچىلىپ قالار.

مەندە ھەممىنى تاڭ قالدۇرغىدەك گۈزەل چىراي بولمىسىمۇ گۈزەل قەلبنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ!

198X ـ يىل 15 ـ يانۋار (جۈمە)

بۈگۈن ئەجەب ئۇچرىشىش ھە! بۇنداق ئۇچرىشىش ھېكايە، رومان ياكى كىنولاردىلا بولىدۇ، خالاس.

ئۇ سۆيگىنى بىلەن ئالدىمدا پەيدا بولغاندا كۆز ئالدىمدىكى بارلىق نەرسىلەر ئايلىنىپ كەتكەندەك بولدى. سىلەر ھېچ ئىش بولمىغاندەك شۇنچە پەرۋاسىز... مەنچۇ، شۇنچىلىك تىترىدىمكى، ئۆزۈمنى تۇتۇلماي جالاقلاپ كەتتىم. مېنىڭ سىزنى ئۇچراشتۇرۇش خىيالىم بار ئىدى. لېكىن بۇنداق بىر قىزنى قولتۇقلىغان ھالەتتە ئۇچرىتىشنى ئويلىماپتىمەن. بۇنىڭغا ئەپسۇسلىنىپ ئولتۇرمىدىم. ئەلەملىك كۈلۈپلا قويدۇم، خالاس. بۇ ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولسا كېرەك.

بۇنداق بولغىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى. بولمىسا قاچانغىچە ئۆز كۆڭلۈمنى بەزلەپ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئالداپ يۈرەتتىمكىنتاڭ. كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ھېچقانداق مەنىنى ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن كۆزلەر بىلەن ماڭا قاراپ قويدى، مەن ئۇنىڭغا قارايمەن، پۇشايمان، ئەلەم، دەرد بىلەن. كىنودىن قايتىپ كېلىپ گۈلنۇرنىڭ قېشىغا كىردىم. بىراق ئۇ يوق. مېھراينىڭ يېنىغا كىرىپ قانغۇچە يىغلىدىم. يىغلاپ، يىغلاپ، ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئويغىنىپ قارىسام خېلى ۋاقىت ئۇخلىغان ئوخشايمەن. كۆز ئالدىم ئايلىناقتا. بولدى، بۈگۈندىن باشلاپ سەن توغرۇلۇق ھېچنېمە ئويلىمايمەن. مەن بۈگۈن، پەقەت بۈگۈن سەندىن ھەقىقىي ئايرىلدىم.

198X ـ يىل 20 ـ يانۋار (چارشەنبە)

بۈگۈن ئىچىم خويمۇ سىقىلدى، كىملەرنىدۇر تىللىغۇم كەلدى. نېمانداق تەرسا بولۇپ كەتكەنمەن. «X» سېنى ئىككىنچى ئاغزىمغا ئالمايمەن دېگەنىدىم.

ئەپسۇسكى، بۇنىڭغا ئارانلا بەش كۈن چىدىدىم. چىدىمايدىكەنمەن، ئۇنداق قىلالىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ياش تۆكۈلۈپ كۆزلىرىم قۇرۇپ كېتەي دېدى، ياش تۆكۈشكە ئەرزىمسەن؟ ئىسىت ئەقىدەم!...

198X ـ يىلى 22 ـ يانۋار (جۈمە)

سۆيگۈدە كۆڭلى ـ كۆكسىنى كەڭ تۇتماق كېرەك. ئەي نادان قىز، يولۇڭدىن قايتقىن، بۇ سۆيگۈ ساڭا ھېچقاچان مەنسۇپ بولمايدۇ. بۇ ئۆزۈمنىڭ خىتابى، ئەمەل قىلاي. مەن ھەقىقىي بەختكە ئېرىشتىم، چۈنكى دوستۇم ماڭا بىرىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشنىڭ ئۆزى بىر بەخت دېگەن.

198X ـ يىل 27 ـ يانۋار (چارشەنبە)

بۈگۈن 1 ـ مەۋسۇم ئاخىرلاشتى. بۇ كۈنلەرنى قانداق ئۆتەر دەپ ئويلىغانتىم. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى. كۈن دېگەن مۇشۇنداق ئۆتسە بەش يىل دېگەن ھېچگەپ بولمىسا كېرەك. بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇش ھاياتىم بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئېچىنىشلىق كۈنلىرىمنى بىرگە ئۆتكۈزدۇم.

«سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئۇسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ» دېگەنىدىڭ. دېگىنىڭدەك بولدى، ئاخىر سەن كەتتىڭ، ئۇ كۈنلەردىن پەقەت ماڭا مەڭگۈلۈك ئازابلا قالدى... مەن بەزى كۈنلىرى ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىدىم. بىراق ئادەم ئاغزىدا دېگەن ئۆلۈۋالماق تولىمۇ تەس ئىكەن، تەقدىر ئالدىدا ئامالسىز مەن.

198X ـ يىل 13 ـ فېۋرال (شەنبە)

بۈگۈن سىلەرنىڭ ئۆيگە كىردىم. ئانىڭىز چاقىرتقانىكەن، سىزگە ئاچچىقىم بولغان بىلەن ئاپىڭىزغا ئامراق ئىدىم. سىز ئۆيدە ئىكەنسىز. «باغىقىڭىزنى ئالدىڭىزمۇ؟» دېدىڭىز، ياق. بۇ ۋاقىتتا سىزگە ئېسىلىپ تازا بىر يىغلىغۇم كەلدى. بىراق ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، چۈنكى بۇ يەردە ئاپىڭىزمۇ بار ـ دە! قايتىپ چىقىپ كىرلەرنى يۇيدۇم، كىرلەر بىلەن تەڭ دىلىم يۇيۇلۇپ كەتكەندەك بولدى...

198X ـ يىل 17 ـ يانۋار (چارشەنبە)

بۈگۈن سېنىڭ توپۇڭ بولدى، مېنىڭ ئۆلۈمۈم. ئەسلى مېنىڭ بولغان سەن، ئەمدى خەقنىڭ. بىر كۈن بېشىم قۇرۇمىدى. ئىككى دوستۇم كەپتىكەن، شۇلارغا ھال ئېيتىپ يەتكۈچە يىغلاپتىمەن. كەچتە تانسىغا بېرىپ قايتتىم. مۇزىكا ساداسى ياڭرىغان زال. قې-

شىگدىن ئۆتكەندە بەدىنىمنى گويا خەنجەر تىلغاندەك تولغىنىپ كەتتىم. ئەلەمدە ئۆزۈم قىلچە ياخشى كۆرمىگەن بىرىگە «ماقۇل» دېدىم. ئۆيگە كىرىپ ياتتىم. يېتىش بىلەن تەڭ يىغلىدىم. قىزبالا ئەجەب ئاجىزكەن، قىلغان ئىشىمغا پۇشايمان قىلدىم.

198X ـ يىل 9 ـ مارت

مەندىن ياخشىنى تاپساڭ،
ئۇنتۇپ قالارسەن.
مەندىن ياماننى تاپساڭ،
ئەسكە ئالارسەن.

بۈگۈن ساراڭدەك قويغان تۇتقىنىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. سەۋەبى تۈنۈگۈن «X»، سىزنى يىراقتا كۆرۈپ قالغانىدىم. خېلى ئۇنتۇپ قالدىم دەپ چوڭ سۆزلەپ يۈرگەنىكەنمەن. يىراقتىن كۆرگەنگە بۇنچە بولسا يېقىندىن كۆرسەم ئالجىپ قالىدىغان ئوخشايمەن. ئەجەب ئىشلار ھە!

198X ـ يىل 12 ـ مارت

بۈگۈن ياتاقتا يالغۇز مەن. ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ تەسۋىرى گاھى غۇۋا چۈشتەك، گاھى روشەن مەنزىرە ھاسىل قىلىپ كۆز ئالدىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە. كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ پارچە ـ پارچە كارتىنىلىرى.

بۇرۇن مەن سىزنى كۆرگەندە ئۆزۈمدىكى ھېسسىياتنى پەقەت قىزلاردىلا بولىدىغان ئۆتكۈنچى ھېسسىيات، چاقماقتا ئوخشاش يېنىپلا ئۆچىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. كېيىن ھېس قىلدىم، مەن سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىكەنمەن. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى، مېنىڭ ھېسلىرىم ئۆتكۈنچى ئەمەس، مېنى ھېچقانداق كۈچ مەغلۇپ قىلالمايتتى، سىزدىن رايىمنى قايتۇرالمايتتى. مەن ئۆزۈمگە، قىزلىق غۇرۇرۇمغا، پاك ۋىجدانىغا ئىشىنەتتىم. بۇ ئىشەنچىم مېنى سىزنى ياخشى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلغانىدى. مەندە ئىنتىلىش ۋە جۈرئەت بار، بىراق ئۇنى سۆزلەيدىغان تىل يوق. سۆيگۈ ئۈچۈن ئىسپات كېرەك. سۆزۈمگە ئىشەنمىسەڭ يۈرىكىمنى تىڭشا. يۈرىكىمنىڭ ياڭراق سادالىرىغا قۇلاق سال. ماڭا ئىشەنگىن، يۈرىكىمنى تۇتۇپ باق. مۇھەببەت ھەممىلا كىشىگە مەنسۇپ بولىۋەرمەيدۇ. ئۇ پەقەت ھاياتنى چىن قەلبىدىن سۆيگەن، ۋىجدانلىق، ۋاپالىق كىشىلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ. سۆيگۈ ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ شېرىن، بىباھا ئارزۇسى، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئېسىل جەۋھىرىدۇر.

مەن ھاياتنى سۆيەتتىم، بەختنى ھايات ئۈچۈن كۈرەش، مۇھەببەتنى ئىنسانلار ئارىسىدىكى مېھرىبانلىق دەپ چۈشىنەتتىم. مەن ھەرقانداق بىر كىشى قەلبىدە پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ مۇھەببىتى سىغىدۇ دەپ ئويلايتتىم. ئەگەر ئۇ سىز ئارزۇ قىلغاندەك پاك، ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق قىز بولسا مەن ئىككىڭلارنىڭ بەختنى كۆرۈش بىلەن بەختلىك بولاتتىم. مەن سىزنىڭ نابۇت بولىۋاتقان مۇھەببىتىڭىزگە ئېچىنىمەن. رەھىمسىز تەقدىر مېنى ۋەيران قىلدى. پېشانەمگە پۈتۈلگەن قىسمەت مۇشۇمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا يارالغانمىدىم؟

ھەر قېتىم سىزگە باققىنىمدا ئۆلسەم يەرنىڭ، ئۆلمىسەم سېنىڭ دەپ ئويلايتتىم. ئۇتلۇق سۆيۈشلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. سۆيگەن يىگىتى تەرىپىدىن سۆيۈلۈۋاتقان قىزنىڭ قەلبىدىكى شادلىق ھېسلىرى نەقەدەر پاك ۋە گۈزەل ھە!

لېكىن، بۇ كۈنلەر ماڭا مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولالمىدى. خۇددى ئەتىگەن ئېچىلىپ كەچتە توزىغان سەھەر گۈلىدەك توزۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ياپراقلىرى ھەر تەرەپكە چېچىلدى...

ھاياتىمنى سىز ئۈچۈن بېغىشلىدىم. بۇ يولدا ھالاللىق، ساداقەتلىك بىلەن كۈرەش قىلدىم. ئاخىرى نېمە بولدى؟ گۈل تېرىسام تىكەن ئۈندى. ئەقىدىلىرىم قەدىرسىز خەستەك تۇپراقتا كۆمۈلدى، ئەجرىم زايا كەتتى. مەن ھاياتىمدا ئەڭ ئەزىز، ئەڭ بۈيۈك نەرسىلىرىمنى يوقاتتىم.

مەڭگۈلۈك بەختسىزلىك مېنى ئۆز پەنجىسىگە ئالدى. ئاھ، بۇ بەختسىزلىك ھېچبىر بەندىدە ماڭا ئوخشاش تەقدىر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن قايغۇلۇق مىنۇتلاردا تۇغۇلۇپ قالمىغاي.

بۇلارنى يېزىپ نېمە قىلاي! يازساممۇ سىز كۆرەمتىڭىز! سىز ئۇقۇيالمىغان بۇ خاتىرىنى خۇددى ساراڭدەك پەقەت سىز ئۈچۈنلا يېزىپ سىز ئۈچۈن تولدۇرۇۋاتىمەن. ئىنسان قەلبى سىزنىڭكىدەك قارا بولمىغاي، ياق، سىزنىڭ قارا ئەمەس، بەلكىم ئاچچىقىمدا ئاشۇنداق دەپ قويغان بولۇشۇم مۇمكىن. ھېچنەرسىگە قارىماي سىزنى يەنىلا پاك دەپ ئويلايمەن، بۇمۇ بەلكىم ئۆز كۆڭلۈمنى خۇش قىلىش ئۈچۈندۇر.

«ئېسىگدىن چىقىرىپ خۇش بولساڭ مەيلى،
ۋە لېكىن ئۇنتالماي چەكمىگىن ئازاب.»

# تاغدىن ـ باغدىن

( نەسرلەر )

**ئەسقەر يۈسۈپ**

غايەت زور پاراخوت TITANIC نى كىشىلەر مەڭگۈ چۆكمەيدۇ دەپ ئىشەنگەن. بىراق ئۇ بىرىنچى سەپىرىدىلا كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىنى يوققا چىقاردى. تۇرمۇش مۇرىۋەتلىك ئادەمنى چاقىرماقتا.

پۇلنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىش ئۈچۈن دوختۇرخانىدا يېتىش كېرەك. دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرۇۋاتقان كۈن نۇرىغا قاراپ ئۆپكىدەپ يىغلىغۇڭ كېلىدۇ...

ئەرۋاھ بىلەن پەرىشتىنىڭ چەك ـ چېگرىسى مېنى دائىم ئويلاندۇرىدۇ. بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقان يەر شارىدا ئەزەلىيلىك مەۋجۇتمۇ؟ قورقۇش ئىمانىي زەئىپلىكنىڭ بەلگىسى. مەن بىلىدىغان بىر قىزنىڭ ئىسمى گۈلخان. ئۇ ھازىرغىچە كۆيۈپ ـ كۆيۈپ ئۆچمىدى.

تەبىئەتنى ئۆزگەرتمەكچى بولدۇق، بىراق تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرى بىزنى جازالىدى. تۇرمۇشقا قائىدىلەرنى تاڭدۇق، ئەمەلىيەتتە تۇرمۇش بىزنى ئۆزگەرتتى.

مىلادىيە 21 ـ ئەسىر، بىز مۇشۇ دەۋرنىڭ ئادىمى بولغانلىقىمىزدىن پەخىرلىنىمىز. بۈيۈك ۋەزىپىلەرنى يۈكلىگەن يىل كارۋانلىرى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بىز دەل مۇشۇ قىسمەتلەرنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزىمىز.

قۇربان ھېيت كېلەي دەپ قالدى، دادام بىلەن نامازدىن قايتىپ كېلىپ قان ئاققۇزىمىز. ئۇششاق بالىلار چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ كېلىپ ھېيتلىق سورايدۇ، كۆزۈمگە لىققىدە ياش ئېلىپ ئۇلارنى تۇرىتىپ قويىمەن...

ئوق تەگكەن ئادەمنىڭ ئىڭراشلىرىدىكى بېشارەتنى بىلىپ قالدىم. بىر قەدەملا نېرىدا يۈرەكنىڭ پارە ـ پارە بولۇپ تىتىلىشىنى كۆرگەنمەن. جان بىلەن جەسەت ئارىلىقىدا ئىنسانلار يىراقتىنمۇ، يېقىندىنمۇ كۆرەلمەيدىغان بوشلۇق بار ئىكەن.

مەنمۇ ئىلگىرى نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشكەنىدىم. لېكىن بۇنىڭغا خوتۇنۇم ئىشەنمەيدۇ. زامان ـ زامانلاردىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئەقىللىقلەر خارلىنىپ، نادانلار ئەتىۋارلىنىدىغان، ئاتنى جوۋازغا، كالىنى مەپىگە قېتىپ قويۇپ تاماشا كۆرىدىغان، بۇلبۇللار ھوقۇشتىن ناخشا ئۆگىنىدىغان، بۆرىلەر ئىتقا ئەگىشىپ، مۈشۈك چاشقاندىن نەپ سورايدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ كەلگەن. زاماننىڭ گۆھەر تونۇيدىغان كۆزى بولمىغاندىمۇ ئاقىللار گۆھەرچىلىكنى تاشلىمىغان. زامان گۆھەرچىنى توپىغا كۆمۈپ، گۆھەرنى تاش بىلەن چاققان، قاپقان دەستىدىن ئېپار بۇغىلىرى تاغ ـ چۆللەردە ياۋايىلىق ۋە يېگانىلىقتا ياشىغان، ئېشەك ئامان قالغان.

سىز چىملىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ بۇ تەرىپىگە قارىسىڭىز، ئۆزىڭىز تۇرغان يەردىكى چىملىقنىڭ ئانچە كۆك ئەمەسلىكىنى، بۇ تەرەپتە تۇرۇپ ئۇ تەرەپكە قارىسىڭىزمۇ ئۆزىڭىز تۇرغان يەردىكى چىملىقنىڭ ئانچە كۆك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىسىز، ئەپسۇسكى، بۇ بىلىشىڭىزنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تەن ئالغۇڭىز كەلمەيدۇ...

مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئادەمنىڭ بارمىقىدەك چوڭلۇقتا پۇتى بار بىر يوغان قارامتۇل ئۆمۈچۈكنى ئۆلتۈرۈپ قويغان. ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ مېنى قوغلاپ يۈرۈپ چېقىۋېلىشىدىن بىر ئۆمۈر ئەنسىرەپ يۈردۈم. مېنىڭ باشلىقىم «قورساق ئاچقاندا نان يېيىش كېرەك، ئادەملەر پۇتى بىلەن ماڭىدۇ، بىر ھەپتىدە يەتتە كۈن بار...» دېگەندەك تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ھازىرمۇ «كەچ بولمىسا كۈن پاتمايدۇ...» دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇرىدۇ. سەن سوۋغا قىلغان بىلەيزۈكلەر قولۇمدا چېچەكلىدى...

تاشنى تاش بىلەن سىلىقلاپ يۈرەك شەكلىگە كەلتۈرۈشنىڭ قانچىلىك راھەت ئىكەنلىكىنى بىـ

لەمسىز؟ باشقىلارنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزى قىلمايدىغان، كىشىلەرنى يامان ئىشتىن توسۇپ ئۆزى ئۇنىڭدىن يانمايدىغان ئادەمنىڭ ئېغىر دوزاخ ئازابىغا ئۇچرايدىغانلىقى ھەدىستە بايان قىلىنغان. دېمەك، بۇ ئالەمدە نۇرغۇن تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە كۆلكىلىك ھالدا يول قويۇلغان.

بېلىق تۇتقىلى بارمىسام ئاچ قالىمەن، تۇتقان بېلىقىمغا قورساق تويمايدۇ. دادامۇ بېلىقچى ئىكەن. كېمىچى بولاي دەپ دېڭىزغا ئاتلانسام ئائىلەم يالغۇز قالىدۇ. ئائىلەمنى قامداي دېسەم دېڭىزغا چىقىشىم كېرەك، بىراق...

ئىنساننى بۇيۇكلۇككە سازاۋەر قىلىدىغان ۋە ناپاكلىققا باشلايدىغان نەرسە ئىنساننىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ. ئەپسۇس، ھەممىمىزنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق...

# نەسرلەر

ئابدۇرېشىت بارات (لويغاقى)

## تاڭغا ئۇلاشتۇق

يورۇقلۇق ئىزلەپ تاپقان قۇياش كۆرسەتكەن مەۋجۇداتلارنى قاياقلارغا مۆكتۈرۈپ قويدۇڭ ئەي كېچە؟ ئاسمىنىڭدىكى ساناقسىز يۇلتۇزلارنى نەدىن ئوغرىلىدىڭ ئەي كېچە؟ سەن ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنى چىراغ تۈۋىدىن يۆتكەپ ئۇيقۇ دەرياسىدا ئېقىتالىدىڭ، تۈمەنلىگەن ئارزۇلارنى چۈشلەرگە يىغىپ ھارغىنلارغا ياستۇق ئېتىپ بەردىڭ.

شۇنىمۇ بىلىپ تۇرامدىغانسەن، دەريانى تېخى ئۇخلىتالمىدىڭ. شاماللارنى چۈشلەرگە بۆلىيەلمىدىڭ، قوينۇڭدىكى پىچىرلاشلارنى يوق قىلالمىدىڭ. ئاڭلا، تاڭ خورىزى چىللىماقتا. مەزىننىڭ ئەزانلىرىغا قۇلاق سال. مانا ئەمدى كۈندۈزگە ئۇلاشتۇق، ھەممە ئايدىڭ بولدى.

## پارچىلار

قەسەملەرگە ئىشەنگىلى بولماي ۋاتقان دەۋردە چۈشلەرگە ئىشىنىپ نېمە قىلىسىز جېنىم؟!

*　　*

يەر شارىدىكى بارلىق «سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز» دېگەن پلاكاتلارنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ خۇددى مەن سىزنى سۆيىمەن دەپ تۇرۇپ سىزنىڭ سۆيۈشىڭىزنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىغا ئوخشايدۇ.

*　　*

دۇنيادىكى ھەممە شۇملۇقلارنى ئادەملەر چىللاپ تۇرۇپ يەنە شۇ ئادەملەرنىڭ ھۇقۇشنى قاغاپ يۈرگىنى بەك كۈلكىلىك بىر ئىش. بۇ مىجەزىمنى بىلىپ قالغان ھۇقۇش قاقاقلاپ بىرنى كۈلگەندىن كېيىن ئاندىن چىللاشقا باشلايدۇ.

*　　*

پاقا ئۆزىنىڭ «قوش ماكانلىق» ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىدۇ. چۈمۈلە بولسا قوش ماكانلىق بولۇپ قالمىغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ.

*　　*

جەسەت ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىل جەسەت يەرنىڭ تېگىگە دەپنە قىلىنىدۇ؛ ئەڭ خەتىرى ئىككىنچى خىلدىكى جەسەت بولۇپ ئۇ تىرىك جەسەتلەردۇر. ئۇ مەنىۋى دۇنيانىڭ گۈزەللىكىدىن مەھرۇم بولغان بىلەن گېزى كەلگەندە سېنىمۇ جەسەتكە ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ.

*　　*

مەن بىر قېتىم، نامازشام ئارىلاش باغنىڭ شورىسى تەرەپتىن چىققان نىگارىمنىڭ «ئۆھۆ» دېگەن كالتە يۆتىلىدىنمۇ ياخشىراق ناخشا مۇزىكىنى ئاڭلاپ باقمىدىم.

*　　*

بارلىق ئۇنۋانلارنىڭ ئىچىدە ھەممىنى قايىل قىلالايدىغان، خەلقتىن باشقا ھېچقانداق تەشكىلات بېرەلمەيدىغان ھەم ئېلىۋېتەلمەيدىغان ئۇنۋان پەقەت «ئادەملىك» ئۇنۋانىدۇر. ئۇنى تالىشىپ ياكى ئارقا ئىشىكتىن ئالغىلى بولمايدۇ.




**بېرنار دادىي** (پىل چىشى قىرغىقى جۇمھۇرىيىتى)

ئىنسان ئۆمۈر بويى بەخت قۇشىنى تۇتۇۋېلىشقا ئىنتىلىدۇ، بىراق ئۇ «پىر» قىلىپ قولدىن چىقىپ كېتىۋېرىدۇ. بەختنى تۇتۇش قاراڭغۇدا ئوتقاش يېقىپ، قىسقۇچ پاقا تۇتۇشقا ئوخشايدۇ.

* *

بەزى ئادەملەر بەختلىك بولۇشقا قابىل ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشقا ئادەملەرنىڭ بەختىگە زامىن بولۇشىدۇ.

* *

بەختلىك بولۇشقا ھەممە قابىل، لېكىن بەختنى تونۇۋېلىشقا ھەممىلا ئادەمنىڭ دىتى يەتمەيدۇ.

* *

ئېزگۈلۈك، ھەمدەردلىك ۋە مېھرىبانلىق ھەقىقىي تۈردە كۈچلۈك ئادەملەرگە خاس.

* *

غەم شۇقەدەر سېخىيكى، ئۇنىڭ بىر تامچىسىنىمۇ قالدۇرماي شۇمۇرۇشىمىزگە ئىمكان بېرىدۇ.

* *

ئۇزاق ۋاقىت بەختسىز بولغانلار بەختسىزلىكتىن چۆچۈمەيدۇ.

* *

بېشىغا چۈشكەن تۈرلۈك ـ تۈمەن تەشۋىشلەر مەنىۋى ئىزتىراپلار بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندىلا ئىنسان ئىنسان بولىدۇ.

* *

سىناقلار بىزگە شۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر تۇيۇلىدۇكى، بىز ئۇلارغا بويسۇنۇشقا مەجبۇرمىز. شۇ سەۋەبتىن بويسۇنىمىزكى، ئۇلار بىزدىن كۈچلۈك بولىدۇ.

ھايات بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئاجرالماس ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەسلىك ئادەمنى زەئىپلەشتۈرىدۇ.

* *

يەرنىڭمۇ يۇلتۇزى بار، ئۇلار بىزنىڭ دانىشمەنلىرىمىز. ئۇلار ئارقىسىدىن ساناقسىز تۈپنى، شۇ جۈملىدىن بىزنىمۇ ئەگەشتۈرۈپ يۈرىدۇ.

* *

خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇلار ئىگىلەپ تۇرغان ھوقۇقنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە باغلىق ئەمەس، بەلكى دانىشمەنلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار پىكىرلىرى ھەمدە پائالىيەتلىرىگە باغلىق.

* *

دانالارنىڭ ۋەزىپىسى بۈگۈنكى كۈننى ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلىشلا ئەمەس، بەلكى كېلەچەك ئاساسلىرىنى بەرپا قىلىش ھەم.

* *

شۆھرەتنى قورال بىلەن ئىگىلەش مۇمكىن، دانالىقنى ـ ھېچقاچان!

* *

ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئادەم ئۆزى ئۈستىدىن بىرىنچى غەلىبىگە ئېرىشكەن بولىدۇ.

* *

مۇتەپەككۇرلار ۋە دانىشمەنلەر خەلق ئۈچۈن شۇنداق يۇلتۇزلاردۇركى، ئۇلار ئەڭ زۇلمەتلىك دەملەردە خەلقنىڭ يولىنى يورۇتىدۇ.

* *

دانىشمەن ھەرقانداق يەردىمۇ پارلاپ تۇرۇشقا تېگىشلىك يۇلتۇزدۇر.

لىشنىمۇ بىلىدۇ.

* *

تۈندىكى سۈكۈنات ۋە ئاسايىشلىق ئادەمگە كۈندۈزى قىلغان ئىشلىرىنى ئويلاپ كۆرۈشكە بېرىلگەن.

* *

بىر قابىلىيەت باركى، ئۇنى ھەممەيلەن ئىگىلەپ ئالمىقى لازىم، بۇ ئاگلىق يوسۇندا قۇربانلار بېرىش قابىلىيىتىدۇر.

* *

بىز ـ ئادەملەر جىمىكى تىرىك مەخلۇقاتلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلمىقىمىز كېرەك.

* *

بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئۇيۇق يېزىق ئۈستىلىنىڭ چېتىدىلا تامام بولىدۇ.

* *

پۇل ـ بويسۇندۇرۇلۇشى كېرەك بولغان كۈچتۇر. لېكىن ئۇ نېمىشقىدۇر ئۆزىگە بويسۇنغانلارنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىدۇ.

* *

يارىماس ئادەملەر پەقەت پۇلنى خۇدا ئورنىدا كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدىن قالغان ئادەملەرمۇ ياۋۇزلۇققا سىغىنىدۇ.

* *

بايلىققا قارىغاندا قاششاقلىقتىن كۆپ ئادەم ئۆلىدۇ.

* *

جەمئىيەتنى قايتا قۇرماق ـ بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ئەڭ ساددا ئادەمگە ھەممە قابىلىيىتىنى نامايان قىلماق ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشتۇر.

* *

ھاياتتا ھەممە ۋاقىت خالىغان نەرسەڭنى قىلالمايسەن، ئەمما ئۆزۈڭ خالىغان ئادەم بولماق ئۈچۈن كۈرەشمىكىڭ كېرەك.

* *

تەزىم؟ ئومۇرتقا ئۈچۈن مەشىق، خالاس. لېكىن ھەرگىزمۇ ئېھتىرام ياكى خۇشپېئىللىق بەلگىسى ئەمەس.

* *

جەمئىيەتتىكى رەسىم ـ يوسۇنلار چاقماق قايتۇرغۇچقا ئوخشايدۇ. ھەممە يېڭىلىقلار شۇنىڭغا ئۇرۇلۇپ پارچە ـ پارچە بولىدۇ.

* *

كۆپىنچە ئۆزىمىزنىڭ بىمەنىلىكىمىز تۈپەيلى قەلبىمىزدىكى ئۇلۇغ ئىشقنى ئۆلتۈرۈپ قويىمىز. بۇنى كۆرۈپ ھەسەتچىلەر خۇشال بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار بەختنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشتىن مەھرۇم.

* *

شەھەر ئادەملەرنىڭ ئىمكانىيىتىنى چەكلەيدۇ. شەھەردە ئەڭ دادىل نىيەتلەرمۇ كونىراپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ.

* *

داھى ھەمىشە ياراتمىقى كېرەك، ھەتتا ئۆلۈمدىن كېيىنمۇ ياراتمىقى كېرەك.

* *

ئادەملەردىكى ئەڭ چوڭ كەمچىلىك شۇنىڭدىكى، ئۇلار ھەممە نەرسىگە ئۆز ئۆلچەملىرى بىلەن ياندىشىدۇ.

* *

ھېچكىم كۈچلۈك ئادەم رولىنى ئويناۋاتقان ئاجىز ئادەمچىلىك خەتەرلىك ئەمەس.

* *

ئىنسان ئۆزىنى كائىناتنىڭ گۈلتاجى دەپ تۇرۇقلۇق، يا تەبىئەتنى، يا ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى زادىلا چۈشەنمەيدۇ.

* *

دەبدەبىلىك گەپلەرنى قويايلۇق، ئاددىي نەرسىلەر سىرتىدىن پەردىلەرنى ئېلىپ تاشلايلۇق، ئېھتىمال، شۇنىڭدا دۇنيا كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالار.

* *

بىز بىرەر دۆلەتكە ياكى بىرەر ئادەمگە قارشى ئەمەسمىز. بىز ئۆزلىرىنىڭ غەرەزلىك مەقسەتلىرى يولىدا ئادەملەرنى ئېزىدىغان ھەرقانداق كۈچلەرگە قارشى تۇرغانمىز ۋە ھازىرمۇ قارشىمىز.

* *

باشقا خەلقلەر ۋە ئىرقلارغا ئۆز مەدەنىيىتىنى زورلاپ سىڭدۈرگىلى بولمايدۇ. جاھاندىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر خىل قېلىپقا سېلىنسا، بۇنىڭدىن قانداق مېۋە ھاسىل بولۇشى مۇمكىن؟

* *

زۇلۇمنىڭ تۈپ ماھىيىتىدە خۇشامەتچىلىك ياتىدۇ.

* *

ئەگەر ئىنساننىڭ ئەركى سېنىڭ قولۇڭدا بولسا، ئۇنىڭ قەلبىمۇ مېنىڭ ئىختىيارىمدا، دەپ ئويلاش خاتا.

* *

بەزىبىر ئاق تەنلىك مۇستەملىكىچىلەر ئىشىنىدۇكى، ئافرىقىلىقلار ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا يارىتىلغان.

* *

ئافرىقا ئۈچۈن ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە بولغان بىردىنبىر نەرسە ئۇنىڭ يېرى ئىدى. يېرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئافرىقىلىقلار شۇ زامان ئۆزلىرىنىڭ كۆپلىگەن ئىمكانىيەتلىرىدىن مەھرۇم بولدى.

* *

دانىشمەنلەر زىممىسىگە ناھايىتى ئېغىر ۋەزىپە يۈكلەنگەن ـ ئۇلار ئىنسانىيەتنى ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرۈپ بېرىشلىرى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىگە تەھدىت سالىدىغان خەتەرلەردىن قورقماسلىقلىرى لازىم.

* *

ئادەملەرنىڭ بىر ئاجايىپ قابىلىيىتى بار: ئۇلار ۋاقىتنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىدۇ ۋە باشقىلارنىڭمۇ ۋاقتىنى ئالىدۇ.

* *

ھەرقانداق بولغىنىدىمۇ ھايات ئۆز ـ ئۆزىدىن گۈزەلدۇر. شۇڭا ئادەملەرنىڭ ئۇنى راسۋا قىلىشلىرىنى كۆرۈپ ئېچىنىسەن.

* *

تەبىئەت شۇنداق بىر كىتابدۇركى، ئۇنىڭدىن ھەر بىر ئادەم ئەقلى يەتكەن جايىنىلا ئوقۇيدۇ.



* *

«سىر» دېگەن نەرسە ئېغىر يۈك. بىز ئۇنى دائىم باشقىلار بىلەن ئورتاقلىششقا ئالدىرايمىز.

* *

خۇدانىڭ يەلكىلىرى قۇۋۋەتلىك، ئۇنىڭغا ھەممىلا نەرسىنى يۈكلىسە بولىدۇ.

* *

كېلەچەك ئەۋلادلارنى ئويلىماي، ۋەتەن توغرىسىدا كۆيۈنمەي ياشىغان ئادەم تەييارتاپ ئۆمرىنى ياشىغان بولىدۇ.

* *

ئافرىقىلىقلار «ياۋروپالىق» دەپلا ئۇلارغا قارشى كۈرەشمىكى لازىم ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرىنى بېقىندۇرغان زالىملارغا قارشى كۈرەشمىكى زۆرۈر.

* *

نىھايەت، ئافرىقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى چۈشىنىپ يەتمىكى كېرەك، ئۆز قەدرىنى بىلمىكى، ناھايىتى زور ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىكى زۆرۈر، ئىنسانىي قەدرىيەتلەرنىڭ ھەممە خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاق ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىكى، بىزنىڭ ئافرىقىمىزنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمىكى لازىم.

* *

نادانلىق ـ ھەممە ئىللەتلەر ۋە كۈلپەتلەرنىڭ ئانىسى.

* *

كۆپىنچە، تەبىئەتنىڭ بۈيۈك كىتابى توغرىسىدا سۆز بولۇنىدۇ. ئەمما بۇ كىتابنىڭ ئۆز ئېلىپبەسى بار، ئۇنى ئۆگىنىپ ئالماق زۆرۈر.

* *

ھەممە نەرسىگە ئىسپات ـ دەلىل تەلەپ قىلىمىز. ھەممىلا نەرسىنى بىلگىمىز كېلىدۇ. لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ھەمىشە ئۇچۇق ـ ئايدىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان نەرسىلەر توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىمىز.

* *

ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئالەم توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرىدىن چىقىپ دۇنياغا قارايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بەزى ئادەملەرنى تەلۋە دەيمىز.

* *

تاشقى ۋەزىيەت بېسىمىنى يېڭىپ چىقالىغان ئادەملا كامىللىق چوققىسىغا چىقالىشى مۇمكىن.

* *

بىغەملىك ـ خەلقلەر ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىكتىنمۇ ئۆتە ھالاكەتلىكتۇر.

* *

بىلمەسلىك ـ يامان ئىللەت، ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ يامانراق ئىللەت بىلىپ تۇرۇپ ئۆزۈڭنى بىلمەسلىككە سېلىشتۇر.

* *

شۇنداق ماختاشلار باركى، ھاقارەتتىن يامان.

* *

كۆپىنچە ھاللاردا ئەڭ ئاددىي ھەقىقەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ھەممىدىن قىيىنراق بولىدۇ.

* *

سۆزلىششنى بىلىدىغان ئادەم ۋاقتىدا سۈكۈت قى-

* *

ھەرقانداق خەلق باشقا خەلق توغرىسىدا ئۆزىگە قاراپ پىكىر يۈرگۈزىدۇ.

* *

ئۇششاق مەقسەتلەرنى كۆزلىگۈچى خەلق شان-شەۋكەتسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ.

* *

غايىلەر ئۇنسىزلىك قوينىدا تۇغۇلغانلىقى سەۋەبىدىنمۇ، پۈتۈن دۇنيانى لەرزىگە سالىدۇ.

* *

ئۇلۇغ پىكىرلەر قارىمۇ-قارشىلىقلار توقۇنۇشىدىن تۇغۇلىدۇ.

* *

يامان ئادەتلەرگە كۆنۈكمىگەن ئادەم - قىرال (خان)دۇر، لېكىن پىكىرسىز ئادەم - قونچاق.

* *

بەزىبىر دوستلار ئەرزان باھالىق چاقماققا ئوخشايدۇ، جىددىي كېرەك بولغاندا يانمايدۇ.

* *

ھەربىر خەلق ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنى بولغاندىن كېيىنلا، ئاندىن يەر يۈزىدە سۆيگۈ ۋە تىنچلىق سەلتەنىتى مەيدانغا كېلىدۇ.

* *

تۇغۇمنى سۆيمەك كېرەك، ئۆلۈمنى سۆيمەك كېرەك، بوشلۇقتىن باشقا ھەممە نەرسىنى سۆيمەك كېرەك.

* *

مەڭگۈ ياشايدىغان ھېچنەرسە يوق. شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا سۆيگۈ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولمىقى كېرەك؟

* *

پەقەت بالىلارلا غەرەزسىز سۆيەلەيدۇ، شۇڭلاشقا، چىن ئاشىق بالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

* *

مۇھەببەت بىر گۈلدۇر. ئادەملەر كۆپىنچە ئۇنى يالغاننىڭ لىباسىغا پۈركەيدۇ.

* *

سۆيگۈ ئىبادەتخانىسىغا يالاڭ ئاياغ كىرىلىدۇ.

* *

مۇھەببەت بۇلاققا ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇ قىيالارنى يېرىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولسا، قۇرۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

* *

ئەركەك ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر ئىش - مۇھەببەتنىڭ تۈگىگىنىگە ئىشەنمەكتۇر.

* *

ئەر - خوتۇنچىلىق كېمىسى مۇستەھكەم قاپلانغان كېمىدۇر، ئەر - خوتۇنلار بولسا ئۇنى سىناپ كۆرمەك ئۈچۈن كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزلىرى بوران قوزغايدۇ.

* *

ئايال ئەتىرگۈلگە ئوخشايدۇ، تىكىنى راسا كۆپ. توغرا، تىكىنى ھەر ۋاقىت پاتىۋەرمەيدۇ.

* *

سۆيىدىغان ئايالنىڭ پىداكارلىقىدىنمۇ يۈكسەك ھېچنەرسە يوق.

* *

ھەتتا كۆكتىكى يۇلتۇزلارمۇ ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئايالدىن دائىم بىر خىللىقنى تەلەپ قىلغىلى بولامدۇ؟ ئاخىر، ئايالمۇ يۇلتۇزغۇ!

(يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلغان)

2000 -يىلى 1 -ئاينىڭ 25 -كۈنى «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى كورلىدا داغدۇغىلىق تەبرىكلەندى. يىغىنغا كورلا دائىرىسىدىن ۋە سىرتتىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. يىغىنغا خوتەندىن ئاتاقلىق شائىر روزى سايىت، ئاتاقلىق يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى، ئۈرۈمچىدىن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئىدرىس بارات، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى قۇربان مامۇت، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ھەبىبۇللا مۇھەممەت، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى پولات ھېۋزۇللا، «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى مۇھەممەت سالىھ مەتروزى، «شىنجاڭ مائارىپى» گېزىتىدىن يالقۇن روزى، «شىنجاڭ سودا گېزىتى» دىن دەريا ھەسەنلەر قاتناشتى ۋە پىكىر بايان قىلدى. يىغىندا كورلىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغان شائىر ھۈسەن روزى تىرىككە تون كىيگۈزۈلدى ۋە مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. يىغىننىڭ كەيپىياتى باشتىن ئاخىر ناھايىتى قىزغىن بولدى.

# 40 مىڭ يۇەنلىك بىر جۈملە سۆز

## لى ۋېيمىڭ

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

بىر كۈنى مەن خىزمەتدىشىم خۇانىڭكىگە بارغاندا، ئۇ تۆۋەنكە چۈشۈرۈلگەن چاغدىكى ئۆي ئىگىسىنىڭ ئوغلى چېن بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. خۇا بىزنى بىرەرقۇر تونۇشتۇرۇپ، چېننىڭ شۇ تاپتا ئوقەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. راستىمنى ئېيتسام، مەن زامانغا لايىق كېيىنىۋالغان، سەھرالىقتەك يۇرىدىغان بۇ تىجارەتچىنى تازا ياقتۇرۇپ كەتمىدىم. شۇنداق بولسىمۇ، ئەدەپ ـ قائىدە يۈزىسىدىن ئۇنىڭ نېمە تىجارەت قىلىدىغانلىقىنى سورىدۇم. ئۇ خىجىل بولماي پو ئېتىپ: «پۇل تاپقىلى بولىدىغانلا ئوقەت بولسا ھەممىنى قىلىمەن» دېدى ھەمدە كۈلۈپ تۇرۇپ قوشۇمچە قىلدى: «لېكىن قانۇنغا خىلاپلىرىنى قىلمايمەن».

مەن سۇسقىنا كۈلۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆپ پاراڭلاشقۇم كەلمىدى. «پۇل تاپقىلى بولىدىغانلا ئوقەت بولسا ھەممىنى قىلىمەن دەيسىنا، ـ دەپ ئويلىدىم مەن، ـ ئۆزۈڭگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كېتىۋاتىسەنغۇ دەيمەن».

كېيىن مەن خۇا بىلەن ئىدارىدىكى بەزى ئىشلار ھەققىدە سۆزلىشىپ قالدىم. خۇا پاراڭ سالغاچ ئولتۇرۇپ بىزگە نەشپۈت ئاقلاپ بەردى. ئاندىن ئەتراپتىن سۇلياۋ خالتا ئىزدەپ، ئاغرىنغان ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى:

ـ شەھەردە ئەخلەتلەرنى خالتىلارغا قاچىلاشنى يولغا قويغانلىقىنى مەن يۈزدە ـ يۈز قۇۋۋەتلەيمەن. لېكىن يۇرۇشلەشكەن مۇلازىمەتمۇ شۇنىڭغا يېتىشىپ مېڭىشى كېرەكتە، قارىمامسىز، ئەرزانىراق سۇلياۋ خالتا سېتىۋالغۇدەكمۇ بىر جاي يوق. بىرنەچچە موچەنلىك سۇلياۋ خالتىغا ئەخلەت قاچىلىسىڭىز زىيادە قىممەت كېتىدىكەن.

مەندىمۇ شۇنداق تەسىرات چوڭقۇر بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئازراق سۆزلەپ قويدۇم.

ـ خۇا تاغا، ئەخلەتنى قاچىلاشنىڭ قانداق ئىشلىكىنى ماڭا دەپ بېرىڭچۇ، مۇشۇ سۇلياۋ خالتا سودىسىنى ئۆزۈملا قىلىۋېتىمەنمۇ تېخى، ـ دەپ لوقما سالدى بىر ياقتا ئولتۇرغان چېن.

شۇنىڭ بىلەن خۇا بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى بېشىدىن ـ يىڭنىسىغىچە ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى .

چېن تېقىمىغا بىرنى ئۇرۇپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە، بازارغا بېرىپ نەرخ ـ باھانى ئۇققۇشۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ـ بارسىڭىز بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭ، ـ دېدى خۇا، ئەمما كەچتە تاماققا قايتىپ كېلىڭ .

كەچتە خۇانىڭ خوتۇنى غىزا ھازىرلاپ قويدى، ئەمما بىز خېلى ساقلىغان بولساقمۇ چېننىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى.

بۇ خوجايىن ئۆزىنى يىتتۇرۇپ قويغان بولمىسۇن يەنە، دېدىم مەن ئەتەي چېقىشىپ.

ـ لاۋلى، ـ دېدى خۇا، ـ قارىسام سىزمۇ ئۇنى ياراتمايۋاتقاندەك تۇرىسىز، ئۇنىڭ يېشى كىچىك بولغىنى بىلەن، جاھانكەشتىلىك قىلىۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى.

ـ شۇنداقمۇ؟ ـ دەپ كۈلۈپ كەتتىم مەن، ـ ئۇنداقتا بۇ خوجايىن بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىم ھەقىقەتەنمۇ ئامىتىمنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى بوپتۇ ـ دە!

سۆزلىشىۋاتساق، ئۇستەلدىكى تېلېفون جىرىڭلاشقا باشلىدى. ئەسلىدە بۇ چېندىن كەلگەن تېلېفونكەن، ئۇ خۇاغا ئۆزىنىڭ كەچلىك تاماققا كېلەلمەيدىغانلىقى، بۇ جەھەتتىن ئەپۇ سورايدىغانلىقى، بازار نەرخىنى ئاساسەن ئىگىلەپ بولغانلىقى، خېرىدارنىمۇ تېپىپ قويغانلىقى، دەرھال قايتىپ بېرىپ مال مەنبەسىنى ئۇيۇشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

شۇ ئىش بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئايالىم كۆكتات بازىرىدىن باھاسى ناھايىتى ئەرزان بىر خىل سۇلياۋ خالتا سېتىۋاپتۇ، تۆت يۇەنگە 100 نى بېرىدىغان بۇ خالتىنى كۆكتات سېتىۋېلىشتا ئىشلەتسىمۇ، ئەخـ

## سودا ھېكايىسى

لەت قاچىلاشقا ئىشلەتسىمۇ بولىۋېرىدىكەن، مەن چىننىڭ ئىشنى يادىمغا ئېلىپ، خۇاغا تېلېفون بېرىپ ئۇنى سورىدىم. خۇا ماڭا كۆكتات بازىرىدا سېتىلىۋاتقان سۇلياۋ خالتىنىڭ تەگىدىن تولىسىنى چىننىڭ ئۇيۇشتۇرۇپ ئەكەلگەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە خۇرسىنىپ قويۇپ:

— لاۋلى، قايىل بولمىسىڭىز بولمايدۇ، بۇ بالا ئېغى ئوچۇق ئىشتان كىيىدىغان چېغىدىن تارتىپلا مېنىڭ ئالدىمدا چوڭ بولغان، ئۇ چاغلاردا بۇ بالىنىڭ قاد-چىلىك يارامىلىق ئادەم بولۇشىنى زادىلا ئويلاپ باق-ماپتىكەنمەن، ئۇنى بەك بولسا ئاتىسىدەك ياخشى دېھقان بولىدۇ دەپلا قاراپتىكەنمەن. لاۋلى، سىز تې-پىپ بېقىڭا، ئۇ مۇشۇ ئىككى ھەپتىدە قانچىلىك پۇل تاپقاندۇ؟

— قانچە پۇل تېپىپتۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

خۇا تېلېفوندا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىدى:

— 40 مىڭ يۈەن، ئىككى ھەپتىدە 40 مىڭ يۈەن. سىز بىلەن بىزدەكلەر 40 مىڭ يۈەن تېپىش ئۈچۈن بەش-ئالتە يىل ئىشلىمىسەك بولمايدۇ. قايىل بولمىسىڭىز بولمايدۇ. لاۋلى، ئەخلەتنى خالتىغا قاچىلاش ئۈچۈرى سىز بىلەن مەن ئۈچۈن بىر تېيىنغا ئەرزىمەيتتى، ئەمما ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈشى بىلەنلا پۇلغا ئايلاندى.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدىم مەن دۇدۇقلاپ، — قايىل بولمىساق بولمايدىكەن.

## سۈكۈنات

(ھېكايە)

**ئېدگار ئاللان پوئى ( ئامېرىكا )**

**مۇھەررىردىن:** ئېدگار ئاللان پوئى (1809 — 1849) جاھان ھېكايىچىلىقىنىڭ ئۇستىلىرىدىن بىرى. ئەمما ئۇ ھېكايىچى-لىقتىمۇ شائىردۇر. ھازىرقى زامان مودېرنىزمچى ئەدىبلىرى، سىمۋولىستلار، سۇررېئالىستلار ئېدگار ئاللان پوئىنى ئۆز-لىرىنىڭ ئۇستازى دەپ ھېسابلىشىدۇ. 19 — ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ فرانسىيە سىمۋولىزمچى ئەدىبلىرىدىن بودلېر، مالارمى قاتارلىقلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى داھىسى دەپ قاراپ زور كۈچ بىلەن ئۇنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ تەسىرىنى پۈتۈن ياۋروپاغا كېڭەيتكەن.

بودلېرنىڭ يېزىشىچە تەبىئەت ئېدگار پوئىدىن ساخاۋەتىنى ئايىمىغان: «ئۇ ئىنساننى مەپتۇن قىلىدۇ، ئويلاشقا، ئارزۇ قىلىشقا ئۈندەيدۇ، قەلبلەرنى جاھالەتنىڭ ئېپلاس پاتقىقىدىن قۇتقۇزالايدۇ... ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك مەنتىقىسىگە ئىگە بولغان غەلەتىلىكنى، ئەسەبلەر ۋە ئەقىل ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى، دەردىنى كۈلكە بىلەن ئىپادىلىگۈچى ئادەملەرنى ھېچكىم بۇ ئەدىبچىلىك تەسۋىرلىيەلمەيدۇ. پوئى سېزىلمەس لەھزى-لەرنى تەھلىل قىلالايدۇ، ئۆلچەنمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆلچىيەلەيدۇ، ئەسەبىي ئادەمنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان ۋە ئۇنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارغۇچى خىيالىي شەپىلەرنى ئەڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىغىچە مۇپەسسەل، ئىلمىي ئاساستا، پۈتۈن دەھشەتلىرى بىلەن تەسۋىرلىيەلەيدۇ».

ئېدگار ئاللان پوئى قىسقا، لېكىن مەزمۇنلۇق ھايات كەچۈردى. ئۇ قىرىق يېشىدا كوچىدا ھوشىدىن كېتىپ قالغان، نېمە سەۋەبتىن ۋاپات بولغانلىقى تېخىچە سىر بولۇپ كەلمەكتە.

تاغ چوققىسىدا غەپلەت ھۆكۈمران،
سۈكۈنات ئىزغىيدۇ غار، قىيالاردا...
ئەلكمەن ( يۇنان شائىرى )

— قۇلاق سال، — دېدى ئىبلىس مېھرىبانلىق بىلەن قولىنى بېشىمغا قويۇپ، — مەن ساڭا لىۋىيە-دىكى بىرتاشلاندۇق ئۆلكە ھەققىدە سۆزلەپ بەرمەك-چىمەن. زەھىرە دەرياسى ساھىللىرىدا سوزۇلۇپ ياتقان بۇ ئۆلكىدە ئاراممۇ، سۈكۈناتمۇ يوق.

دەريا سۈيى زەپىرەڭ، ئۇ دېڭىزغا قاراپ ئاقمايدۇ،

ئەمما قۇياشنىڭ قىزغۇچ شەپىقىدە بىر خىل ئىتائەتسىزلىك مەۋج ئۇرىدۇ، تىنىمسىز دېڭىز دولقۇنلىرى تولغىنىدۇ، پاتقاقلىق ياردا ئىككىلا ساھىلنى بويلاپ سۇلالە گۈللىرى ئىرماش، چىرماش بولۇپ ياتىدۇ. لالىلەر جىمجىتلىقتىن خۇرسىنىۋاتقاندەك رەڭدار، مۇلايىم بويۇنلىرىنى كۆتۈرۈپ، بىر ـ بىرىگە قاراپ باش چايقىشىدۇ. ئۇلار يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ شۇۋىرىغا ئوخشاش ئاللىقانداق چۈشىنىكسىز بىر ئاھاڭدا شىۋىرلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ خۇرسىنىشىدۇ.

ئەمما، بۇ زەپىرەڭ سۇلالىلىرى سەلتەنىتىنىڭ چېكىرىسى بار دەھشەتلىك قاراڭغۇ، دەرەخلىرى كۆككە بوي سوزغان ئورمان ئۇلارنىڭ چېكىرىسى. ئەنە شۇ ئورمان ئەتراپىدا پاكار بويلۇق ئۆسۈملۈكلەر گىبىرىت ئاراللىرى ساھىلىدىكى دولقۇنلاردەك تىنىمسىز چايقىلىپ تۇرىدۇ. لېكىن سامادا شامالدىن قىلچە ئەسەر يوق. ھەيۋەتلىك ياۋا دەرەخلەر بولسا بوران چىققاندەك تىنىمسىز شاۋقۇن سېلىپ گۈرۈلدەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاسمان ـ پەلەك شاخلىرىدىن شەبنەم تامچىلىرى داۋاملىق تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. دەرەخلەرنىڭ يىلتىزلىرى ئۈستىدە زەھەرلىك گۈللەر ئارامسىز مۈگدەك ئىچىدە ئىرمىشىپ، چىرمىشىپ ئۆسىدۇ. سامادا بولسا قارا بۇلۇتلار يۈگۈرۈشمەك ئويناپ، گۈرۈلدەپ، تىنىماي مەغرىبكە ئىنتىلىدۇ. ئېگىزدىن پەسكە چۈشكەندەك ئۇپۇقنىڭ يالقۇنلۇق گىرۋىكىگە گۈلدۈراس چاقماق بولۇپ سىڭىپ يوقىلىدۇ. لېكىن سامادا شامالدىن زادى ئەسەر يوق، زەھىرە دەرياسى ساھىللىرىدا ئاراممۇ، سۈكۈناتمۇ يوق.

قاراڭغۇ كېچە، يامغۇر ياغماقتا ئىدى، ياغقاندا يامغۇر ئىدى، ئەمما دەرياغا قوشۇلغاندا قانغا ئايلىناتتى. ئېگىز سۇلالىلىرى ئۆسۈپ كەتكەن يارلىقتا تۇراتتىم، بېشىمغا قانلىق يامغۇر ياغاتتى، گۈللەر ئۇلۇغۋار خارابىلىقتىن خۇرسىنىپ، بىر ـ بىرىگە قاراپ باش چايقىشاتتى.

بىردىنلا سۇس تۇمان ئارىسىدىن قانغا مىلەنگەندەك قىپقىزىل ئاي چىقتى. ئاي يورۇقىدا ساھىلدىكى ھەيۋەتلىك قارا قىيا كۆزۈمگە تاشلاندى. قىيا رەڭسىز، جانسىز، يۈكسەك ئىدى. قىيا رەڭسىز ئىدى. قىياغا ئاللىقانداق پۈتۈك ئويۇپ يېزىلغانىدى. سۇلالىرى چايقىلىپ تۇرغان يارلىقتىن ئۆزۈپ بېرىپ، تاش پۈتۈكنى ئوقۇش مەقسىتىدە ساھىلغا يېقىنلاشتىم. لېكىن يېزىقنى ئوقۇيالمىدىم. يەنە يارلىققا قايتتىم، ئاينىڭ باغرى يەنىمۇ قانغا مىلەندى، مەن يەنە قىياغا قارىدىم ۋە ئۇندىكى يېزىقنى ئوقۇدۇم: خارابات.

قىيانىڭ چوققىسىغا قارىدىم، چېتىدە بىر ئادەم تۇراتتى، مەن ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى كۆزىتىش ئۈچۈن سۇلالىلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇندۇم. ئۇ قامەتلىك ۋە ئۇلۇغۋار ئىدى، مۈرىسىدىن تاپىنىغىچە قەدىمكى رىم پەرەنجىسىگە پۈركەنگەنىدى. ئۇنىڭ تۇرقى خىرە ـ شىرە كۆرۈنەتتى، ئەمما يۈزىدىن نۇر ياغاتتى. تۈن قاراڭغۇلۇقى، تۇمان ۋە شەبنەمنىڭ سۇس پەردىلىرى ئۇنىڭ چېھرىنى توسىيالمايتتى؛ ماڭلىيى خىياللار بىلەن يورۇغان، نىگاھى تەشۋىشلەردىن تالۋىلەشكەن، پېشانىسىدىكى تەقدىر يېزىقى غەم ـ ئەلەم، ھېرىپ ـ چارچاشتىن سۆزلەر، ئىنسان ئەۋلادلىرىدىن كۆڭلى قالغان ۋە يالغۇزلۇق ئىلكىگە ئالغان قەلب ھېكايىسىنى ئېيتار ئىدى.

ئىنسان تاش ئۈستىگە ئولتۇردى، قولىنى بېشىغا تېرىدى ۋە قارشىسىدىكى خارابىگە قارىدى. ئۇ پاكار، ئارامسىز ئۆسۈملۈكلەرگە، يوغان ياۋا دەرەخلەرگە، گۈرۈلدىگەن سادالارغا تولغان ساماغا، باغرى قانغا مىلەنگەن ئايغا قارىدى. مەن سۇلالىلىرى ئارىسىدا مۆكۈنۈپ ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى كۆزىتەتتىم. ئۇ يالغۇزلۇقتىن تىترەيتتى؛ لېكىن تۈن ئاخىرلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ ھامان قىيادا ئولتۇراتتى.

ئۇ سامادىن نىگاھىنى ئالدى ۋە ئادەمسىز، تاشلاندۇق زەھىرە دەرياسىغا، ئۇنىڭ جانسىز، زەپىرەڭ سۈيىگە ۋە قانسىز سۇلالىلىرىنىڭ سانسىز قوشۇنىغا قارىدى. ئۇ سۇلالىلىرىنىڭ خۇرسىنىشىغا، ئۇلارنىڭ تىنىمسىز شىۋىرلىشىغا قۇلاق سالدى. مەن يوشۇرۇنغان جايىمدا تۇرۇپ ئۇنى كۆزىتەتتىم. ئۇ يالغۇزلۇقتىن تىترەيتتى، تۈن ئاخىرلىشىپ بارماقتا ئىدى، ئۇ ھامان قىيادا ئولتۇراتتى.

شۇ چاغدا مەن يارنىڭ تۆۋىگە چۈشۈپ، پاتقاقلىق ئارىسىدىكى كىچىك ئاراللاردا ياشايدىغان بېگىموتلارنى چاقىردىم. ئۇلار ئاۋازىمنى ئاڭلاپ، قىيانىڭ ئېتىكىگە يېتىپ كېلىشتى. ئاي نۇرىدا ئولتۇرغان ئادەمگە قاراپ دەھشەتلىك ھۆركىرەپ، شاۋقۇن سېلىشتى. مەن گۈللەرنىڭ ئارىسىدا يوشۇرۇنغىنىمچە ئۇنى كۆزىتەتتىم. ئۇ يالغۇزلۇقتىن تىترەيتتى، تۈن ئاخىرلىشىپ بارماقتا ئىدى، ئۇ بولسا ھامان قىيادا ئولتۇراتتى.

ئەنە شۇ چاغدا مەن بارلىق تەبىئەت قۇدرەتلىرىنى ياردەمگە چاقىردىم؛ ھېلىلا شامالدىن ئەسەر بولمىغان

سامادا بوران باشلاندى. بوراننىڭ قەھرى – غەزىپى-
دىن ئاسمان قارىيىپ كەتتى؛ يامغۇر، مۆلدۈر يېغىپ
ئۇنى ساۋاشقا باشلىدى، دەريا ئازابتىن تولغىنىپ
قىرغاقلىرىدىن تاشتى؛ سۇلالىلىرى ئۆزتىراپتىن داد
– پەرياد كۆتۈردى؛ دەرەخلەر بوراننىڭ زەربىسىگە
بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆرۈلۈشكە باشلىدى؛ گۈلدۈرماما
گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ تاغ قىياسى بۆرجەك –
بۆرجەكلىرىگىچە چايقىلىپ كەتتى. مەن يوشۇرۇنغان
جايىمدىن ئۇنى كۆزەتمەكتە ئىدىم. ئۇ يالغۇزلۇقتىن
تىترەيتتى، تۈن ئاخىرلىشىپ بارماقتا ئىدى، ئۇ بولسا
ھامان قىيادا ئولتۇراتتى.

ئەنە شۇ چاغدا مەن غەزەپكە كەلدىم ۋە بارلىقنى
«سوكۇناتقا پات!» دەپ لەنەتلىدىم؛ دەريا ۋە ئۆسۈم-
لۈكلەرنى، شامال ۋە ئورمانىنى، ئاسمان ۋە گۈلدۈرمامى-
نى، خۇرسىنىۋاتقان سۇلالىلىرىنى سوكۇنات نامى
بىلەن «كۆمپەيكۆم بول» دەپ لەنەتلىدىم. بارلىق
نەرسىلەر لەنەتكە ئۇچرىدى ۋە سوكۇناتقا چۆمدى. ئاي
ئاسمان سوقماقلىرىدىن تىرمىشىپ چىقىشنى بەس
قىلدى، گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى، چاقماقنىڭ ئۇچقۇنى
ئۆچتى، بۇلۇتلار تىمتاس ئېسىلىپ قالدى، تاشقىن ئۆز
قىرغاقلىرىغا قايتىپ تاشتەك قېتىپ قالدى، دەرەخ-
لەرنىڭ چايقىلىشى توختىدى، سۇلالىلىرى بىر –
بىرىگە باش ئىرغىتماي، خۇرسىنماي، شۇرلىماي
تۇرۇپ قېلىشتى. بۈيۈك، ھەيۋەتلىك، بىپايان سەھرادا
ھېچقانداق تاۋۇشتىن ئەسەر قالمىدى. شۇندا مەن قى-
ياغا قارىدىم ۋە ئۇندىكى «سوكۇنات» دېگەن يېزىقنى
ئوقۇدۇم.

كېيىن، ھېلىقى ئادەمنىڭ چىھرىگە قارىدىم. ئۇ-
نىڭ يۈزى دەھشەتتىن ئاقىرىپ كەتتى. ئالدىراپ بې-
شىنى كۆتۈردى، پۇتلىرى بەستى تىكلەندى ۋە ئەتراپقا
قۇلاق سالدى. ئەمما بىپايان، چەكسىز سەھرادا «تى-
رىق» قىلغان تاۋۇشمۇ يوق ئىدى، قىيادا بولسا «سۇ-
كۇنات» دېگەن يېزىق بار ئىدى. ئۇ ساراسىمىگە
چۈشتى، ئارقىسىغا بۇرۇلدى ۋە قىيانى تاشلاپ كەتتى؛
شۇندىن بېرى مەن ئۇنى كۆرمىدىم.

تۆمۈر زەنجىرلىك مۇقاۋىلاردا ساقلىنىپ قالغان
قەدىمكى كارامەتچى، ۋولغۇلارنىڭ قايغۇلۇق كىتابلى-
رىدا ئاجايىپ – غارايىپ ھېكايىلەر بار. ئەنە شۇ كى-
تابلاردا يەر ۋە ئاسمان، بۈيۈك توفان تارىخى ھەققىدە،
دېڭىز ۋە ئۇممانلارنى، يەر ۋە ئاسماننى ئىگىلىۋالغان
جىنلار توغرىسىدا ئاجايىپ گەپلەر بار. سىۋىللالارنىڭ
مۇقەددەس ئېمەن ياپراقلىرى شىۋىرلىرى ئاستىدا
ئېيتقان ھېكمەتلىرىنى قەدىمكىلەر جان قۇلىقى بى-
لەن ئاڭلىشاتتى. لېكىن خۇدا ھەققى، ھەممىسىدىن
ئىبلىس قەبرە تېشى سايىسىدە ماڭا ئېيتىپ بەرگەن
ھېكايە ناھايىتى قىزىق ۋە غارايىپ كۆرۈندى! ئىبلىس
ھېكايىسىنى تۈگەتتى ۋە ئوچۇق گۆرگە چۈشۈپ قا-
قاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. مەن ئىبلىسنىڭ كۈلكىسىگە
قوشۇلمىدىم، ئۇ مېنى لەنەتلىدى. چۈنكى مەن ئۇ-
نىڭغا قوشۇلۇپ كۈلمىدىم. گۆردە مەڭگۈ ياشىغۇچى
سىرتلان تاشقىرىغا چىقىپ، ئىبلىسنىڭ ئايىغى ئاس-
تىغا سوزۇلدى ۋە ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قاراپ قال-
دى.

**ئەزىزى** تەرجىمىسى

**تەھرىر بۆلۈمىمىز تەۋەلىكىدە چىقىۋاتقان «تەڭرىتاغ»، «كومپيۇتېر دۇنياسى» ۋە «ئىجادىيەت ۋە ئۇچۇر» ژۇرناللىرىغا مۇشتەرى بولۇشقا ئۈلگۈرمىگەن ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ تېزدىن تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قارشى ئالىمىز. ئۈرۈمچى ئىچىدىكى مۇشتەرىلارغا ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈپ بېرىشكە، سىرتقى جايلارغا پوچتىدىن تېز، ۋاقتىدا ئەۋەتىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىمىز.**

**«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ پارچە باھاسى 4.40 يۈەن، يىللىق باھاسى 26.40 يۈەن. «كومپيۇتېر دۇنياسى» ژۇرنىلىنىڭ پارچە باھاسى 5.00 يۈەن، يىللىق باھاسى 20.00 يۈەن. «ئىجادىيەت ۋە ئۇچۇر» ژۇرنىلىنىڭ پارچە باھاسى 5.50 يۈەن، يىللىق باھاسى 22.00 يۈەن. توپ مۇشتەرى بولغان ئورۇن ۋە شەخسلەرگە باھادا %30 ئېتىبار بېرىمىز.**

**ئالاقىلىشىش ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 – نومۇر**

**ئالاقىلاشقۇچى: ئىمىر ھەسەن**

**ئالاقىلىشىش تېلېفونى: (0991) 2818897 چاقىرغۇ: 8070233 – 98980**

# ئەدەبىي ئۇچۇرلار

## ئىككى رومان ھەققىدە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتاب تارقىتىش بۆلۈمى تۇرسۇنبەگ ئىبراھىمنىڭ «تەقدىر»، باتۇر روزىنىڭ «پىلىسراتتىن ئۆتكەنلەر» ناملىق رومانلىرىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا ئىككى رومانىنىڭ ئاپتورلىرى، ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم ئەدىبلەر ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر قاتناشتى.

«پىلىسراتتىن ئۆتكەنلەر» ناملىق رومانىنىڭ ئاپتورى باتۇر روزى رومانىنى يېزىشتىكى مەقسەت ھەققىدە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

دارۋازلىق «ئات ئۇستى مەدەنىيىتى» دەۋرىدىكى سەزگۈر، چەبدەس، باتۇر، قىزىققان، قارام ۋە مەردانە مىللىي خاراكتېرىمىز ياراتقان سەنئەتكارانە كەشپىيات! ئەگەر بىز چوڭقۇر تەپەككۇر ئىگىسى سۈپىتىدە كۆڭۈل كۆزلىرىمىز بىلەن كۆزىتىشنى بىلسەك، دارىنىڭ ھەر بىر چىكىكلىرىدە ئىنسانغا خاس چەكلىك ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەڭرىگە خاس چەكسىز مۇمكىنچىلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى تراگېدىك توقۇنۇشنىڭ چاقماق چېقىپ تۇرغانلىقىنى بايقىغان بولاتتۇق. قاراملىق بىزنى دار ئۇستىگە ئېلىپ چىققان، سەزگۈرلۈك بىزنى دار ئۇستىدە غالىپ قەدەملەر بىلەن تارتۇقلىغان. ئىنسان پىداكارلىقتا ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ھېسسىيات جەھەتتىن پۈتكۈل ئالەم بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنالىغاندا ئاندىن دارغا چىقالايدۇ، شۇنداقلا ۋايىغا يەتكەن سەزگۈرلۈكىنىڭ ھامىلىقىغا ئۆتەلىگەندە ئاندىن دار ئۇستىدە ماڭالايدۇ. مانا بۇ بىر - بىرىگە تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى خىل روھىي ھالەتنى سۆيگۈ ھارارىتى بىلەن ئېرىتىپ بىر كېچىككە باشلاشنىڭ ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز مول مەنىۋى ئېنېرگىيىگە ئىگە بولغان يۈكسەك مەدەنىيەتنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، پەقەت بىزگىلا خاس بولغان دارۋازلىق سەنئىتى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلگەن ئاچقۇچى ھېسابلانغان ئۇيغۇر ئەنئەنىسىۋى مەدەنىيىتىنىڭ يېگانە ئەۋزەللىكىنى ۋە تەڭداشسىز يوشۇرۇن كۈچىنى نامايان قىلىدۇ! شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر سەنشيا بوغۇزىدا ياراتقان كارامەت مىليونلىغان قەلبلەردە زىلزىلىلىك سۆيۈنۈش پەيدا قىلدى. مەنمۇ ئەنە شۇ مىليونلىغان ھاياجانلانغۇچىلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە تالاي كۈنلەرگىچە مەست بولدۇم. ئىجتىمائىي روھىي ھالەت سۈپىتىدە باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان ئۆزىمىزنى كەمسىتىش كەيپىياتىغا ئەجەللىك سوققا بەردى. ئۇ بىزنى بىر قېتىم ئۆز ئۆزىمىزگە تونۇتتى، شۇنداقلا دۇنياغىمۇ تونۇتتى. ئۇ بىزگە ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ ئاچقۇچى ئۆز مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قاتلاملىرىغا كۆمۈلگەنلىكىدىن بېشارەت بەردى. يېڭى ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا ئۇ بىزگە يۈكسەك سەزگۈرلۈك ۋە چېڭغا چىققان قاراملىق بىرلەشكەن رىقابەت ئېڭىنىڭ يېگانە ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى. ئادىل ھوشۇر رېكورت بۇزمىدى، بەلكى مۆجىزە ياراتتى، ماھارەت كۆرسەتكەندەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئاجايىپ بىر خىل روھنى ئىپادىلىدى. ئادىل بىزگە ھارماي تىرىشچانلىق كۆرسەتسەك ھەرقانداق قىيىن ئىشلارنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. رومانىنى يېزىش جەريانىدا باشتىن - ئاخىر ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادالەت تۇيغۇسى بىلەن تويۇنغان بىر خىل تەڭشەك پەلسەپىسىنى، بەدىئىي تەسەۋۋۇرنىڭ ئاساس رىتىمى قىلىشقا تىرىشتىم، شۇنداقلا دارۋازلارنىڭ جاھانكەزدىلەرگە خاس ئاجايىپ - غارايىپ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەينى يىللاردا مىللەتلەر ئارا يۈز بەرگەن مەدەنىي ئالاقىلەر مۇھىتى ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ، قۇرۇلما بوشلۇقى يارىتىپ بەرگەن ئىمكانىيەت ئىچىدە ئەرەب، پارس، ھىندى ۋە ئىنگلىز مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى جانلىق سېلىشتۇرۇپ، ئۆز مەدەنىيىتىمىزنىڭ يېگانە ئالاھىدىلىكلىرىنى كەۋ-

دىلەندۇرۇپ بېرىشكە تىرىشتىم. ھاياتنىڭ ئۆزى سىپى ئۆزىدىن بىر دار، بىر پىلسىرات كۆۋرۈكى. مېنىڭچە، ھاياتنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەن ئادەم ئەمەس. شۇڭا رومانغا «پىلسىراتتىن ئۆتكەنلەر» دەپ نام قويدۇم.

رومانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىرى مەمتىمىن شىپە بىلەن ھاجى قۇتلۇق قادىرى رومانىنى تەھرىرلەش جەريانىدا ئۆزلىرى ھېس قىلغان بىر قىسىم مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتتى.

«تەقدىر» رومانىنىڭ ئاپتورى تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم رومانىنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە مۇنداق دېدى:

خەلقىمىزنىڭ ئاساسىي قىسمىنى دېھقانلار تەشكىل قىلىدۇ. مەن ئەنە شۇ خەلقنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆزۈم ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى دېھقانلارنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرى ھەققىدە يىرىك بىر ئەسەر يېزىشنى زۆرۈر دەپ قارىدىم. نەتىجىدە «تەقدىر» رومانىنى يېزىپ چىقتىم. روماندا يېزا ھاياتى، دېھقانلارنىڭ جاپالىق، مۇرەككەپ تۇرمۇشى ۋە دېھقانلارغا خاس ئۆزگىچىلىككە ئىگە رەڭگارەڭ كەچۈرمىشلەر ئاساس قىلىندى. مېنىڭچە بىزدەك دېھقان مىللەتكە نىسبەتەن دېھقانلارنى چۈشەنمەسلىك ئۆزىنى چۈشەنمىگەنگە باراۋەر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن روماندا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تىپى سۈپىتىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چەت، ياقا يېزىلارنىڭ بىرىدىكى رېئال ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتىم. رومان يېزىلىپ تولىمۇ ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن، ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندە بۈگۈن يورۇققا چىقتى. شۇنداقتىمۇ مەن تولىمۇ خۇشال.

ئارقىدىن «تەقدىر» رومانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ئۆزىنىڭ رومانىنى تەھرىرلەش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى. يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر رومانىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە ئۆز كۆزقاراشلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. ئاخىرىدا سۆھبەتكە قاتناشقانلار بۇ ئىككى رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا بىۋاسىتە كۈچ چىقارغان شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتاب تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى.

## ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىندى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە رۇس تىلىدا چىقىدىغان ئەڭ نوپۇزلۇق ئەدەبىي ـ بەدىئىي ژۇرنال «دالا» ( ПРОСТОР ) 1993 ـ يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان بولۇپ، 1998 ـ يىلى بۇ ژۇرنال ئۆزىنىڭ 65 يېشىنى ئالاھىدە قۇتلۇقلىدى. مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 65 يىللىق توينى خاتىرىلەشكە بېغىشلاپ چىقارغان 1998 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ «ناخشىلىرىنىڭ ناخشىسى» دېگەن ماۋزۇ بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىلىرى ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرى بولغان ئەنۋەر ناسىرى، قاسىمجان قەمبىرى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندى، نىمشېھىت، ئابدۇكېرىم خوجايوف، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، بوغدا ئابدۇللا قاتارلىق شائىرلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلىرىنىڭ رۇس تىلىدىكى تەرجىمىسى ئېلان قىلىندى.

شېئىرلارنىڭ تەرجىمىسى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرىدىن بىرى نادىژدا چېرنوۋا خانىم تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇپ، نادىژدا خانىم شېئىرلارنى ناھايىتىمۇ يۇقىرى تىل ماھارىتى بىلەن بەدىئىيلىكىگە نۇقسان يەتكۈزمىگەن ھالدا تەرجىمە قىلىپلا قالماي، يەنە شېئىرلارنىڭ بېشىغا قىسقىچە سۆز بېشى يازغان. سۆز بېشىدا يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان شائىرلاردىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئەنۋەر ناسىرى، قاسىمجان قەمبىرى، نىمشېھىتلارنىڭ ھايات قىسمەتلىرى ھەققىدە بىر ـ ئىككى ئېغىزدىن چۈشەنچە بېرىپ ئۆتكەندىن كېيىن، شېئىرلارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان. تەرجىمان ئۆز سۆزىدە بۇ شائىرلارنىڭ ئانا ۋەتىنىنى، خەلقىغە بولغان مۇھەببىتىنى گويا يار، جانانغا بولغان چىن ئەقىدە، پاك سۆيگۈگە تەققاسلاپ، شۇ شەكىلدە ئىزھار قىلغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ.

تەرجىمان بۇ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەيلى ئىدىيىۋىلىكى ياكى بەدىئىيلىك جەھەتتىن بولمىسۇن چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇن، يۈكسەك بەدىئىي ماھارەتنىڭ شەمەرىسى ئىكەنلىكىنى، يەنە بىر جەھەتتىن بۇ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرىلا خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ، قولدىن قولغا، ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ قەدىرلىنىپ، سۆيۈپ ئوقۇلۇپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ كەلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ شېئىرلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ «ناخشىلىرىنىڭ ناخشىسى» دەپ ئاتىغان. شۇڭا ژۇرنال سەھىپىسىگىمۇ شۇ نام ئاستىدا بەرگەن.

# تالانتلىق شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان ئوسمانجان ساۋۇت نازاربايېۋنىڭ دىققىتىنى تارتتى

قازاقىستان پىرزىدېنتى نۇر سۇلتان نازاربايېۋ ئۆز قولى بىلەن ئىمزاسى قويۇلغان بىر پارچە كىتابنى ئوسمانجان ساۋۇتقا سوۋغا قىلدى. بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوسمانجان ساۋۇتنى مەخسۇس زىيارەت قىلدۇق. ئۇ، بۇ جەريانلار ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن قازاق ئەدەبىياتى ۋە قازاق مەدەنىيىتىگە قىزىقىمەن، مەيلى شىنجاڭدىكى قازاقلار بولسۇن ۋە مەيلى قازاقىستاندىكى قازاقلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى قەلبىمدە ناھايىتى ئەتىۋار ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ مەرھۇم ئايالىمنىڭ قازاق بولغانلىقىدىن ئەمەس. ئومۇمەن، تۈركىي خەلقلەر بىر قېرىنداش دەيدىغان مۇشۇنداق بىر كۆزقاراش قەلبىمدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن. بۇ كىتابنىڭ سوۋغا قىلىنىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى مۇنداق.

قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن نازاربايېۋ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق ب د ت پەن - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شائىر فىدورىكو دەيدىغان بىر فرانسۇزنىڭ قېشىغا بېرىپ، «بىز يېڭىدىن مۇستەقىل بولدۇق، بىزنىڭ ئاباي دەيدىغان مۇشۇنداق بۇيۇك بىر مۇتەپەككۇرىمىز بار، بۇ كىشىگە 1995 - يىلى 150 يىل تولىدۇ، شۇنىڭغا بىر خەلقئارالىق خاتىرىلەش يىلى قىلىپ بېرىلسە»، دېگەندىن كېيىن(ئەسلى 150 يىل بولسا بولمايدىكەن، 200 يىل ياكى 300 يىل دېگەندەك پۈتۈن سان بولسا بولىدىكەن، بىراق قازاقىستانغا ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن ) ماقۇل بولۇپ، بۇ ئىشنى رەسمىي بېكىتىدىكەن. يەنى شۇ يىلنى خەلقئارا ئاباي يىلى قىلىپ جاكارلايدىكەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قازاقىستاننىڭ شەمەي دېگەن يېرىدە خەلقئارالىق چوڭ يىغىن ئېچىلدى، شۇ ۋاقىتتا يىغىنغا مېنىمۇ تەكلىپ قىلىنغان، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بارالماي قالدىم، «ئاباي ھەققىدە سۆز» مانا شۇ يىغىندا سۆزلىنىپ كېيىن كىتاب بولۇپ چىقتى. بۇ كىتابتا ئابايىنىڭ قازاق خەلقىگە قالدۇرۇپ كەتكەن مەنىۋى مىراسىنىڭ قازاق ئىدىيولوگىيىسىدە قانداق مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقى، قانداق سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقى، ئابايىنىڭ زادى نېمىلەرنى قىلغانلىقى، قازاق خەلقىگە قانداق يول كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى، شۇنداقلا رۇسلارنىڭ قازاقىستاننى قانداق مۇستەملىكە قىلغانلىقى، قازاقىستاننى قولغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، قازاقلارنى يوقىتىش ئۈچۈن قانداق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى، زېمىننى ۋە ئادەملەرنى قانداق پارچىلاپ بۆلۈپ تاشلىدى، ئۇلارنى قانداق رۇسلاشتۇرۇپ مىللەتنى قانداق ئېچىنىشلىق ھالەتكە گىرىپتار قىلدى دېگەندەك بىر قاتار مەسىلىلەر تەھلىل قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەمدى بىز مۇستەقىل بولغان قازاقىستانىمىزنى گۈللەندۈرۈپ، مەستەقىللىقىمىزنى مەڭگۈ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئېڭىمىزنى، مىللىي غۇرۇرىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پاكىز ساقلاش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك، دېگەندەك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ كىتابتىكى نۇتۇق، خۇددى ماۋ زېدۇڭنىڭ يەنئەن نۇتقىغا ئوخشاش شۇنداق مۇقەددەس، كۈچلۈك يېزىلغان.

ئەسلىدە بۇ نۇتۇقنى مەلۇم بىر شىركەت ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ قىلغانىكەن، ئۇلار مېنى بۇ نۇتۇقنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى ئىشلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى، تەرجىمە قىلىپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتاب نەشر قىلىندى، نەشردىن چىقىپ قازاقىستاندا تارقىتىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندە، پىرزىدېنتمۇ كەپتۇ، كېلىپ شىركەتتە مۇشۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋە سەرمايە بەرگەن جۇڭگولۇق 1 - قول مۇدىرى(خەنزۇ) بىلەن ئورۇن باسار مۇدىرى(قازاق) بىللە بارغانىكەن، ئۈچ كىتابقا نازاربايېۋ ئۆز قولى بىلەن قول قويۇپ بېرىپتۇ، شۇنىڭ ئارىسىدا بىرى ماڭا سوۋغا قىلىنغان كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭغا نازاربايېۋ «ئىزگۇ نىيەت بىلەن ئوسمانجانغا» دەپ قول قويۇپ يازغانىكەن. يېقىندا، مۇختار ئەۋېزوۋ نامىدىكى فوندتىن يەنە بىر چاقىرىق كەلدى، بۇ قازاقىستاننىڭ مېنى تۆتىنچى قېتىم چاقىرىشى. ئۇلار مېنى قازاقىستان ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرۇشتا سىڭدۈرگەن ئەمگىكىڭىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قازاقىستاندا زىيارەت ۋە مېھمان بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز، دېگەن نىيەتلەر بىلەن ئەۋەتىپتۇ.

قىسقىسى، ئۇلارنىڭ سەنئەتكارنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىگە شۇ قەدەر ھۆرمەت قىلىش ئىستىلى مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

(ئەزىزى ، ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان تەييارلىغان)




2000 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنــى
رۈمچــى شەھەرلـــىك 4 ـ دوختۇرخانـــدا
غدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ، ئەخمەتجان
ۇربان يازغان «خروئىن» ناملىق كىتابىنـــىڭ
رقىتىش يىغىنى ئېچىلدى. 30 مىڭ تىراژلىق بۇ
ىتابنى ھەر بىر ۋەتەنپەرۋەر سودىگەرلەرنىڭ
نداق قوللىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ «بەش ئاكا ـ
ۇكا» شىركىتىنـــىڭ دىرېكتورى، ئۈرۈمچـــى
ەھەرلىك «ســـىدا» مېۋە ـ چېۋە چەكلـــىك
ىركىتىنىڭ مەسئۇلىيەت پايچېكـــى ھەسەن
بدۇرېشىت ھاجىم بۇ كىتاب ئۈچۈن 160 مىڭ
يۈەن ئىئانە قىلدى. «سىدا» شىركىتىمۇ ئايرىم
ھالدا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەندىن
سىرت، كىتاب ئاپتورى ئەخمەتجاننـــىڭ بۇندىن
كېيىنكى خروئىـــندىن زەھەرســـىزلەندۈرۈش
تەتقىقاتـــى ئۈچۈن مەخسۇس ئاپتوموبـــىل ۋە
مەخسۇس شوپۇر ئاجرىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتى كىشىلەر ئارىسىدا
چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنـــى
قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق.

سودا بازىرىنىڭ تېلېفون نومۇرى:
5830598، 5820598
چاقىرغۇ: 8008382 ـ 98980
يانفون: 138099432832









جۇڭگو بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن كۆز كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى ھەدىيە ھاشىم ئۇزۇن يىللىق جاپالىق تەتقىقات ۋە كېلىنىكىلىق داۋالاش ئەمەلىيىتى جەريانىدا مىڭلىغان ھەر مىللەت بىمارلىرىنى داۋالاپ ساقايتىپ، كىشىلەر ئارىسىدا «يورۇقلۇق پەرىشتىسى» دەپ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ ھازىرغىچە 3000 غا يېقىن كۆزدىكى ئاقنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى ئىشلىدى. بۇنىڭدا ساقىيىش نىسبىتى %99 كە يەتتى. 400 دىن كۆپرەك گلائوكوما (چىڭگۇاڭيەن) ئوپېراتسىيىسى ئىشلىدى، بۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %96 كە يەتتى. 200 گە يېقىن كۆرۈش تور پەردىسى ۋە ئەينەك تەنچە ئوپېراتسىيىسى ئىشلىدى، بۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %60 تىن يۇقىرى بولدى (بۇ خىل ئوپېراتسىيىلەرنىڭ خەلقئارادىكى ساقىيىش نىسبىتمۇ ئەڭ يۇقىرى بولغاندا %60 تىن %80 كىچە). ھەدىيە ھاشىمنىڭ داۋالاش ئەمەلىيىتىدىن باشقا، يەنە نۇرغۇن ئىلمىي ئەمگەكلىرى بار. يازغان ئىلمىي ماقالىلىرى خەلقئارالىق كۆز كېسەللىكلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا كۆپ قېتىم يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن.

مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ ھەدىيە ھاشىم ھازىر شىنجاڭ قاتناش دوختۇرخانىسى كۆز كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا. بۇ بۆلۈمدە ھازىر 18 نەپەر مەخسۇس كەسىپلەشكەن كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇرى ۋە تېخنىك ھەدىيە ھاشىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە داۋالاش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ بۆلۈمنىڭ داۋالاش شارائىتى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ خەلقئارا بويىچە نوۋەتتىكى ئەڭ ئىلغار ئۈسكۈنىلەرگە ئىگە ھەم 40 دانە كېسەل كارىۋىتى بار.

دوختۇرخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى ئالتاي يولى 30 - نومۇر (7 - يول ئاپتوبۇسىنىڭ قاتناش دوختۇرخانىسى بېكىتىنىڭ يېنىدا)

تېلېفون: 8836869 ئارقىلىق 27365












际标准刊号 ISSN1004—1745 国内统一刊号 CN65—1012/1 邮发代号 58—83 零售价: 4.40元